2

دۆ يىڭتەي

# 36 نەپەر ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى



شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

دۇ يىڭتەي

# 36 نەپەر ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى

## (2)

تەرجىمە قىلغۇچى: ياسىن سېيت

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

بۇ كىتاب جىلىن خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1999 - يىل 9 - ئايدا نەشر قىلىنغان 1 - نەشرى، 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据吉林人民出版社 1999 年 9 月第 1 版第 1 次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: مەسئۇت خالىت
ئىلغارجان سادىق

مەسئۇل كوررېكتورلىرى: ئابلىز ئابباس
دىلىيار تۇرسۇن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

# 36 نەپەر ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى (2)

ئاپتورى: دۇ يىڭتەي

تەرجىمە قىلغۇچى: ياسىن سېيىت

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 - قورۇ، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 850×1168مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 7.375
2003 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى
2003 - يىل 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN7 — 5371 — 4320 — X/I・2009
سانى: 1—2000
باھاسى: 9.50 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# ئاساسي مەزمۇنى

ئامېرىكا XX ئەسىردىكى تەسىر كۈچى ئەڭ زور دۆلەت، ئامېرىكا زۇڭتۇڭلىرى دۇنيادىكى داڭدار ئەربابلار، ئۇلارنىڭ ھەربىر سۆز ـ ھەرىكىتى دۇنيادىكى ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ دىققەت قىلىدىغان قىزىق نۇقتىسى بولۇپ قالغان. لېكىن ئۇلار-نىڭ تەختتىن چۈشكەندىن كېيىنكى تۇرمۇشىدىن ھەممە كىشى خەۋەردار ئەمەس، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پارلامېنت ئەزاسى، بەزد-لىرى ئادۋوكات، بەزىلىرى قورۇق ئىگىسى، بەزىلىرى ئەركىن ماقالە يازغۇچى، بەزىلىرى كىتاب تارقىتىش سودىگىرى، يەنە بەزىلىرى قەلەندەر بولۇپ كېتىپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدا ئاددىي كىشىلەردەك ياشىغان.

تەختتىن چۈشكەن ئامېرىكا زۇڭتۇڭلىرىنىڭ تۇرمۇشى ئا-مېرىكىلىقلارنىڭ كەسكىن رىقابەت مۇھىتىدا ياشاش ئىقتىدارىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. جۇڭگو نۆۋەتتە بازار ئىگىلىكىنىڭ كەسكىن رىقابەت باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئەسلىدىكى ئادەم ئىش-لىتىش تۈزۈمى بۇزۇپ تاشلاندى، ئوخشاش بولمىغان قاتلاملاردا تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان ھەربىر ئادەم جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن كەسكىن تاللاشقا دۇچ كەلمەكتە. قولىڭىزد-كى بۇ كىتاب پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئوقۇشلۇق بولۇپ، كىشىنى رىغبەتلەندۈرىدۇ.

# مۇندەرىجە


**ئون بىرىنچى باب ناشۋىلدا خاتىرجەم كۆز يۇمغان**

— ئون بىرىنچى زۇڭتۇڭ جامېس كىنوكس پولك ........................................ 1

**ئون ئىككىنچى باب ئون ئالتە ئاي داۋام قىلغان زۇڭ-تۇڭلۇق ھايات**

— ئون ئىككىنچى زۇڭتۇڭ زاخارى تايلور ............ 28

**ئون ئۈچىنچى باب ئاخىرقى ئۆمرىنى ھەشەمەتلىك بۇۋفارو قەسرىدە ئۆتكۈزگەن**

— ئون ئۈچىنچى زۇڭتۇڭ مىللارد فىلمور ............ 56

**ئون تۆتىنچى باب ئىسپىرتتىن زەھەرلىنىپ بۇرۇق-تۇرمىچىلىقتا ئالەمدىن ئۆتكەن**

— ئون تۆتىنچى زۇڭتۇڭ فراكلىن پيېرس............ 87

**ئون بەشىنچى باب ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە كىتاب يېزىپ ئۆزىنى ئاقلىغان**

— ئون بەشىنچى زۇڭتۇڭ جامېس بۇخانان ......... 116

**ئون ئالتىنچى باب غايىب ئوق بېشىغا تەگكەن**

— ئون ئالتىنچى زۇڭتۇڭ ئابراخام لىنكولن ...... 144

**ئون يەتتىنچى باب پارلامېنتتا ئازار يېگەن**

— ئون يەتتىنچى زۇڭتۇڭ ئاندورېۋ جونسون ......... 176

ئون سەككىزىنچى باب نامراتلىقتا ئۇلۇغ ئەسەر يازغان
—ئون سەككىزىنچى زۇڭتۇڭ ئۇلىسىس سىمپسون گرانت ...................................... 200

# ئون بىرىنچى باب

## ناشۋىلدا خاتىرجەم كۆز يۇمغان

## —— ئون بىرىنچى زۇڭتۇڭ جامېس كنوكس پولك



جامېس كنوكس پولك 1795 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى شىمالىي كارولىنا شتاتىنىڭ مېكلېنبۇرگ نا. ھىيىسىدە تۇغۇلغان. ئېرلاندىيىلىك. لەرنىڭ پۇشتى، دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان. كىچىكىدىن باشلاپ دېھقانچىلىق ۋە سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان، ئون سەككىز يېشىدا دىنىي جەمئىيەت قارىمىقىدىكى ئوتتۇ. را مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇغان؛

1816 ـ يىلى شىمالىي كارولىنا ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرگەن، ناتىقلىق قابىلىيىتى ئالاھىدە بولغاچقا «مۇنبەردىكى ناپولېئون» دەپ نام چىقار. غان؛

1819 ـ يىلى ناشۋىلدا ئادۋوكاتلىقنى ئۆگەنگەن، ئىككى يىلدىن كېيىن كولۇمبىيىدە ۋىيىسكا ئېچىپ تىجارەت باشلىغان. ناتىقلىق ماھارى. تىگە تايىنىپ پۇقرالار ئۈچۈن ھەققانىيەت ياقلىغان؛

1819 ـ يىلى تېنېسسى شتاتى كېڭەش پالاتاسىنىڭ باش خاتىرىلىگۈ. چىسى بولغان؛

1823 ـ يىلى تېننېسسى شتاتلىق پارلامېنتىنىڭ ئاۋام پالاتا ئەزالىقىغا سايلانغان؛

1824 ـ يىلى باي سودىگەرنىڭ قىزى — سارا چىلدېرس خېنىم بىلەن توي قىلغان. كېيىنكى يىلى فېدېراتسىيە ئاۋام پالاتا ئەزالىقىغا سايلانغان؛

1827 ـ يىلى ئاۋام پالاتاسى تاشقى ئىشلار ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان؛ 1833 ـ يىلى ئاۋام پالاتاسى مەبلەغ تولپلاش ھەيئىتىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن؛ 1835 ـ يىلى ئاۋام پالاتاسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلانغان؛

1839 ـ يىلى تېننېسسى شتاتىنىڭ شتات باشلىقلىقىغا سايلانغان؛

1840 ـ يىلى دېموكراتلار پارتىيىسى تەرىپىدىن مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلگەن، لېكىن سايلامدا مەغلۇپ بولغان؛

1841 ـ يىلى مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلۇق سايلام رىقابىتىدە يېڭىلگەندىن كېيىن، قايتا ئېلىپ بېرىلغان تېننېسسى شتاتى شتات باشلىقلىق سايلام رىقابىتىدە پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان؛

1844 ـ يىلى مەملىكەتلىك چوڭ سايلامدا بىر يۈز يەتمىش ئاۋاز بىلەن رەقىبى كلاينى يېڭىپ ئون بىرىنچى زۇڭتۇڭ بولغان؛

1845 ـ يىلى قىرىق توققۇز يېشىدا زۇڭتۇڭلۇق تەختىدە ئولتۇرغان؛

1849 ـ يىل 3 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن بوشىنىپ يۇرتى — ناشۋىلغا قايتىپ كېتىپ، ئۈچ ئايدىن كېيىن شۇ يەردە كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

## ئاقسارايدىن ئايرىلىش ئالدىدا كۈمۈش توي شەرىپىگە ھاراق زىياپىتى ئۆتكۈزدى

— جامېس، ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ — ھۇجرىنىڭ چىرىغى تولىمۇ غۇۋا ئىدى. يەڭگىل قەدەم ئېلىپ كېلىۋاتقان ئايالىنىڭ سىيماسى ئاقسارايىنىڭ ئىككىنچى قەۋەت ئوڭ تەرەپتىكى زۇڭتۇڭ ھۇجرىسىدا پەيدا بولغاندا، ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىش

ئالدىدا تۇرغان زوڭتوڭ پولك ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇيقۇلۇق كۆز-لىرىنى ئۇۋۇلىدى ۋە پۇزۇر كىيىنىپ ئالدىدا ھازىر بولغان خانىمى — سارا چىلدېرسنى كۆردى.

بۇ 1849 - يىل 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى كەچ كىرگەن مەزگىل ئىدى. ئۆتكەن ئايدىن باشلاپ مەيدىسى ئاغرىپ تۇرغان زوڭتوڭ يېقىندىن بۇيان ئۆزىنى ماغدۇرسىز ھېس قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىنىڭ توشۇشىغا بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت قالغانىدى. ئەسلىدە پولك توختىماي ئىزچىل ئىش قىلىدىغان خاراكتېرگە ئىگە ئادەم ئىدى. ئۇ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئاز قالغان كۈنلەردە قىلماقچى بولغان ھەم قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى تەرتىپلىك، ئېھتىيات بىلەن باشلاپ، كۆڭۈلدىكىدەك تۈگىتىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما ئاجىز تېنى قىيىشقاندەك ئۇنىڭ ئىشلىرىنى راۋان داۋام قىلىشىغا يار بەرمەيۋاتاتتى، ئۇنىڭ تېنى كىچىكىدىن تارتىپلا ئاجىز ئىدى. ئۇزۇن خىزمەت قىلسا، مەيدىسى تۇرۇپ - تۇرۇپ سانجىپ ئاغرىيتتى. ئامېرىكىنىڭ شۇ چاغدىكى داڭدار دوختۇرلىرى ئۇنىڭ ھالىدىن ھەر كۈنى ئوبدان خەۋەر ئېلىۋاتقان بولسىمۇ، شۇ چاغنىڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك داۋالاش تەدبىرلىرى ۋە ئۈنۈملۈك ئاغرىق توختىتىش دورىلىرى ئىشلىتىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ دورىلار پولكنى كېچە - كۈندۈز قىيناپ كېلىۋاتقان ئاستا خاراكتېرلىك بۇ كېسەللىكنىڭ ئازابىدىن خالاس قىلالمىدى. پولك بەزىدە ساق ئادەمدەك جۇش-قۇن قىياپەتتە ئاقسارايدا ياكى باشقا دىپلوماتىيە سورۇنلىرىدا پەيدا بولاتتى. بەزىدە كېسىلى قوزغىلىپ كەتسە مەيدىسىنىڭ تۇرۇپ - تۇرۇپ سانجىپ ئاغرىشىغا چىدىيالماي قالاتتى، ھەتتا بىرىم كېچىلەردە ئاغرىق دەستىدىن قارا تەرگە چۈمۈلۈپ يوتقىنىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ ۋارقىراپ كېتەتتى. بۈگۈن كەچقۇرۇن زوڭتوڭ پولكنىڭ كېسىلى يەنە قوزغالدى. ئۇ ئاغرىق ئازابىغا چىدىيالماي كارىۋاتتا توختىماي دومىلايتتى، دوختۇرلار نائىلاج

ئۇنىڭغا دەرھال ئۇنۇم بېرىدىغان مورفىن تابلېتكىسى بەردى. مەيدىسىنىڭ ئاغرىقى قويۇپ بەردى، ئۇ ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى. قەددى - قامىتى ئىنتايىن كېلىشكەن، ساھىبجامال خانىمى — سارا چىلدېرس كىرىپ ئۇنى ئويغىتىۋەتتى.

— جامېس، كېلىدىغان مېھمانلارنىڭ ھەممىسى زىياپەت زالىغا ھازىر بولدى. كۆپچىلىك سىزنى كۈتۈپ قالدى! …، — چىلدېرس بۈگۈن ئاخشام تولىمۇ چىرايلىق ياسانغانىدى. باي سودىگەر ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ئاقسارايىنىڭ بۇ ئايال خوجايىنى بۈگۈن ئاخشام ئاقسارايدىكى دۆلەت زىياپەت زالىدا كۆكتېپىل ھارىقى زىياپىتى بېرىپ، ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بىلەن ئۆزىنىڭ كۈمۈش توينى تەبرىكلىمەكچى بولۇۋاتاتتى. چىلدېرس 1824 - يىل 1 - ئايدا پولكقا تەگكەن چاغدا، پولك تېننېسسى شتاتىدا ئەمدىلا تونۇلۇشقا باشلىغان ئادۋوكات ئىدى، شۇڭا ئۇلار توينى ناھايىتى ئاددىي، ھەتتا چەت - ياقىغا جايلاشقان شتات چېركاۋىدا ئۆتكۈزگەنىدى. بەخت تىلەش مۇراسىمىغا بىرنەچچىلا دوستلىرى قاتناشقان، تويمۇ ھاپىلا - شاپىلا تۈگىگەنىدى. شۇڭا، دۆلەتمەن ئائىلىنىڭ قىزى بولغان چىلدېرس داغدۇغىسى بولمىغان ئاشۇ توي مۇراسىمىدىن ھازىرغىچە كۆڭلى غەش ئىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئېرىنىڭ پات ئارىدا ۋەزىپىسىدىن بوشىنىپ، ئاقسارايدىن يۇرتىغا قايتىدىغانلىقىنى بىلدى، توي قىلغانلىقىغا يىگىرمە بەش يىل تولغان مۇشۇ كۈندە، چىلدېرس ھەشەمەتلىك ئاقسارايدا يەنە بىر قېتىملىق توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بىرىنچى قېتىملىق توي مۇراسىمىنىڭ كەم قالغان يېرىنى تولدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى، پولك سۇرەتتەك گۈزەل چىلدېرس بىلەن ئۇزۇن يىل بىللە ياشاپ كەلدى، تويدىن كېيىن ئۇلار بالا يۈزى كۆرمىدى، شۇنداقتىمۇ بىر - بىرىگە بولغان مۇھەببىتى ناھايىتى چوڭقۇر ئىدى. ئۇ قولىدا ھوقۇق بار چاغدا خوتۇنىنى ئۆمرىدىكى بىردىنبىر ئارمىنىغا يەتكۈزۈپ قويسا بول-

مامدىكەن؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاقساراي بەنگوۋىتىڭىنىڭ مۇدىرىنى بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلىشقا بۇيرۇدى، كېچەش پالاتا ۋە ئاۋام پالاتا-سىدىكى مۇھىم ئەربابلارغا، ۋاشىنگتوندىكى يۇقىرى تەبىقىدىكى دوستلارغا تەكلىپنامە ئەۋەتىلدى. پولك ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئاياغلىشىش ئالدىدا خوتۇنىنى مۇرادىغا يەتكۈزۈش قارارىغا كەلدى!

— ماقۇل، سارا، مەن كۆپ ياخشى بولۇپ كەتتىم! ئاشۇ قىممەتلىك مېھمانلار بىلەن كۆرۈشكىلى دەرھال پەسكە چۈشەي-لى! — پولك رەپىقىسىنىڭ سەمىگە سېلىشى بىلەن بۇگۇن ئاخ-شام ئاستىنقى قەۋەتتىكى دۆلەت زىياپەت زالىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇھىم بىر پائالىيەتنىڭ رەپىقىسى بىلەن ئىككىسىنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىشىغا قاراپ قالغانلىقىنى شۇئان يادىغا ئالدى. شۇ-نىڭ بىلەن رەپىقىسى دەرھال ئۇنىڭ كىيىملىرىنى كىيدۈر-دى، چاچ - ساقاللىرىنى پاكىز ئالدۇردى. يېرىم سائەتتىن كېيىن پۇزۇر كىيىنگەن پولك بىلەن چىلدىرس بىر - بىرىنى قولتۇقلىشىپ دۆلەت زىياپەت زالىغا كىرىپ كەلگەندە، ھەر-يەر - ھەريەردىن كەلگەن مېھمانلار ئورۇنلىرىدىن «دۇررىدە» تۇرۇشۇپ، ئوتتۇرا ياشقا كىرگەندە كۆمۈش توي مۇراسىمىنى ئۆتكۈزگەن بۇ بىر جۈپ ئەر - خوتۇنغا گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى.

— خېنىملار، ئەپەندىلەر، بۇگۇنكى بۇ سەلتەنەتلىك مەنزىرە ماڭا ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدىكى زۇڭتۇڭ سايلىمىنى ئەسلەتتى! — پولك كۆمۈش توي ھاراق زىياپىتى سورۇنىنىڭ بۇنداق تەنتەنى-لىك بولۇشىنى ئويلىمىغانىدى. گوۋۇيۇەن بىلەن ئاۋام پالاتاسى ۋە كېچەش پالاتاسىدىكى مەشھۇر ئەمەلدارلار ۋە ئۇلارنىڭ خانىملى-رى تولۇق جەم بولۇشقانىدى. پولك خانىمى بىلەن چوغدەك گىلەم ئۈستىدە ماڭغاندا، ئەتراپتىكى كىشىلەر ئۇلارغا رەڭگارەڭ قەغەزدىن ياسالغان چاچقۇلارنى چېچىشتى. پولك ساھىبخانا سۆ-

پىتىدە قولىغا ئىگىز پۇتلۇق رومكىنى ئېلىپ قەدەھ سۆزى قىلـ.
دى، ئۇ ھېچقاچان بۇگۇنكىدەك ھاياجانلىنىپ باقمىغانىدى.
— ھەممىڭلەرگە مەلۇم، مەن پولك كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئاق.
سارايغا كىرىپ كۇمۇش توي مۇراسىمى ئۆتكۈزەرمەن دەپ ئويلاپ.
مۇ باقمىغانىدىم. زۇڭتۇڭ بولۇش خىيالىمغا كەلمىگەنىدى. شۇ.
ڭا مېنى كىشىلەرنىڭ «قارا ئات» زۇڭتۇڭ دەپ ئاتىشى ئەجەبلىـ.
نەرلىك ئەمەس! — پولك ئۆزىنىڭ ئاغرىق ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ،
خۇددى ساغلام ئادەمدەك سورۇن ئەھلىنىڭ ئالدىدا ئەمەلدارلىق
سورۇنىنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىغا ئەھمىيەت بېرىۋاتاتتى. يوپيو.
رۇق دۆلەت زىياپەت زالىدىكى مېھمانلارغا يۈزلىنىپ تۇرغان
پولك ناھايىتى تەبىئىي كۆرۈنەتتى. ئۇ 1844 - يىل بىر قىش
كۈنى ئۆزىنىڭ ئۇستىلىق بىلەن سايلامدا غەلىبە قىلغان، ئەمدى.
لىكتە ئۆتمۇشكە ئايلانغان ئىشىنى ئەسلىدى! ئۇ شۇ چاغدا بالتىـ.
موردا ئۆتكۈزۈلگەن دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلتىيىدا نامـ.
زاتلىققا كۆرسىتىلگەن چاغدىمۇ مۇشۇنداق قايناق مەنزىرىگە يۈز.
لىنىپ تۇرغانىدى. ئۇ شۇ چاغدا كۈتۈلمىگەن ۋەقەنىڭ يۈز بېرىـ.
شىنى پەقەت ئويلىمىغانىدى، ئەسلىي دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ
نۇرغۇن ئەزالىرى پولكنى بىلمەيتتى، چوڭ سايلام ئېلىپ بېرىلىـ.
ۋاتقان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئۇ سايلام رىقابىتى توغرۇلۇق
سوراشقىمۇ پېتىنالمىغانىدى. چۈنكى پارتىيە ئىچىدىكى يۇكسەك
ئابرۇيلۇق كىشىلەر سايلام رىقابىتىگە قاتناشقان ۋە نامزاتلىققا
كۆرسىتىلگەنىدى. ئەمما تېكساسنى ئامېرىكىغا قوشۇۋېتىش كې.
رەكمۇ، يوق؟ مۇشۇ سەزگۈر مەسىلىدە ئىختىلاپ يۈز بەردى.
شۇنىڭ بىلەن زۇڭتۇڭ نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلىش ئېھتىمالى نا.
ھايىتى چوڭ ئىككى ئادەم كۆپ قېتىم ئۆزئارا پۇت تېپىشىپ
قالدى. ۋىگ پارتىيىسى بىلەن زۇڭتۇڭلۇققا سايلىنىش ھوقۇقىنى
تالىشالايدىغان مۇنەۋۋەر پارتىيە ۋەكىلىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش
ئىمكانىيىتى بولمىدى، دەل مۇشۇنداق پەيتتە پولك تۇيۇقسىز

مەيدانغا چىقتى! ئۇ ھېچكىمگە بوي بەرمەيدىغان «قارا ئات»تەك ساناقسىز ۋەكىللەر ئارىسىدا كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چۈشتى. پولكىنىڭ مەيدانغا چىقىشى كۈتۈلمىگەن بىر ئىش بولسىمۇ، لې- كىن ئۇ تۆت تۈرلۈك سايلام رىقابىتى شەرتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالدى.

شۇ ئىشلار پولكىنىڭ يادىدا تا بۈگۈنگىچە ئېنىق ساقلىنىپ كېلىۋاتتى. ئۇ شۇ چاغدا، دېموكراتلار پارتىيىسىدە نەچچە كۈنگە سوزۇلغان تالاش - تارتىشتىن كېلىپ چىققان قاتماللىقنى بۇزۇپ تاشلاپ، سايلىغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى، ئۇ ئوتتۇرىغا قوي- غان تۆت تۈرلۈك شەرتتىن سايلىغۇچىلار جانلىنىپ كەتتى. بۇ تۆت تۈرلۈك شەرت تۆۋەندىكىدەك: (1) چېگرا بېجىنى تۆۋەنلى- تىش؛ (2) سابىق زۇڭتۇڭ تايلور بىر مەزگىل ئەمەلدىن قال- دۇرۇۋەتكەن مۇستەقىل دۆلەت خەزىنىسى تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش؛ (3) ئورېگون چېگرا توقۇنۇشىدىكى ۋەزىيەتنى ئۆتە- ۋاتقان مەزگىل ئىچىدە ھەل قىلىش؛ (4) مېكسىكىنىڭ قو- لىدىكى ئامېرىكىغا پايدىلىق بولغان زېمىن — كالىفورنىيە زېمىنىغا ئېرىشىش!

پولك نامى چىقمىغان كىچىك ئەرباب، دېموكراتلار پارتىيى- سىنىڭ ئاددىي بىر ئەزاسى ئىدى. شۇ قېتىملىق زۇڭتۇڭ سايلى- مىدىن ئىلگىرى پولك ئىككى قېتىم ئۆزى تۇرۇۋاتقان تېنېسسى شتاتىنىڭ باشلىقى بولۇش ئۈچۈن سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىپ ئىككىلا قېتىم مەغلۇپ بولغانىدى. ئەمما ئۇ دېموكراتلار پارتىيى- سىنىڭ بالتىمور سايلام رىقابىتى قۇرۇلتىيىدا نوپۇزلۇق بىرنەچ- چە سايلام رىقابەتچىلىرى يۈت تېپىشىپ قالغان مۇشۇنداق ھالقى- لىق بىر پەيتتە بىردىنلا ئوتتۇرىغا چىقتى. پولكىنىڭ تۆت تۈرلۈك باياناتى شۇئان غايەت زور زىلزىلە پەيدا قىلدى. نەچچە قېتىملىق سايلام نەتىجىسىدە پولك ئۈستىلىق بىلەن رەقىبلىرىنى يېڭىپ نۇسرەت قازاندى، شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىكنىڭ ئارزۇ - ئارمىنى-

نى قەلبىگە پۇكۇپ زۇڭتۇلۇك نامزاتى بولدى. ئۇ كەينى - كەينىدىن غەلىبە قىلدى، رەقىبلىرى مات بولدى، ئاخىر مەملىكەتلىك چوڭ سايلامدا ۋىگ پارتىيىسى كۆرسەتكەن نامزات — كلاينى يېڭىپ ئامېرىكىنىڭ ئون بىرىنچى زۇڭتۇڭى بولدى!

— سايلىغۇچىلار، ماڭا ئىشىنىشىڭلارنى سورايمەن، مەن زۇڭتۇلۇك بولسام سىلەرگە بەرگەن تۆت تۈرلۈك شەرتنى نەقلەشتۇرۇش ئۈچۈن بار كۈچۈم بىلەن تىرىشىپلا قالماي، شۇنىڭ بىلەن بىرگە تەنتەنىلىك بىلەن شۇنى جاكارلايمەنكى: مەن بىرلا نۆۋەت زۇڭتۇلۇك بولىمەن، مۇددىتىم توشقاندىن كېيىن يەنە زۇڭتۇلۇك بولمايمەن! مېنىڭ ۋىجدانىمغا ئىشىنىڭلار، كېلەر نۆۋەتلىك زۇڭتۇلۇك بولۇشنى ھەرگىز تەمە قىلمايمەن! — پولك بالتىموردىكى سايلىغۇچىلار ۋەكىللىرىگە يۈزلىنىپ تۇرۇپ تەنتەنە بىلەن ئىشەنچلىك ھەم سەمىمىي قەسەم بەردى. ئىلگىرى ئۆتكەن ھەرقانداق بىر زۇڭتۇلۇك نامزاتى بۇنداق قەسەم بېرىپ باققان ئەمەس، لېكىن پولك مۇشۇنداق دېيىشكە جۈرئەت قىلالايتتى. بۇ ھەم ئۇنىڭ بۇ قېتىم سايلىنالىشىنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرى ئىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ تۆت يىللىق ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى پات ئارىدا ئاخىرلىشاتتى، پولكمۇ لەۋزىدە تۇرۇپ دېگىنىنى قىلدى. ئۇ كېلەر قېتىملىق سايلام رىقابىتى ئۈچۈن ھېچقانداق ھەرىكەت قىلمىدى، ئاقسارايدىكى قاتىلاڭچىلىقتا ئۆتكەن ھاياتىنى تېزرەك ئاخىرلاشتۇرۇپ ناشۋىلدىكى قورۇقىغا قايتىپ، كېسەلىنى خاتىرجەم داۋالىتىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلىۋاتاتتى.

«زۇڭتۇلۇك ۋە زۇڭتۇڭنىڭ خانىمىغا قەدەھ تۇتايلى!»

پولكنىڭ قىسقا قەدەھ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا دۆلەت زىياپەت زالىدا قىزغىن چاۋاك سادالىرى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى.

— رەھمەت، ھەرقايسىڭلارغا رەھمەت! — پولك بىلەن چىلـ

دېرس ئىككىسى بىر - بىرىنى قولتۇقلىشىپ مېھمانلار بىلەن لىق تولغان ئۇستەللەرنى ئارىلاپ تونۇش ئەمەلدارلارغا، ئايال ئائىلە تاۋابىئات ۋە دوستلارغا هاراق تۇتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ جىگىرى يەنە قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. ئۇ ئاجايىپ چىدام بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى كېرەك ئىدى. سوغۇق تەر پېشانىسىدىن تەپچىرەپ چىققان بولسىمۇ، پولك ئۆزىنى تېتىك تۇتۇپ، ئۇلار- نىڭ كۇمۇش تويىنى قۇتلۇقلاپ كەلگەن ھەربىر مېھمانغا كۈلۈپ تۇرۇپ رەھمەت ئېيتتى. لېكىن بارغانسېرى قاتتىق ئاغرىپ كېتىۋاتقان جىگىرىنىڭ ئازابىغا چىدىماي ئاخىر بىر ئۇستەلنىڭ يېنىدا يىقىلىپ چۈشتى.

پۈتۈن سورۇن ئەھلى داڭقېتىپ قالدى.

## قېرىغان چېغىدا ئۆمۈرلۈك ھەمراھى بىلەن يۇرتىغا قايتتى

زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىدىن بوشىغان پولك بىلەن رەپىقىسى سارا چىلدېرس تۇنۇگۇن چۈشتىن كېيىن ئاقسارايىنىڭ جەنۇبىدى- كى چىملىقتا ئۆتكۈزۈلگەن يېڭى زۇڭتۇڭ زاخارى تايلورنىڭ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى، بۇگۈن يەنى 1849 - يىل 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇلار ئاقسارايدا ئۆتكەن تۆت يىللىق تۇرمۇشى بىلەن خوشلىشىپ، غەربىي قىسمىدىكى تېنېسسى شتاتىغا قاراپ يولغا چىقتى.

پولك خاس ھۇجرىدىكى يۇمشاق كارىۋاتتا ياتاتتى. ئۇنىڭ چىرايى تاتارغان ھەم سولغۇن ئىدى. ئۇنىڭ كۆكۈچ، سولغۇن كۆزلىرىدىن كېسەل ئاسارىتىدىن قىينىلىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

«ھەي، مېنىڭ تېنىم نېمىشقا بۇنداق ئاجىزدۇر؟» پولك ئۆزىنى كۈندىن - كۈنگە قىيناپ كېتىۋاتقان بۇ كېسەلدىن بىزار

بولماقتا ئىدى. ئۇ ئاقسارايدىن ئايرىلىش ئالدىدا كەسپىگە پىش-
شىق دوختۇرلار پولك ۋە پولك خانىمىنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن
پات ئارىدا پۇقرا بولىدىغان پولكقا ئۇنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى
تولۇق ئېيتىپ بەرگەنىدى. پولكنىڭ جىگىرىدە مەسىلە بولغاچقا،
مەيدىسىنىڭ پات - پاتلا سانجىپ ئاغرىپ كېتىشى شۇنىڭدىن
ئىدى. دوختۇرلار «پولك ئالدىراش ھەم ئاقسارايدىكى دۆلەت
ئىشلىرى تولىمۇ بېسىق بولغاچقا، ھەددىدىن ئارتۇق چارچاشتىن
ئۇنىڭ بۇرۇندىن ئاجىز بولغان جىگىرىدە كېسەللىك ئۆزگىرىشى
بولغان» دېگەنىدى. ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا پولكتا كۆرۈلگەن
كۆزى سارغىيىش ئالامىتى جىگەر ياللۇغىنىڭ روشەن ئالامىتى
ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ جىددىي خاراكتېرلىك جىگەر كېسىلى ئۆز
ۋاقتىدا تەلتۆكۈس ساقىيىپ كەتمىگەچكە، نەتىجىدە قاتتىق ھېر-
ىش - چارچاشتىن پولكنىڭ جىددىي خاراكتېرلىك جىگەر كې-
سىلى ئاستا خاراكتېرلىك جىگەر كېسىلىگە ئۆزگىرىپ كەتكەند-
ى. ئامېرىكىنىڭ شۇ چاغدىكى مېدىتسىنا سەۋىيىسى بىلەن
پولكنىڭ جىگەر كېسىلىنى سەللىمازا ساقايتىش ئەسلا مۇمكىن
ئەمەس ئىدى.

«مەندىكى بۇ جىگەر كېسىلى بالىلىق ۋاقتىمدىكى ھېلىقى
قورقۇنچلۇق كېسەل بىلەن راستىنلا مۇناسىۋەتلىكمىدۇر؟»
پولك دوختۇرلارنىڭ دىئاگنوزىنى يەنە يادىغا ئالدى. ئۇن تۆت
ياش ۋاقتىدا گىرىپتار بولغان كېسەلنىڭ ئازابىنى ئەس-
لىدى. ئۇ گۆر ئاغزىدىن قايتىپ كەلگەن ئاشۇ قېتىملىق ئېغىر
كېسەلنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالالمايتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئائىلىسى
نامرات بولغاچقا، ئائىلىسىدىكىلەرى شىمالىي كارولىنادىن غەرب-
كە كۆچۈپ قاقاس تېنىنېسسى شتاتىغا كەلگەنىدى. بىپايان قاقاس-
لىقتا دادىسى بوز يەر ئېچىپ، ئىگىلىك تىكلىدى، ئەمدىلا ئون
تۆت ياشقا كىرگەن پولك تولىمۇ كىچىك ئېغىر جىسمانىي ئەم-
گەككە كىرىشىپ كەتتى. ئۇ دادىسى بىلەن قوش ھەيدەيتتى.

شىۋىرغانلىق بىر قىش كۈنى كېچىدە پولكىنىڭ قورسىقى بىردىنلا
پىچاق تىققاندەك چىدىغۇسىز ئاغرىپ كەتتى. ئاغرىق ئازابىغا
چىدىمىغان پولك كارىۋاتتا دومىلاپ جېنىنى قويىدىغان يەر تاپال-
ماي قالدى. لېكىن يېقىن ئەتراپتا دوختۇرخانا يوق ئىدى.
دادىسى كېسەل ئازابىدا قىينىلىپ كېتىۋاتقان پولكنى ئاتنىڭ
ئالدىغا ئالدى، ئاندىن ئۇنى بوران ئارىلاش يېغىۋاتقان قارغا
قارىماي كېچىلەپ يول يۈرۈپ تاڭ ئاتقان چاغدا بىر كىچىك
بازاردىكى دوختۇرخانىغا ئەكەلدى. دوختۇر دىئاگنوز قويۇپ كى-
چىك پولكىنىڭ ئۆتىدە تاش بارلىقىنى، دەرھال ئوپېراتسىيە قى-
لىش ئارقىلىق بالىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولىدىغانلى-
قىنى ئېيتتى.

پولك ئاغرىق دەستىدىن تەرگە چۆمۈلگەنىدى، دوختۇرنى
دەرھال ئوپېراتسىيە قىلىشقا ئۈندىمەكتىن باشقا يول يوق ئىدى.
بۇ دوختۇرخانىدا ئۆتكۈر ئوپېراتسىيە پىچىقىدىن بۆلەك ئوپېرات-
سىيىدە كېرەكلىك بولغان ناركوز دورىلىرى يوق ئىدى. كىچىك
پولك ناركوزسىز قىلىنغان ئوپېراتسىيىنى ئامالسىز قوبۇل قىل-
دى. دوختۇر قورسىقىنى يارغاندا، كىچىك پولك ئاغرىق ئازابى-
دىن ئاللىقاچان ھوشىدىن كەتكەنىدى...

كىچىك پولك ھايات قالدى. ئۆتتىكى تاش ئېلىنىۋېتىلدى.
لېكىن پولكىنىڭ تېنى شۇنىڭدىن تارتىپ تولۇق ئەسلىگە كەلمى-
دى. ئۇ چوڭ بولغاندىن كېيىن، ھەتتا ئادۋوكاتلىقتىن بىراقلا
پارلامېنت ئەزالىقىغا، شتات باشلىقلىقىغا، زۇڭتۇڭلۇققا كۆتۈ-
رۈلگەندىمۇ، ئۇنىڭ تېنى ئاجىز ھەم ئورۇق ئىدى. ئۇ ئامېرىكى-
نىڭ زۇڭتۇڭى بولغاندىن كېيىن ئاقسارايدا ئىلغار داۋالاش،
ئوبدان كۈتۈنۈشتىن بەھرىمەن بولۇپ، يېتەرلىك ئوزۇقلۇققا
داۋاملىق ئېرىشىپ تۇرغان بولسىمۇ، كېسەللىك يەنىلا ئۇنىڭ
ئاجىز تېنىدە جاھىللىق بىلەن يامراپ كېتىۋاتاتتى. دوختۇرلار
پولكقا كېسەلنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىدىن خەۋەر بەرگەندە، ئۇ

ئۆزىنىڭ كېسەلىنى بالىلىق مەزگىلىدىكى ھېلىقى ناركوزسىز قىلىنغان ئوپېراتسىيىگە باغلىدى. دوختۇرلار دېگەندەك جىگەر بىلەن تال بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىككى ئەزا بولسا، ئۇنداقتا بۇ قېتىمقى جىگەر كېسىلى بالىلىق ۋاقتىدىكى ئۆت كېسىلىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ياكى داۋامىمىدۇر؟

پولكنىڭ باشتا جىگەر كېسىلىنى يېڭىش ئىشەنچىسى تولۇق ئىدى. ئۇ ساددىلىق بىلەن ئاقسارايدىكى دوختۇرلارغا ئۆزىنى ئوپېراتسىيە قىلىشنى ئىلتىماس قىلىپ:

— بالىلىق چېغىمدا ناركوزسىز قىلىنغان ئۆت ئوپېراتسىيىسىگە بەرداشلىق بەرگەنىدىم. ھازىر ئاقسارايدا داۋالاش شارائىتى مۇشۇنداق ئىلغار تۇرسا، نېمىشقا مېنىڭ كېسەل جىگىرىمنى كېسىپ ئېلىۋەتكىلى بولمايدۇ؟ — دېدى.

دوختۇرلار پولكنىڭ بىمەنە ئىلتىماسىدىن تېڭىرقاپ قالدى. ئۇ زۇڭتۇڭلۇق تەختىدە ئولتۇرۇۋاتقان، بىر ئېغىز گەپ بىلەن ھەممە ئادەمنى تىك تۇرغۇزالايدىغان پولكقا جىگەرنىڭ ئادەم بەدىنىدىكى قان ئىشلەيدىغان ئەزا ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ مۇھىملىقىنى ھەرگىز تالغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ئەينى چاغدىكى ئامېرىكىنىڭ داۋالاش سەۋىيىسىدە زۇڭتۇڭنىڭ كېسەل جىگىرىنى كېسىپ ئېلىۋېتىش زۇڭتۇڭنىڭ ئۆلۈمىنى تېزلەتكەنلىكتىن دېرەك بېرەتتى!

— ياللۇغنى قايتۇرىدىغان دورىلارنى ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ، ئەڭ ياخشى داۋالاش ئۇسۇلى — زۇڭتۇڭ ئەپەندىنىڭ خاتىرجەم داۋالىنىشى! ياخشى دەم ئېلىشى كېسەللىكنىڭ ياخشىلىنىشقا پايدىلىق!

دوختۇرلار ئېيتقان داۋالاش تەدبىرلىرىنى ئاڭلاپ پولك قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى. بۇ چاغ ئۇنىڭ ئاقسارايدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. ئاقساراي غايەت زور ماشىنىغا ئوخشايتتى، بۇ دۆلەت ماشىنىسىنى پولكنىڭ باشقۇرۇشى-

سىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پولك: «ئارام ئېلىش جىگەر كېسەلىنىڭ ئاغرىق ئازابىنى يېنىكلىتىشى مۇمكىن، لېكىن جىگەر كېسىلى مىكروبلىرىنى تەلتۆكۈس يوقىتالمايدۇ» دەپ ئويلايتتى.

پولك مانا ئەمدى خاتىرجەم داۋالىنىش پۇرسىتىگە ئاخىرى ئېرىشتى. ئۇ زىممىسىدىكى ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغانلىقىغا ئىچ - ئىچىدىن خۇشال ئىدى. پولك ئاقسارايدىكى ئېلىلىپىس شەكىللىك ئىشخانىدىن چىقىپ كېتىشنى خالىمايدىغان ئىلگىرىكى زۇڭتۇڭلارغا ئوخشىمايتتى. ئۇ كەينى - كەينىدىن كېلىپ دۈۋىلىنىپ كەتكەن ھۆججەتلەردىن ۋە ئەمەلدارلارلىق سورۇنىدىكى تۈگىمەس زىياپەتلەردىن قۇتۇلۇشنى ئۈمىد قىلىپ كەلگەندى! ئۇ مۇرادىغا يەتتى!

ناشۋىل تولىمۇ گۈزەل جاي ئىدى. بۇ جاي ئەينى يىللاردا پولك دادىسى بىلەن بوز يەر ئاچقان تېننېسسى شتاتىدىكى دەريا ۋادىسىدىن ناھايىتى يىراق ئىدى، ئەمما بۇ جاينىڭ تاغلىرى يېشىل، سۇلىرى سۈزۈك، مەنزىرىسى گۈزەل ئىدى. 1819 - يىلى ئۇ دادىسى بىلەن مۇشۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن. پولك شۇ چاغدىن باشلاپ ئادۋوكاتلىقتىن بارا - بارا سىياسىي مۇنبەرگە قەدەم قويدى. شۇڭا، شىمالىي كارولىنادا تۇغۇلغان پولك تېننېسسى شتاتىدىكى ناشۋىلنى ئۆزىنىڭ يۇرتى دەپ بىلدى. ئاقسارايدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان كۈنلىرىنىڭ پات ئارىدا ئاياغلىشىدىغانلىقىنى بىلگەن پولك بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى خانىمى چىلدىرسنى ئاقسارايىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن ناشۋىلنى تەكشۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتكەنىدى. بۇ يەرنىڭ گۈزەل تاغ - دەريالىرى بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان غەربىي قىسىمدىكى تىنچ ھەم ھاۋالىق بۇ كەنت چىلدىرس خانىمغا يېقىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن پولك بىرنەچچە يىلدىن بېرى يىغقان پۇلىغا ناشۋىلدىكى كۆل بويىغا جايلاشقان چاققانغىنە بىر داچىنى سېتىۋالدى. باي

سودىگەر ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان چىلدىرس خانىم قەۋەتلىك ئۆيلەردە ئولتۇرۇشقا ئۆچ ئىدى، پاكىزلىقنى، خاتىرجەملىكنى خالايتتى.

پولك ئالتە ئېغىز ئۆيدىن تەركىب تاپقان سەھرادىكى داچىغا كەلدى. ئۆينىڭ ئالدىدا زۇمرەتتەك سۇلىرى جىمىرلاپ تۇرغان تەبىئىي كۆل يېيىلىپ ياتاتتى. تومۇز ئىسسىقلاردا ئەر - خوتۇن ئىككىسى كۆلدە بىمالال سۇ چۆمۈلەتتى، داچىنىڭ كەينىدە تاغ تىزمىلىرى ئەجدىھادەك سوزۇلۇپ ياتاتتى. تاغدا ئامېرىكىنىڭ غەربىي قىسمىدىلا ئۆسىدىغان قىزىل ئارچا دەرەخلىرى كۆك بىلەن بوي تالىشىپ تۇراتتى. ئەتىيازدا ئاشۇ ئارچا دەرەخلىرى قويۇق سايە تاشلايتتى، يازدا ئەر - خوتۇن ئىككىسى دەل - دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدا سالقىنلاپ سەيلە قىلاتتى.

— سارا، بۇ جاي ھەقىقەتەن كۆڭۈلدىكىدەك جاي ئىكەن. سىزنىڭ كۆزىڭىزگە قايىل بولدۇم، بۇ يەر مېنىڭدەك دەم ئېلىشـ قا چىققان بىر ئادەم ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئارامگاھ، جەننەتتەك مۇشۇ جايدا كېسىلىممۇ ئاستا - ئاستا ياخشى بولۇپ كېتەر، — پولك ناشۇبلىدىكى كەنتكە كەلگەن كۈنى ۋاقتىنى خۇشال ئۆتكۈزـ دى. سەپەر ھارغىنلىقى ۋە ئالىي سىياسىي مۇنبەردىن ئايرىلغانـ دىن كېيىنكى روھسىزلىق گۈزەل ھەم تىپتىنچ يېڭى مۇھىتقا قەدەم قويۇشى بىلەنلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن پاك - پاكىز چىقىپ كەتتى. خانىمى پولكنى قولتۇقلاپ قىزىل كاھىشلىق ئۆيلەرنىڭ ئالدى - كەينىنى بىر ھازا ئايلاندۇردى، ئۇ خانىمى بىلەن ئىنتاـ يىن كۆڭۈللۈك پاراڭلاشتى.

— پولك، سىز ئەمەلدارلار سورۇنىدىن يېڭىلا ئايرىلدىڭىز، زېرىكىشلىك ھەم چۈشكۈنلۈك ئازابىغا چىدىيالماي قېلىشىڭىزـ دىن ئەنسىرەيمەن! — چىلدىرس پولكنى قولتۇقلاپ سۇزۇكلۈكـ دىن تەكتى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كۆل بويىغا باشلاپ كەلدى.

پولك ئۆزىگە بىمالال تەسەللى بېرىپ:

— خانىم، سىز ئارتۇق ئويلاپ كېتىپسىز، ئەينى چاغدا مېنىڭ زۇڭتۇڭ بولۇش خىيالىم يوق ئىدى. تارىخ ئېقىمى مېنى بىلىپ - بىلمەي بىراقلا سىياسىي سەھنىگە ئىتتىرىپ چىقىرىپ قويدى. ئاقسارايدىن ئايرىلىپ جېدەل - ماجىرادىن قۇتۇلدۇم، ئەمەلدارلىق سورۇنىدىكى بىر - بىرىنى ئەخمەق قىلىش، بىر - بىرى بىلەن پۈت تېپىششلاردىن قاتتىق سەسكىنىپ كەتكەنمەن، شۇڭا مەندە روھىي چۈشكۈنلۈك پۈتۈنلەي يوق! — دېدى.

خوتۇنىنىڭ ئۆزىگە تالىلىغان يېڭى مۇھىتىدىن ئىنتايىن رازى بولدى. پولك ھارغىن قەدەملىرىنى تاشلاپ كۆلنى چىشىنى چىشلەپ بىر ئايلىنىپ چىقتى، ئاندىن ھۇجرىسىغا كىرىپ ياتتى. چۈنكى ئۇنىڭغا سەپەر ھارغىنلىقى يەتكەن، جىگەر ئاغرىقى يەنە قوزغالغانىدى.

## ئاخىرقى ۋەسىيەت

پولك ناشۋىلدىكى داچىسىدا كارىۋاتتىن چۈشمەي بىر ئايدىن ئارتۇق ياتتى. چىلدىرس خانىمنىڭ كۆڭۈل قويۇپ كۈتۈشى، شۇ كەنتتىكى دوختۇر گورلىنىڭ داۋالىشى نەتىجىسىدە، پولك 4 - ئاينىڭ ئاخىرى يەنە كارىۋاتتىن چۈشۈپ يەر دەسسىدى.

كېسەل ئاستا - ئاستا ئېغىرلاپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ تالا - تۈزگە چىققاندا چوقۇم ھاسا ئىشلىتەتتى. ھاۋا ئوچۇق ئەتىياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە پولك بالىلىق ئەسلىمىلىرى قالغان بىرنەچچە جايىنى كۆرۈپ كېلىش نىيىتىگە كەلدى. ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ئىلىشقا ماھىر چىلدىرس خانىم پولكنىڭ ساناقلىق كۈنلىرى قالغانلىقىنى، پات ئارىدا بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئېرىنىڭ ھەرقانداق ئىلتىماسىنى بەجا كەلتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. چىلدىرس خانىم تۆت چاقلىق بىر ئەينەكلىك پەيتۇنىنى

ياللاپ ئېرىنىڭ بالىلىق ۋە ياشلىق چاغلىرىنىڭ ئىزنالىرى قالغان يەرلەرگە ھەرئىككى كۆندە بىر قېتىم ئۆزى ئاپىرىپ تۇرۇۋاتاتتى.

— خانىم، مەن ئەينى يىللاردا ئوتتۇرا مەكتەپنى مۇشۇ جايدا ئوقۇغان! — پەيتۇن خارابىلىككە ئايلانغان ئۆيلەرنىڭ ئالدىدا توختىدى، پولك خانىمنىڭ قولتۇقلىشى بىلەن چاتقاللار ئۇنۇپ كەتكەن بىر دۆۋە كاھىشنى سىلاپ تۇرۇپ خانىمغا، — ئائىلىمىز نامرات بولغاچقا مەكتەپكە كىرەلمىگەنىدىم. ئون سەككىز ياشقا كىرگەن چاغدا دىنىي جەمئىيەت قارىمىقىدىكى مۇشۇ مەكتەپكە كىردىم. ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئارىسىدا يېشى ئەڭ چوڭى مەن ئىدىم. شۇڭا ئوقۇغۇچىلار مېنى مازاق قىلىشاتتى. مەن ئوقۇغۇ- چىلارنىڭ مەسخىرىسىگە چىدىماي بىر يىل ئوقۇپ باشقا مەكتەپكە يۆتكىلىپ كەتكەنىدىم.

— بۇ مەكتەپتىن موفورسبوردىكى مەكتەپكە ئالمىشىپ كەت- تىڭىزمۇ؟

— ھەئە، ئۇ خۇسۇسىيلار ئاچقان مەكتەپ ئىدى. ئوقۇغۇ- چىلارنىڭ ھەممىسى نامرات بالىلار ئىدى، مەن ئاشۇ مەكتەپتە ئۆزۈم ئارزۇ قىلغان بىلىملەرنى ئۆگەنىدىم! — پولكنىڭ كۆزلى- رى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسىدىن بوشانغىنىغا ئەمدىلا بىر ئايدىن ئاشقان بولسىمۇ، كۈندىن - كۈنگە ئورۇقلاپ كېتىۋاتاتتى. گەرچە ھەر كۈنى جىگەر كېسىلىنىڭ دەستىدىن قىينىلىپ يۈرسىمۇ، يۈرۈش - تۇرۇش جەھەتتە ئاقسارايدىكى ئادىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتاتتى، رەتلىك كىيىنىپ، تالا - تۈزگە چىققاندا سىپتا يۈرەتتى. پولك غەمكىن ھالەتتە خانىمغا بۇنىڭ- دىن تالاي يىللار ئاۋۋالقى ئىشلارنى ھېكايە قىلىپ بېرىۋاتقاندا ئۆزىنى ئاشۇ يىراقتا قالغان دەۋرگە قايتقاندەك سېزەتتى.

— ئاڭلىسام دەرس دەتتىجىڭىز بەكلا ياخشى ئىكەن، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى خانىمى.

— ھەئە، مەن تىرىشچان ئوقۇغۇچى ئىدىم. بۇ يوقسۇل ئائىلىنىڭ بالىلىرىغا ئورتاق بولغان ئالاھىدىلىك، بىز ھەسسىلەپ تىرىشىپ ئوقۇساق ئاندىن دېھقان دادىلىرىمىز بىز ئۈچۈن خەجلىگەن پۇلغا يۈز كېلەلەيتتۇق!

بىر پەس سەلكىن شامال چىقىپ، خارابىلىكتە ئۇنۇپ قالغان ئوت - چۆپلەرنى يېنىك تەۋرەتتى.

تېنىپسىسىدىكى كولۇمبىيىدە پولك بىر چەت كوچىنى تاپتى. ئۇ ئەينى يىللاردا تۇنجى قېتىم پراكتىكانت ئادۋوكات بولغان ئىش بېجىرىش ئورنى مۇشۇ يەردە ئىدى. لېكىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن 1820 - يىلىدىكى ئادۋوكاتلار ئىش بېجىرىش ئورنى ئەمەلىيەتتە پوم كۆمۈر ياسايدىغان سېخقا ئۆزگەرتىلگەنىدى.

— خانىم، مەن مەشھۇر ئادۋوكات فېلىكس گرانىي ئۇستاز تۇتۇپ، ئادۋوكاتلىقنى ئۆگىنىپ، مۇشۇ يەرگە كېلىپ تىجارەت قىلغانىدىم! — پولك ئەقىل - پاراسەت ئەكس ئەتكەن كۆزلىرىنى قىسىپ پوم كۆمۈر دۆۋىلىنىپ كەتكەن كونا ئۆيگە قاراپ ئادۋوكاتلىق يولىغا ماڭغان جەريانىدىكى نۇرغۇن قىزىقارلىق ئىشلارنى ئۆزىگە چاپلىشىپ تۇرغان چىلدېرىسكە زوق - شوخ بىلەن سۆزلەپ بەردى. كولۇمبىيىدىكى كۆرۈمسىز كىچىككىنە ئىش بېجىرىش ئورنى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئامېرىكا سىياسىي ساھەسىگە يېقىنلىشىشى ئۈچۈن باشلىنىش نۇقتىسى بولغان جاي ئىدى، پولك بۇنى ئوبدان بىلەتتى.

— مەن مۇشۇ يەردە جېكسون بىلەن تونۇشقانىدىم. جېكسون ماڭا ئۇستاز بولمىغان بولسا، مېنىڭ ئادۋوكاتلىق كەسپىدىن سايلام رىقابىتى ئارقىلىق بىراقلا شتاتلىق پارلامېنتنىڭ ئەزاسى بولۇشۇم مۇمكىن ئەمەس ئىدى! — پولك ئىككى گەپنىڭ بىرىدە ئۆزىنىڭ خانىمىغا ئاقسارايدىكى ئەمەلدارلار سورۇنىدىن يىرگەنگەنلىكىنى دېسىمۇ، لېكىن ھازىر ئۇ ھەربىر ئېغىز سۆزىدە ئۆزىنى قەدەممۇ قەدەم سىياسىي سەھنىگە باشلاپ كىرگەن جېك-

سونغا بولغان مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈۋاتتى. چىلدىرس ئىرد-
نىڭ تەسىرلىك سۆزلىرىدىن تەختتىن چۈشكەندىن كېيىنكى
سولغۇنلۇقنىڭ ئاچچىق تەمىنى تېتىغاندەك بولدى. ئۇ ئىرنىڭ
مۈرەككەپ ھېسسىياتىنى ياخشى چۈشىنەتتى.

پولك تېننېسسى شتاتلىق كېڭەش پالاتاسىغا كەلدى. خانىمى
ئۇنى قولتۇقلاپ، سەنتۈرۈلۈپ دېگۈدەك كۆك تاش ياتقۇزۇلغان
ئېگىز پەلەمپەي ئۈستىگە ئاچىقتى. پولك يۇمىلاق گرانت تاش
تۈۋرۈكنى قۇچاقلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ھاياجان ياشلىرى يال-
تىرايتتى. چىلدىرس كېسىلى ئېغىر ئىرنىڭ بۇ يەردىكى ھەر-
بىر تۈۋرۈككە نىسبەتەن نېمىشقا بۇنداق چوڭقۇر مۇھەببىتى بار-
لىقىنى بىلەتتى. پولك 1819 - يىلىدىن 1822 - يىلىغىچە
بولغان ئارىلىقتا مۇشۇ يەردە ئادۋوكاتلىقتىن باش پۈتۈكچىلىككە
كۆتۈرۈلۈپ ئاز - تولا ئابرۇي تاپقان. دەل مۇشۇ يەردە پولك
دوستلىرى ئارقىلىق باي سودىگەرنىڭ ياش ھەم چىرايلىق قىزى
— چىلدىرس بىلەن تونۇشقان، ئۈچ يىلغا سوزۇلغان ئوتلۇق
مۇھەببەتمۇ مۇشۇ يەردە باشلانغانىدى.

پولك بىلەن چىلدىرس ئىككىسى ئەينى يىللاردا نىكاھى
ئوقۇلغان كاتتا چېركاۋغا يەنە كەلدى. ئۇلار ياشلىق چاغلىرىدىكى
بەختلىك مىنۇتلارنى ئەسكە ئېلىشتى.

1862 - يىلى تومۇز ياز يېتىپ كەلگەن چاغ ئىدى. ناشۋىل-
دىكى كۆل بويىغا جايلاشقان داچىنى ئادەتتىن تاشقىرى جىددىي-
لىك قاپلىغانىدى. پولكنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ كەتتى. ئۇ
خانىمىنىڭ ھەمراھلىقىدا تېننېسسى شتاتىنىڭ ھەرقايسى جايلى-
رىغا بېرىپ سەيلە - ساياھەت قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى،
پۈتى بىلەن يۈزى ئىششىپ قورقۇنچلۇق سىياققا كىرىپ قالدى.
دوختۇر گورل پولكنىڭ كېسىلىنى كۆڭۈل قويۇپ داۋالىغان
بولسىمۇ، بۇ ئەھۋالدا ئۇمۇ ئامالسىز قالدى.

پولك ئۆزىنىڭ ساناقلىقلا كۈنلىرى قالغانلىقىنى بىلىپ يا-

تاتتى. «مەن تۆت يىل زۇڭتۇڭ بولغاندا نېمىلەرنى قىلدىم؟» داچېدىكى كارىۋاتتا ئەس - يادى سەگەك، ئەمما ئورنىدىن تۇرال-ماي ياتقان پولك ئۆز - ئۆزىگە سوئال قوياتتى. قىسقىغىنا هاياتىدا بېشىدىن كەچۈرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ دىلكىشى بولغان خانىمى چىلدېرسقا سەممىيلىك بىلەن سۆزلەپ بەرگۈسى كېلەتتى. خانىمى ھەر كۈنى ئاز - ئازدىن يېزىپ تاشلاپ قويسا، ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن بۇ ئۇنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك يازما خاتىرە بولۇپ قالاتتى، چىلدېرسمۇ پولكنىڭ ئەھمىيەتلىك بىرەر ئىش قىلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ، پولك ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيتلىرىدە، ئۆزىنىڭ ئاقسارايدىكى كەچۈرمىشلىرىنى خانىمىغا تەسىرلىك قىلىپ سۆز-لەپ بېرىشكە باشلىدى.

— مەن زۇڭتۇڭ سايلام رىقابىتىگە قاتناشقان چېغىمدا، سايلىغۇچىلارغا تۆت تۈرلۈك ئىشنى چوقۇم قىلىدىغانلىقىم توغ-رۇلۇق ۋەدە بەرگەنىدىم. بىرىنچى ئىش، چېگرا بېجىنى تۆۋەنلى-تىش ئىدى، خانىم، سىزمۇ بىلىسىز، مەن ئاقسارايغا كىرىش-تىن ئىلگىرى، جەنۇب بىلەن شىمال چېگرا بېجى مەسىلىسىدە ئۇزۇن يىل ماجىرالاشتى. چېگرا بېجى ھەقىقەتەن ھەربىر پۇقرا-نىڭ مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك، مەن تەختكە چىقىپلا دەرھال مۇشۇ ئىشنى بېجىردىم، — پولك مۇشۇ مەسىلىنى تىلغا ئالغاندا قەلبىدە داۋالغۇغان غەلىبە خۇشاللىقىنى يوشۇرالمىدى، چۈنكى ئامېرىكىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى پۇقرالارنى خۇرسەن قىلىدى-غان بۇ ئىشنى ھەل قىلماقچى بولغاندا، ئۆزىنىڭ پارلامېنت ۋە ۋىگچىلەرنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشىغا ئۇچرايدىغانلىقى ھېلىھەم يادى-دا ئىدى. ئۇنىڭ «يېڭى چېگرا بېجى قانۇنى» پارلامېنتتا ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇنازىرىدە تالاي قېتىم توسالغۇغا ئۇچرىدى، ئۇ بۇ جەريان‌دا ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىگە ھەم ناتىقلىق قابىلىيىتىگە تاياندى، «يېڭى چېگرا قانۇنى» 1846 - يىلى ئاخىر ماقۇللاندى.

پولك ئۆزىنىڭ غەلىبىسىنى ئويلىدى، ئۇنىڭ چىرايىدا شۇئان خۇشاللىق ئەكس ئەتتى، ئۇ پەخىرلەنگەن هالدا خانىمىغا، — مەن شۇنداق دېيىشكە مۇناسىپ، مەن تۇزگەن چېگرا بېجى ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەڭ تۆۋەن چېگرا بېجى، ئاۋام چوقۇم ماڭا رەھمەت ئېيتىدۇ!… — دېدى.

— مەن ۋەدە قىلغان ئىككىنچى ئىش، مۇستەقىل دۆلەت خەزىنىسى تۇزۇمىنى ئەسلىگە كەلتۇرۇش ئىدى. مەن بۇ ئىشنىمۇ ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بىر تەرەپ قىلدىم! — پولك ئاڭلىماققا ئاسان، لېكىن باشقا ئاچىقماق تولىمۇ تەسكە توختىغان بۇ ئىشنى تىلغا ئېلىپ چوڭقۇر خىيالغا چۆمدى. مۇستەقىل دۆلەت خەزىنىسى تۇزۇمىگە ۋىگچىلەر قارشى تۇراتتى، ئەمما، ۋان بورېن هاكىمىيەت يۇرگۇزگەن چاغدا ئىقتىسادىي كرىزىسنى هەل قىلىش ئۇچۇن يولغا قويۇلغان بۇ چارىگە ئامېرىكا پۇقرالىرىنىڭ دىققەت قىلىشىغا ئۇلغانلىقىنى پولك بىلىپ يەتكەنىدى. شۇڭا هاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ، پارلامېنتتىكى بىر تۇركۇم كىشىلەرنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي، ئونىنچى زۇڭتۇڭ بىكار قىلىۋەتكەن مۇستەقىل دۆلەت خەزىنىسى تۇزۇمىنى ئەسلىگە كەلتۇرۇشنى قەتئىي تەشەببۇس قىلدى. ئۇنىڭ مەقسىتى: دۆلەتنىڭ مالىيە كوچىنى ۋاشىنگتونغا مەركەزلەشتۇرۇپ دۆلەت خەزىنىسى ئارقىلىق باشقۇرۇپ، كۆپلىگەن مەبلەغنىڭ سىرتقا قالايمىقان ئېقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىدى. ئۇ 1846 ـ يىلى ئالاھىدە قانۇنىي شەكىل بىلەن دۆلەت خەزىنىسى تۇزۇمىنى مەڭگۇ مۇقىملاشتۇرۇۋېتىشنى قارار قىلدى. شۇنداق بولغاندا هەرقانداق بىر زۇڭتۇڭ هاكىمىيەت يۇرگۇزگەندە، بۇ تۇزۇمنى ئۆزى خالىغىنىچە ئۆزگەرتىۋېتەلمەيتتى. شۇڭا، پولك شەخسەن ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىپ تۇزگەن «مۇستەقىل دۆلەت خەزىنىسى قانۇنى» نىمۇ پارلامېنت ماقۇللىدى! پولكنىڭ ئابرۇيى شۇنىڭدىن باشلاپ «شاپپىدە» كۆتۇرۇلۇپ كەتتى.

— خانىم، مەن ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە ھەل قىلغان ئۆچىنچى مەسىلە، ئورېگون چېگرا توقۇنۇشى ئىدى! بۇ ئىشقا ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت سەرپ قىلدىم،— پولك ھارغىن كۆزلىرىنى يۇمدى.

پولك ئورېگوندىن ئىبارەت بۇ مۇنبەت زېمىنىنىڭ ئامېرىكىغا تەۋە ئەمەسلىكىنى بىلەتتى. باشتا كانادالىقلار، ئاندىن كېيىن ئەنگلىيىلىكلەر ئورېگوندا ئايرىم - ئايرىم تېرە - يۇڭ يىغىش ئورنى قۇرغانىدى. ئامېرىكا ئورېگوندا تېرە - يۇڭ ۋە قازغىلى بولىدىغان ئىقتىسادىي يوشۇرۇن كۈچنى كۆرۈپ، جېكسون زۇڭ-تۇڭ بولغاندىن باشلاپ ئورېگونغا بىر تۇركۇم ئادەمنى كىرگۈز-دى، تىنچ ئوكيان تېرە - يۇڭ شىركىتى نامىدا كۆن ماللار سودا پونكىتى قۇردى. ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە ئورتاق تىجارەت قىلى-دىغان ئەھۋال بۇرۇندىن بار بولغاچقا، ئورېگونغا بېرىپ تىجارەت بىلەن مەشغۇل بولىدىغان ئامېرىكا مۇساپىرلىرى بارغانسېرى كۆپەيدى، نەتىجىدە مۇساپىرلار بىلەن ئەنگلىيىلىكلەر ئوتتۇرىسى-دا پات - پاتلا بىر - بىرىنى ئۆلتۈرىدىغان، توقۇنۇشۇپ قالىدى-غان ئىشلار يۈز بېرىپ تۇردى. پولك ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىن بۇرۇن ئورېگون ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە ئارىسىدىكى ئالاھىدە سەز-گۈر دىپلوماتىيە مەسىلىسى بولۇپ قالغانىدى.

كۆڭلى غەشلىككە تولغان پولك قېشىدا ئولتۇرغان خانىمى چىلدېرسقا دىپلوماتىيە ساھەسىدە ئۆز ۋۇندىن بۇيان ھەل بولماي كېلىۋاتقان بۇ ئىشنى ئۆزى تەختكە چىققاندىن كېيىن قانداق قىلىپ تەلتۆكۈس ھەل قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ:

— خانىم، مەن تەختكە چىققاندا، ئورېگون رايونى پۈتۈنلەي ئامېرىكىغا تەۋە بولىدۇ دەپ، نېمىشقا شۇنداق ۋەدە بەرگەنلىكىم-نى بىلمەيمەن. مەن ئورېگوننى تارتىۋالسام، سايلىغۇچىلار ئاك-تىپلىق بىلەن ماڭا بېلەت تاشلايدۇ دەپ ئويلىغان بولسام كې-رەك. لېكىن تارىختىن قېپقالغان بۇ ئىشنى ھەقىقىي ياخشى

تۇتۇپ ئىشلەش، ھەككە تولىمۇ ئاسان ـ ھە! ھەي، مەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندە مۇشۇ ئىشقا كۆپرەك باش قاتۇردۇم، قاتمۇ قات قىيىنچىلىقىقا يولۇققان بولسامۇ، ئاخىر يەنىلا ھەل قىلدىم! ...، — دېدى.

پولك كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئاشۇ كۆڭۈلسىز كۈنلەرنى ئەسلىدى. ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ كۆپ ئۆتمەي ئامېرىكا پارلامېنتى پولكنى ئەنگلىيە بىلەن ئىمكان بار تېزدىن ئورېگون چېگرىسىنى تالىشىشقا مەجبۇر قىلىدىغان بىر تۇرلۇك قارارنى ماقۇللىدى. بۇ ئورېگوننى ئورتاق ئېچىش توغرۇلۇق ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇن تۈزۈلگەن شەرتنامە پۈتۈنلەي ئېتىبارسىز قالدۇرۇلۇپ، پولكنى قورال كۈچى ئىشلىتىپ، بۇ مۇنبەت زېمىننى تارتىۋېلىپ، ئامېرىكىغا قوشۇۋېتىشكە ئۈندەيدىغان قارار ئىدى. پولك قىيىن ئەھۋالدا قالدى، ئۇ تەختكە چىقىشنىڭ ئالدىدا بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، پۇقرالارنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك ئىدى. ئورېگوننى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئەنگلىيە ئارمىيىسى بىلەن قانلىق جەڭ قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ئەمما شۇ چاغدا ئامېرىكا ئارمىيىسى مېكسىكا بىلەن كالىفورنىيىنى تالىشىش ئۇرۇشى قىلىۋاتاتتى. پولك بۇنداق ئەھۋالدا ئەنگلىيىلىكلەرگە تاقابىل تۇرغۇدەك ئەسكىرىي كۈچ ئاجرىتالمايتتى.

— خانىم، مەن بۇ ئەھۋالدا جانلىق دىپلوماتىيە ۋاسىتىلىرىنى قوللاندىم، ئەنگلىيىلىكلەر بىلەن ئەپلىشىپ، چېگرا سۆھبىتى ئۆتكۈزدۈم! — پولك بۇ ئىشنىڭ جەريانىنى خانىمغا بىراقلا سۆزلەپ بەردى، — ئۇرۇشتىن ئاخىر ساقلىنىپ قالدۇق، مەنمۇ ئورېگوننىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان چوڭ رايونلارغا ئېرىشتىم، 1846 ـ يىلى ئەنگلىيە بىلەن چېگرا شەرتنامىسى ئىمزالاشقا قوشۇلدۇم، بۇ ئىش مەن زۆرۈر دەپ تونۇغان مەزگىلدە ھەرھالدا چىرايلىق ھەل بولدى...

پولكنىڭ كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلاپ كەتتى. 6 ـ ئاي. ىنىڭ باشلىرى ناشۋىلدا ھاۋا تولىمۇ ئىسسىپ كەتتى، پولك تاماقتىن قالدى. بىر تېرە ـ بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان پولك ئاغرىق دەستىدىن كارىۋاتتا زارلىنىپ ياتاتتى. پولك جىگەر كې. سەللىنىڭ ئازابىغا ھەقىقەتەن چىدىماي قالغان كېيىنكى كۈنلەردە گورل دوختۇرنىڭ بىھوش قىلىدىغان دورىلىرىغا تايىنىپ، ئۆمە. رىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدىكى كېسەل ئازابىدىن قۇتۇلۇشقا تىرى. شاتتى.

پولكنىڭ ئەس ـ ھوشى ئىزچىل ئوچۇق بولۇپ كەلدى، ئاغرىق قاتتىق تۇتۇپ كەتكەندە زېھنى ئوچۇق بولسىلا، ئۇ قېشىدا ئولتۇرغان خانىمى — چىلدېرسقا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەز. گىلدە قىلغان چوڭ ئىشلىرىنى پەس ئاۋازدا سۆزلەپ بېرەتتى. پولك ئەڭ ئىپتىخارلىنىدىغان ئىش شۇكى، ئۇ ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقىتتا مېكسىكا بىلەن ئىككى يىلدىن كۆپرەك ئۇرۇش قىلدى. ئۇ زوڭتوڭ سايلام رىقابىتىدە بەرگەن ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۆزى ئۇزۇندىن بۇيان كۆز تىكىپ كېلىۋاتقان كالىفورنىيىنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

پولك بۇ ھەقتىكى ئىشلارنى خانىمىغا يېقىملىق ۋە تەسىر. لىك قىلىپ سۆزلەپ بېرەتتى: بۇ شەپقەتسىز ئۇرۇش 1846 ـ يىل 5 ـ ئايدا پارتلىدى، بۇ ئۇنىڭ ئاقسارايغا كىرگىنىگە ئىككى يىل بولغان چاغ ئىدى. بۇ ئۇرۇشنىڭ پارتلىشىغا ئامېرىكا مېك. سىكىغا تەۋە بولغان تېكساسنى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى خەرىتى. سىگە قوشۇۋېلىشى سەۋەب بولدى. ئىسپانىيە ئامېرىكا بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەنلىكىنى جاكارلىدى. پولك كا. لىفورنىيىگە ئېرىشىدىغان ياخشى پۇرسەتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى. نى ھېس قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ پارلامېنتقا ئۇرۇش قىلىش توغرۇلۇق دوكلات سۇندى، دوكلات ماقۇللانغاندىن كېيىن ئامېرىكا ـ مېكسىكا ئۇرۇشى پارتلىدى.

كالىفورنىيە پولك كېچە ـ كۈندۈز ئىنتىزار بولغان سىرلىق
زېمىن ئىدى. ئۇرۇشتىن بۇرۇن ئۇ بۇ زېمىننى ھېسابسىز پۇل
خەجلەپ، تىنچلىق ۋاستىسى ئارقىلىق سېتىۋېلىشنىمۇ ئويلىغا-
نىدى. لېكىن مېكسىكا ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا ئاسانلىقچە كۆنمەيت-
تى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ھۆكۈمىتى قۇدرەتلىك قوشۇن چىقاردى،
ساناقسىز جەڭ ئاتلىرى شىددەتلىك ئېقىندەك كالىفورنىيىگە تو-
سالغۇسىز باستۇرۇپ كىرىپ، دۈشمەن ئارمىيىسىنى تىرىپىرەن
قىلىۋەتتى. ئامېرىكا ئارمىيىسى ئۇنىڭ قوماندانلىقىدا بۇئېناۋىس-
تا ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشتى. مۇرەسسە قىلىشقا ھەم
تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولغان مېكسىكا ھۆكۈمىتى ئاخىر پولك
بىلەن «گۋادا لۇپې ـ ھېدالگو شەرتنامىسى» نى ئىمزالىدى.
پولك سايلام رىقابىتىدە ئامېرىكا سايلىغۇچىلىرىغا كالىفورنىيىنى
ئامېرىكىنىڭ بىر شتاتىغا ئايلاندۇرۇش توغرىسىدا بەرگەن ۋەدى-
سىنى ئەمەلگە ئاشۇردى!

— سارا، مەن بىر نۆۋەتلىك ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بولسامۇ،
لېكىن مەن ياراتقان تۆھپىنى ئىككى نۆۋەت ئۇدا ۋەزىپە ئۆتىگەن
ئامېرىكا زۇڭتۇڭلىرى ياراتقان تۆھپىگە سېلىشتۇرغىلى بولماي-
دۇ. شۇڭا مەن ئىپتىخارلىنىمەن، كۆڭلۈم ناھايىتى
توق. — ئاغرىق توختىتىش دورىسى ئۇنىڭ زەئىپ تېنىدە
ئۇنۇمىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئۇ چىلدىرس خانىمنىڭ ئالدىدا
ئۆزىنىڭ ئاقسارايدا ئۆتكەن قىسقىغىنا ھاياتىنى ئىپتىخارلانغان
تەلەپپۇزدا يەكۈنلەيتتى. ئۇ خانىمغا، — بەزىلەر مېنى كېڭەيمى-
چىلىك سىياسىتىنى يۈرگۈزدى دېيىشتى، بەزىلەر مېنى زۇڭ-
تۇڭلار ئىچىدە ئەڭ كۆپ زېمىننى تالان ـ تاراج قىلغان زۇڭتۇڭ-
لارنىڭ بىرى دېيىشتى. خانىم، مەن بۇ پاكىتقا ئىقرار، لېكىن
بۇ ئىشنى ھەرگىز يامان دېمەيمەن. بىر زۇڭتۇڭ پەقەت ئۆز
دۆلىتى ئۈچۈن زېمىنگە ئېرىشكەن بولسا، ئۇنى كېيىنكى ئەۋلاد-
لار مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ! دۇنيادا ئۆز دۆلىتى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ

زېمىنگە ئېرىشىشتىنمۇ ئۇلۇغ تۆھپە يوق! سارا، شۇنداقمۇ؟

چىلدېرسنىڭ كىرپىكلىرى نەمدەلدى. ئۇ ئېرىنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان شۇنچە كۈنلەردىن بېرى ئۆزى ئاجىز بولسىمۇ، قەلبىگە ئۇلۇغۋار ئىستەكلەرنى پۈككەن پولكقا ھەيران قالدى ۋە قايىل بولدى. گەرچە ئۇنىڭ ئاقسارايدا ھوقۇق تۇتقان مەزگىلى ئىنتايىن قىسقا بولسىمۇ، ئامېرىكا - مېكسىكا ئوتتۇرىسىدا ئىككى قېتىم ئۇرۇش بولدى، ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلغان كالىفورنىيىنى تارتىۋېلىش ئۇرۇشىدا خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى، ھەتتا ۋىگچىلار ئۇنى «ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ تاجاۋۇزچى» دەپ تىللىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن ھەمراھى ھەم ئەگەشكۈچىسى چىلدېرس خانىم «‹تاجاۋۇزچىلىق›، ئەمەس، بەلكى ئامېرىكا خەلقى ئۈچۈن قوشقان شانلىق ئۇرۇش مۆۋەپپەقىيىتى! تارىختا مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان ئالەمشۇمۇل تۆھپە! » دەپ ھېسابلىدى.

— شۇنداق، پولك، باشقىلارنىڭ بۇ ئۇرۇشقا قانداق باھا بېرىشىدىن قەتئىينەزەر مەن شۇنداق قارايمەنكى، سىزنىڭ بارلىق ئىشلىرىڭىز ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى تارىخىغا يېزىلىدۇ، ئەبەدىلئەبەد ئۇنتۇلمايدۇ! — دېدى چىلدېرس خانىم چوڭقۇر قايىل بولۇش ھېسسىياتى بىلەن ئىغىر كېسەل ھالەتتە ياتقان ئېرىگە قاراپ.

— مېنىڭ ۋىجدانىم پاك، مەن ئامېرىكا ئۈچۈن قىلغان ئىشلىرىمنىڭ يالغۇز بولا ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىۋاتىمەن، — مۇشۇ گېپى بىلەن خانىمىنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشكەنلىكىنى سەزگەن پولك ئىپتىخار تۇيغۇسىدا يېنىك كۈلدى. ئۇ گېپىنى داۋام قىلىپ، — مەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن چاغدا، يىگىرمە توققۇزىنچى شتات ئىئوۋا شتاتى ۋە ئوتتۇزىنچى شتات ۋىسكونسىن شتاتى بار بولدى. كېيىنكىلەر ئەسلىگەن ھامان مۇشۇ ئىشنىمۇ مېنىڭ قىلغانلىقىمنى ئويلايدۇ. سارا، ئاقسارايغا

كىرگەن بىر زوڭتوڭنىڭ ھوقۇق تۇتقان مەزگىلىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىغا قارىماسلىق كېرەك ئىكەن، مۇھىمى، ئۇنىڭ ئامې ـ رىكا قوشما شتاتلىرى ۋە ئەۋلادلار ئۈچۈن قانچىلىك پايدىلىق ئىش قىلىپ بەرگەنلىكىدە ئىكەن. سەمىمىيلىك بىلەن دېسەم، مەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ھەممىنى قىپتىمەن…، — دېدى.

— شۇنداق، پولك، ئامېرىكا خەلقىنىڭ ھېچقايسىسى سىز ـ نىڭ بۇ ياخشىلىقلىرىڭىزنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ!…، — چىلدېرس خانىم ئېرىنىڭ ھارغىن كۆزلىرىنى يۇمغانلىقىنى، قورۇلۇپ قالغان ئاغزىنىڭ چۆرىلىرىدە شادلىق كۈلكىسىنىڭ جىلۋىسىنى كۆرۈپ، ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ھۇج ـ رىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئىشىكنى ياپىدىغان چاغدا كۆزلىرىنى دېرىزىنىڭ يېنىدىكى كارىۋاتتا خاتىرجەم ئۇخلاۋاتقان ئېرىگە تىك ـ تى، ئېرى ئۇخلاۋاتاتتى. بۇ پولكنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقاندىن بۇيان بىرىنچى قېتىم خاتىرجەم ئۇخلىشى ئىدى.

چىلدېرسنىڭ كۆڭلى ئەمىن تېپىپ كۈلدى. چۈنكى ئۇ ئېرىنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقان چاغدا، ئۇ ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئۆزىگە سىر بولۇپ كەلگەن نۇرغۇن ئىچكى ئەھۋاللاردىن خە ـ ۋەردار بولدى.

1846 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت توققۇزدا، سىياسىي سەھنىدە «قارا ئات» دەپ نام ئالغان زوڭ ـ تۇڭ جامېس كنوكس پولك ئۆزى كۆرەش قىلغان ئىككىن ـ چى يۇرتى — تېننېسسى شتاتىنىڭ ناشۋىل شەھىرىنىڭ سىرتىدى ـ كى داچىدا مەڭگۈ كۆز يۇمدى. ئۇ شۇ يىلى ئەمدىلا ئەللىك ئۈچ ياشقا كىرگەنىدى!

پولك ئاقسارايدىن ئايرىلىپ ئۈچ ئاي بولا ـ بولمايلا ۋاپات بولدى، ئۇنىڭ ۋاپاتى ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇش سەھنىسىدىكىلەرنى ھەيران قالدۇردى. ئاشۇ يىللاردا تېكساسنى ئامېرىكىغا قوشۇۋې ـ

لىشنى قوللىغانلار، ئۇنىڭ كالىفورنىيە بىلەن ئورېگوننى تارتى-ۋېلىش قارارىنى ھىمايە قىلغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار، بۇنىڭدىن باشقا ئامېرىكا زېمىنىنى ئۆزلۈكسىز كېڭەيتىشنى تە-شەببۇس قىلغان پارلامېنت ئەزالىرى قەيسەر پولكنىڭ ۋاقىتسىز ۋاپات بولۇپ كەتكىنىگە قاتتىق قايغۇردى.

ئامېرىكا ئاقسارىيى پولكنىڭ كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكىگە ئېچىنىپ مۇراجىئەتنامە ئېلان قىلدى. پولكنى قوللايدىغان بىر تۈركۈم ئەمەلدارلار ئامېرىكا پارلامېنتى-نىڭ خاتىرىلەش مۇراسىمىدا كەينى - كەينىدىن تەسىرلىك نۇتۇق سۆزلەپ، ماقالە ئېلان قىلىپ، پولكنىڭ قىسقىغىنە تۆت يىل داۋام قىلغان زۇڭتۇڭلۇق مەزگىلىنى «ۋىجدان بىلەن ئۆتكەن تۆت يىل!» دەپ مەدھىيىلىدى، بەزىلەر پولكنى «ئەڭ مۇنەۋ-ۋەر، ئەڭ سەمىمىي، ئەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئامېرىكا زۇڭ-تۇڭلىرىنىڭ بىرى!...» دەپ باھا بەردى.

ئامېرىكىنىڭ يېڭى زۇڭتۇڭى زاخارى تايلور شەخسەن ئۆزى تېننېسسى شتاتىغا بېرىپ ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشتى. بۇ ئامېرىكىنىڭ تۇنجى زۇڭتۇڭى ۋاشىنگتون ۋاپات بولغاندىن كې-يىن تەختتىن چۈشكەن زۇڭتۇڭلارنىڭ دەپنە مۇراسىملىرى ئى-چىدە ئەڭ تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق دەپنە مۇراسى-مى ئىدى. تېننېسسى شتاتى ناشۋىلنى ئىككىنچى يۇرتۇم دەپ بىلگەن سابىق زۇڭتۇڭغا يەتتە كۈن قارىلىق تۇتتى. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن پەتىچىلەرنىڭ يەتتە كۈنگىچە ئايى-غى ئۈزۈلمىدى. ناشۋىلدىكى شتات پارلامېنت بىناسىنىڭ ئالدى گۈلچەمبىرەك دېڭىزىغا ئايلاندى.

پولكنىڭ مېيىتىنى ناشۋىلدىكى پارلامېنت بىناسى ئالدىدىكى مەيدانغا قويۇشقا رۇخسەت قىلىندى. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن مەرھۇمنىڭ ئايالى سارا چىلدېرس ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ مېيىتىمۇ شۇ يەرگە قويۇلدى.

# ئون ئىككىنچى باب

# ئون ئالته ئاي داۋام قىلغان زوُختوُخلوُق هايات

## —— ئون ئىككىنچى زوُختوُك زاخارى تايلور



زاخارى تايلور 1784 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى يېرىم كېچىدە ۋىرگىنىيە شتاتىغا قاراشلىق ئورىن ناھىيىسىدىكى بىر كەنتتە دۇنياغا كەلگەن. دادىسى قۇرۇقلۇق ئارمىيە پودپولكوۋنىكى بولغان، ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ بوز يەر ئېچىپ، دېھقانچىلىق قىلغان. ئائىلىسىدىكىلەر دېھقانچىلىق بىلەن مەشغۇل بولغانلىقتىن تايلور كىچىكىدىلا ئۆگىنىشكە قىزىقمايدىغان بولۇپ قالغان؛

1803 ـ يىلى كېنتۇككىدىكى يەرلىك قوراللىق كۈچلەر سېپىگە قاتناشقان، ھەربىي ساھەگە قەدەم قويغان؛ كېيىن يەتتىنچى پىيادە ئەسكەرلەر پولكىغا كىرىپ، ئىككىنچى دەرىجىلىك لېيتېنانت بولغان؛

1810 ـ يىلى مارگارېت ماككال سمىت خېنىم بىلەن توي قىلغان؛

1812 ـ يىلى ئەنگلىيىگە قارشى ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇشتا باتۇرلارچە جەڭ قىلغانلىقى ئۈچۈن مايورلۇق ئۇنۋانى بېرىلگەن؛

1815 ـ يىلى ئۇرۇش ئاياغلىشىپ، ئىككىنچى يۇرتى كېنتۇككىغا قايتىپ دېھقانچىلىق قىلغان؛

1816 ـ يىلى چاقىرىق بىلەن قايتىدىن ھەربىي سەپكە كىرىپ، ئۈچىنچى پىيادە ئەسكەرلەر پولكىنىڭ مايورلۇقىغا تەيىنلەنگەن؛ ياندۇرقى يىلى قۇرۇقلۇق ئارمىيە پودپولكوۋنىكلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن؛

1819 ـ يىلدىن 1829 ـ يىلغىچە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مىچىگان رايونى روبىنسون ئەسكەرلەر گازارمىسىنىڭ قوماندانى بولغان؛

1832 ـ يىلى بىرىنچى پىيادە ئەسكەرلەر پولكىنىڭ كوماندىرى بولـ. غان ھەمدە پولكوۋنىكلىققا ئۆستۈرۈلگەن؛

1832 ـ يىلى ئىندىئانلارنىڭ ئۇستىدىن قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىلـ. غان «قارا بۈركۈت ئۇرۇشى» غا قاتناشقان، ئۇرۇشتا تۆھپە ياراتقانلىقى ئۈچۈن 1836 ـ يىلى مىسسۇرى جېففېرسون ھەربىي گازارمىسىنىڭ قوماـ. دانلىقىغا تەيىنلەنگەن؛

1837 ـ يىلى ئىندىئانلارنىڭ ئۇستىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئىككىنچى قېتىملىق قىرغىنچىلىق ئۇرۇشى «سىمېنور ئادىمى ئۇرۇشى» دا ئاجايىپ تۆھپە ياراتقانلىقى ئۈچۈن قۇرۇقلۇق ئارمىيىنىڭ پەخرى بىرىگادا گېنېرالـ. لىقىغا ئۆستۈرۈلگەن؛

1845 ـ يىلى مېكسىكا بىلەن بولغان ئۇرۇشتا پەخرى گېنېرال مايورلۇققا ئۆستۈرۈلگەن؛

1847 ـ يىلى مېكسىكا ـ ئامېرىكا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن پارلامېنت تارقاتقان ئالتۇن ئوردېنغا ئېرىشكەن؛ شۇ يىلى ھەربىي ۋەزىپىدـ. سىدىن ئىستېپا بېرىپ كېنتۇككىغا قايتقان؛

1848 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ۋىگ پارتىيىسى تايلورنى زۇڭتۇڭ نامزاتلىقىغا كۆرسەتكەن، شۇ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن زۇڭتۇڭ سايلىـ. مىدا بىر مىليون ئۈچ يۈز ئاتمىش مىڭ ئاۋاز بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئون ئىككىنچى زۇڭتۇڭى بولغان؛

1849 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى قەسەم بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالـ. غان. ئون ئالتە ئاي ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ 1850 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ۋەزىپە ئۆتەۋېتىپ ئاقسارايدا تۇيۇقسىز ۋاپات بولغان.

# چاقماقتەك چاققان گېنېرال ئاقسارايىنىڭ باشلىقى بولۇشتەك مۇھىم خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدى

1850 - يىل 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، ئاقسارايىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە جايلاشقان مەشھۇر ئېللىپىس شەكىللىك ئىشخانىدىكى كاتتا ئىش ئۈستىلىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان كالېندارغا مۇنداق بىر قۇر ئىنگلىزچە خەت يېزىلغان: «چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە زۇڭتۇڭ ۋاشىنگتون خاتىرە سارىيىنىڭ ئۇل قويۇش مۇراسىمىغا قاتناشقايسىز...»

ئاتمىش بەش ياشلىق زۇڭتۇڭ تايلور بويى ئېگىز، قامەتلىك ئادەم ئىدى، بۈگۈن ھاۋا تولىمۇ ئىسسىق ئىدى. تايلورنىڭ ئاقسارايدىكى ئىشخانىسى خېلىلا سالقىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دېمى سىقىلغاندەك بولۇپ، تەرگە چۈمۈلۈپ كېتىۋاتاتتى. مۇشۇنداق ئىسسىقتا ۋاشىنگتون كوچىسىغا بېرىپ ۋاشىنگتوننىڭ مۇنارىنى تىكلەش مۇراسىمىغا قاتناشسا، ئۆزىنىڭ ئىسسىققا بەرداشلىق بېرەلمەسلىكىنى ئويلاپ تۇرۇپ كەتتى.

— دادا، بۇ مۇراسىمغا چوقۇم بارامسىز؟ — دېدى يېنىدا تۇرغان كۆزلىرى كۆك، چاچلىرى سېرىق، زىلۋا بويلۇق نازاكەتلىك قىز تايلورغا. بۇ قىزنىڭ ئىسمى مارىيې ئېلىزابېت ئىدى. چىرايلىق ھەم غۇنچە بوي مارىيې خېنىم زۇڭتۇڭ تايلور ۋە ئۇنىڭ خانىمى — ئېرلاندىيىلىكلەرنىڭ پۇشتى بولغان مارگارېت ماككال سىمىتنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىق قىزى ئىدى. تايلور ھەربىيلىك سالاھىيىتى بىلەن ئاقسارايغا كىرگەندىن بۇيان، ئاقسارايىنىڭ تارىخىدا شەكىللەنگەن يوسۇن بويىچە ھەرقانداق كاتتا دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرىگە ئۇ جەزمەن خوتۇنى سىمىت بىلەن بىللە بېرىشى كېرەك ئىدى. بىراق، تايلور كېنتۇككىدىكى دېھقان ئائىلىسىدە چوڭ بولغان، خوتۇنى گەرچە ئېرلاندىيىلىكلەرنىڭ پۇشتى بول-

سىمۇ كىچىكىدىن كېنتۇككىنىڭ چەت - ياقىسىغا جايلاشقان يېزىسىدا چوڭ بولغاچقا، بۇ ئاق كۆڭۈل خانىم قائىدە - يوسۇنلارنى تازا بىلىپ كەتمەيتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ساۋاتسىز ئىدى، شۇڭا ئۇ ئاقسارايدا پات - پات ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان ئالىي دەرىجىلىك دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشتىن ئەيمىنەتتى. بۇنداق ئەھۋالدا تايلور نائىلاج سىمىت خانىمنىڭ ئورنىغا ئۇماق ھەم چېچەن كىچىك قىزى مارىي ئېلىزابېتنى ھەمراھ قىلىۋالىدىغان بولدى. مارىي خېنىم قائىدە - يوسۇنلۇق قىز ئىدى. ئوفىتسېرلىكتىن كېلىپ چىققان زۇڭتۇڭ تايلور نۇرغۇن دىپلوماتىيە سورۇنلىرىدا مېھمانلارنى ناھايىتى تەبىئىي ھەم تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئۇزىتاتتى. دادىسىنىڭ ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشخانىسىغا كىرىپ كاتىپى برېتسېنىڭ كالېندارغا يېزىپ قويغان دۆلەت ئىشلىرى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قاراپ قويۇپ قاپىقىنىڭ تۇرۇلۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرغان مارىي خېنىم بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشنى ۋاقتىنچە بىكار قىلىۋەتسە بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى دادىسىنىڭ سەمىگە سالدى.

— نېمە؟ خاتىرە مۇنار، ئۇل قويۇش مۇراسىمىغا مەن قاتناشمىسام بولىدۇ دەمسىز؟ — تايلور قىزى مارىيېنىڭ قاراشلىرىدىن ۋە ئۇنىڭ رەنجىش تەلەپپۇزىدا قىلغان گېپىدىن ئۇنىڭ مەقسىتىنى دەرھال چۈشەندى. لېكىن تايلور مىجەزى قوپال، تۈز ئادەم بولغاچقا، مارىيېنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تېرىكىپ، قىزىنىڭ سۆزىگە رەددىيە بەردى، — بولدى قىل، مۇشۇنداق مۇراسىمغا مەن قاتناشمىسام قانداق بولىدۇ؟ ۋاشىنگتون دۆلەت قۇرغۇچى تۆھپىكار، ئۇنىڭ ئۈچۈن خاتىرە مۇنارى تىكلەش پارلامېنتىنىڭ تەكلىپى، مەن زۇڭتۇڭ تۇرۇپ بۇ مۇراسىمغا قاتناشمىسام، ئۇ چاغدا ئۆكتىچىلەرنىڭ بىردەك ئەيىبلىشىگە ئۇچرىمامدىم؟

مارىي ئەنسىرىگەن ھالدا دادىسىغا نەسىھەت قىلىپ:

— لېكىن ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتتى! سىز ياشىنىپ قالغان

ئادەم، ئاپتاپ ئۆتۈپ ئاغرىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن، بۇ ھەرگىزمۇ چاقچاق قىلىدىغان ئىش ئەمەس! — دېدى.

— سەن نېمىنى بىلىسەن؟ — قىزنىڭ ياخشى كۆڭلىنى تېرىكىپ تۇرغان تايلور قوبۇل قىلمىدى، ئەكسىچە قەتئىيلىك بىلەن، — ماڭا نەسىھەت قىلما، چۈشتىن كېيىنكى يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا كۆيۈپ كەتسەممۇ مەيلى، جەزمەن قاتنىشىمەن! ...، — دېدى.

مارىي يەنىلا خاتىرجەم بولالماي جاھىل دادىسىغا دۇدۇقلاپ تۇرۇپ نەسىھەت قىلىپ:

— سىز نەچچە كۈندىن بېرى چېچىلىپلا يۈرۈۋاتىسىز، ئۇ-نىڭ ئۈستىگە ھاۋا بەكمۇ قىزىپ كەتتى. مەن ھەقىقەتەن سىزدىن...، — دېدى.

— بولدى بەس، مەن جەزمەن بارىمەن! — تايلور تۇرمۇشتا ئۆزىگە كاتىپ بولۇپ يۈرگەن قىزىنىڭ كۆڭلىنى چوڭقۇر چۈشەن-گەن بولسىمۇ، لېكىن چۈشتىن كېيىن ۋاشىنگتون كوچا ئاغزىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۇل قويۇش مۇراسىمىغا بارمىسا قەتئىي بولماي-دىغانلىقىنى بىلەتتى. چۈنكى دۆلەت قۇرغۇچى زۇڭتۇڭ ۋا-شىنگتوننىڭ ئامېرىكا خەلقىنىڭ قەلبىدە ھەقىقەتەن يۈكسەك ئى-ناۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكى تايلورغا ئېنىق ئىدى. مەيلى ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان، ياكى تەختتىن چۈشكەن ھەرقانداق بىر زۇڭتۇڭنى مەرھۇم ۋاشىنگتونغا سېلىشتۇرۇپ بولمايتتى. ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىغا تەۋە ئوتتۇز شتات بۇ دەۋر بۆلگۈچ ئۇلۇغ تارىخىي ئەربابنى ئۇنتۇمايتتى. ئۇ ئاقسارايدا زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋالغۇچى، شۇنداقلا ۋاشىنگتوننىڭ سادىق قوللىغۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ مۇراسىمغا قاتناشمىسا ئەسلا بولمايتتى.

قىزى مارىي چىقىپ كەتتى، تايلور ئىشخانىسىدا چېچىلغان پېتى قالدى. ئۇ تۇرۇپلا ئۈستەلنى مۇشتلاپ، ئورۇندۇقنى ئې-تىپ كىملەرگىدۇر ئاچچىق قىلدى. كەيپىياتىنىڭ نېمىشقا بۇن-

داق تەرسا بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئۆزى بىلىپ تۇراتتى. جەنۇب-
تىكى بىرنەچچە شتات رەھبەرلىرى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا يۈز
بەرگەن ئوچۇق توقۇنۇش ئۇنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىغانىدى.

تايلور ئېغىر غەمگە پاتتى. ئۇ بۇلتۇر زۇڭتۇڭلۇق تەختىدە
ئولتۇرۇپلا ناھايىتى چوڭ قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەنىدى، قۇل-
دارلىق تۈزۈمى مەسىلىسىدە جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدا
ئىختىلاپ بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. شىمالدىكى
ھەرقايسى شتاتلا قۇلدارلىق تۈزۈمگە جېنىنىڭ بارىچە قارشى
تۇراتتى. جەنۇبتىكى زور بىر تۈركۈم ئېكىنزار خوجايىنلىرى
ئەزەلدىن بار قۇلدارلىق تۈزۈمىنى قوغداشنى تەشەببۇس قىلاتتى.
پولك ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان چاغدا قورال كۈچى ئىشلىتىپ مېكسىكى-
دىن تارتىۋالغان نۇرغۇن يەرگە قارىتا يېڭى زۇڭتۇڭ تايلور
مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. مەسىلەن، كالىفورنىيە
شتاتى ئەركىن شتات سۈپىتىدە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىغا قوشۇ-
لۇشنى، يېڭى مېكسىكىمۇ قۇلدارلىق تۈزۈمنى چەكلەش ئۇسۇلى
بىلەن ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ بىر شتاتى بولۇشنى ئىلتى-
ماس قىلدى، بۇ ئىلتىماسلارنى قانداق قىلغاندا مۇۋاپىق بىر
تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ دېگەن مەسىلىدە، بىر قولىنى ئىككى
قىلالمايۋاتقان تايلور پارلامېنتنى ۋە خەلقنى قايىل قىلالىغۇدەك
بىر لايىھە ئاچىقىشى كېرەك ئىدى.

ھەربىيلىكتىن كېلىپ چىققان تايلورنى پاراكەندە قىلىۋاتقى-
نى ئىشلار ئۇنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولمايۋاتاتتى. ئۇ بۇرۇن
ئۆزى ئارمىيىگە قوماندانلىق قىلغان چاغلاردىكىگە ئوخشاش چى-
گىش زىددىيەتلەرنى بىرلا بۇيرۇق بىلەن ھەل قىلىۋېتىمەن دەپ
ئويلىغانىدى. تايلور بۇيرۇقنىڭ بۇ يەردە ھېچقانداق رولى يوقلۇ-
قىنى بىلدى. گەرچە جەنۇب بىلەن شىمال بىرلىكى مەسىلىسىدە
ئۇ ئۆزى تۇرۇۋاتقان جەنۇبتىن، ئۆزى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان قۇللار-
نىڭ مەنپەئىتىدىن قەتئىي ۋاز كېچىپ مەۋجۇت قۇلدارلىق تۈزۈ-

مىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ھىمايە قىلغان ئاساستا دۆلەتنىڭ خا-
تىرجەملىكى ۋە بىرلىكىنى قوغداشتىن ئىبارەت ئومۇملۇقنى
كۆزدە تۇتقان بولسىمۇ، ئەمما پارلامېنتتىكى تۇگىمەس تالاش -
تارتىش ئۇنى تولىمۇ ئۇمىدسىزلەندۇرۇپ قويدى. پارلامېنت تاي-
لورنىڭ تەدبىرىنى ئېتىبارغا ئېلىپمۇ قويمىغانىدى، پارلامېنتتى-
كى ئىككى خىل قاراشتىكىلەر جەنۇب - شىمالدىكى ھەرقايسى
گۇرۇھلارغا ئوخشاش ئۆز قاراشلىرىدا چىڭ تۇرۇۋېلىشتى.
تالاش - تارتىش ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتتى. بەزىدە جەنۇب بىلەن
شىمال ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ ئۆتكۈرلىشىپ كەتكەندە، پارلا-
مېنت بىناسىغا قورال ئەكىرىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ قالاتتى.
تالاش - تارتىش چىڭغا چىققاندا قورال ئىشلىتىدىغان ئىشلار يۈز
بېرەتتى.

«ئەبلەخلەر، مەن ھامان بىر كۈنى بارلىق مەسىلىلەرنى
قاتتىق ۋاستە بىلەن ھەل قىلىمەن. مەن ھەرگىزمۇ قورچاق
زۇڭتۇڭ بولمايمەن. زۇڭتۇڭلۇق ھوقۇقۇمنى جەزمەن ئىشلىتى-
مەن!» تايلور زۇڭتۇڭلۇق ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ يېرىم يىل
ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھەر ۋاقىت پارتلاش ئېھتىمالى بولغان
يانار تاغ ئۈستىدە ئولتۇرغانلىقىنى بارغانسېرى ھېس قىلدى.
تالاي جەڭلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، ھەربىي بۇيرۇقنى مۇقەد-
دەس بىلىپ، بىر ئېغىز گەپ بىلەن ھەممىنى ئۆزىگە ئىتائەت
قىلدۇرۇپ ئادەتلەنگەن تايلور ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بولۇش سۈپىتى
بىلەن بۇنداق قالايمىقان ۋەزىيەتنىڭ ئۇزاق ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ
تۇرۇشىغا سەۋر قىلىپ تۇرالمايتتى.

بۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئىلگىرى، جەنۇبتىكى ئون بىر شتات-
نىڭ باشلىقلىرى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدىن ئايرىلىپ چىقىپ
كېتىش ئالاھىدە ھەرىكىتىنى مەخپىي پىلانلىغانىدى. بۇ ئىشتىن
خەۋەر تاپقان تايلور جەنۇبتىكى ئون بىر شتاتنىڭ رەھبەرلىرىنى
دەرھال ئاقسارايغا يىغدى. تايلور تولىمۇ جىددىي كەيپىيات ئىچىد-

دە ئېچىلغان بۇ يىغىندا شىمالدىكى قاتتىق قوللۇقلارغا نارازى جەنۇبتىكى شتات باشلىقلىرىنى يۈزمۇيۈز تۇرۇپ غەزەپ بىلەن سۆكتى. ئۇ:

— ناۋادا سىلەر ئاقسارايىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە بويۇنتاۋلىق قىلساڭلار، ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئايرىلىشقا پېتىنساڭلار، ئۇنداقتا زۇرۇر تېپىلغان هامان مەن ئەسكەرلىرىمنى باشلاپ بىرىپ هەربىرىڭنى ئەينى چاغدا مېكسىكا ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرگەندەك ئۆلتۈرىمەن! كىمدەكىم زوڭتۇڭ بىلەن قارشىلىششقا، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدىن ئايرىلىپ چىقىپ كېتىشكە پېتىنىدىكەن، شۇ زەربىگە ئۇچراپ گۇمران بولۇشى مۇمكىن! — دېدى.

تايلور هۆكۈمىتىگە چوڭقۇر دۈشمەنلىك ساقلاپ كېلىۋاتقان جەنۇبتىكى شتات باشلىقلىرى تايلورنىڭ قورقۇتۇش ۋە تەهدىتلىرىگە مىتمۇ قىلىپ قويۇشمىدى. تايلور هېچقاچان بۇنداق كەمسىتىلىپ باققان ئەمەس ئىدى، غەزەپتىن تىترەپ كەتكەن تايلور ئۈستەلنى مۇشتلاپ ۋارقىراپ تۇرۇپ ئالدىدا ئولتۇرغان شتات باشلىقلىرىنى ئاگاهلاندۇرۇپ:

— سىلەر راستىنلا ئاقساراي بىلەن ئېلىشامسىلەر؟ سىلەر راستىنلا تايلور رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان هۆكۈمەتنى ئاجىز، ئىقتىدارسىز كۆرۈپ قېلىۋاتامسىلەر؟ مەن سىلەرنى جىددىي ئاگاهلاندۇرۇپ قويايكى، ناۋادا كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى جەنۇبتىكى هەرقايسى شتاتلار هالىغا باقماي يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولىدىكەن، مەن هەرقايسىڭلارغا مىلتىقىم بىلەن قىلىچىمنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ قويىمەن! مەن ئاسىي قوشۇنلارنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇۋېتىمەن. ئەگەر هەرقايسىڭ توپىلاڭدا قولغا چۈشۈپ قېلىشساڭ، قاچاق ئەسكەرلەر بىلەن جاسۇسلارنى مېكسىكىدا دارغا ئاسقانغا ئوخشاش هەرقايسىڭنىمۇ قىلچە ئىككىلەنمەي دارغ

ئېسىپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن! ...، — دېدى.

تايلور جەنۇبتىكى ھەرقايسى شتاتلارغا بېسىم ئىشلەتكەن، ھەتتا ۋاشىنگتوندا مۇشۇ يېقىندا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق ئوچۇق يىغىلىشتا: «ھەرقانداق خەۋپكە قارىماي قوشما شتاتلارنىڭ بىرلىكىنى قوغدايلى!» دەپ شوئار توۋلىغان بولسىمۇ، قورقۇنچلۇق خەۋەرلەر جەنۇبتىن يەنىلا ئۈزۈلمەي ئاقسارايغا كېلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تەھدىتى ئالدىدا بۆلۈنۈش ئويلىرىنى ئىزھار قىلىشالمىغان شتات باشلىقلىرى پەردە كەينىدە تۇرۇپ ئوتقۇيرۇقلۇق قىلماقتا ئىدى. جەنۇبتىكى ھەرقايسى شتاتلاردا سىياسىي مالىمانچىلىق يۈز بېرىش ئېھتىمالى يەنىلا مەۋجۇت ئىدى. تايلورنىڭ تومۇز ئىسسىقتا نېمىشقا ئاقسارايغا بېكىنىۋېلىپ چېچىلىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى مانا مۇشۇ ئىدى.

تايلورنىڭ پۈتۈن پىكىر - خىيالى ھەر ۋاقىت قورقۇنچلۇق سىياسىي كرىزىس پەيدا بولۇش خەۋپى بولغان جەنۇبتىكى چۆل - جەزىرىدە ئىدى. ئۇنىڭ كۈنلىرى ئاقسارايدا ۋەھىمە ۋە دەككە - دۈككە ئىچىدە ئۆتۈۋاتاتتى. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى: «جەنۇبتىكى ھەرقايسى شتاتلار كەڭ كۆلەملىك توپىلاڭ كۆتۈرۈپتۇ!» دېگەن خەۋەرنىڭ ئاقسارايغا تۇيۇقسىز يەتكۈزۈلۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

## تومۇزدا ئۇشتۇمتۇت ئىسسىق ئۆتۈپ كەتتى

ۋاشىنگتون چىرايلىق شەھەر ئىدى. رەتلىك ھەم كەڭ كەتكەن كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقى ياپيېشىل چىملىق ئىدى، ئۆيلەرنىڭ ئالدىدىكى توپ - توپ سۆگەت دەرەخلىرى كۈن نۇرىدا ئىرغاڭلاپ تۇراتتى. ئاپتاپتا سولىشىپ قالغان گۈللۈكتىكى گۈللەرمۇ تايلورنىڭ كۆڭلىدىكى غەشلىكنى باسالمىدى. تايلور

روھىي ھالىتى ئىنتايىن ناچار ئەھۋالدا، بۇ قېتىمقى ئۇل قويۇش مۇراسىمىغا كېتىۋاتاتتى.

سارغۇچ چاچلىرى ھەمىشە پاخپىيىپ تۇرىدىغان تايلور بۇ-گۈنكى تەنتەنىلىك مۇراسىمغا ھەربىيلەرگە خاس ئادىتى بويىچە ئاددىيلا كىيىنىپ ماڭغانىدى. ئۇ قىزى ئېلىزابېتنىڭ يارىشىم-لىق كاستيۇم - بۇرۇلكا كىيىش توغرىسىدا بەرگەن تەكلىپىنى ئاڭلىماي، ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغاندا كىيگەن كېلەڭسىز قارا تونىنى كىيىۋالغانىدى.

تايلور ئىچىدە جەنۇبتىكى بىرنەچچە شتات باشلىقلىرىنى تىل-لاپ كېتىۋاتاتتى. پارلامېنتتا ئەڭ تەسىرى بار پارلامېنت باشلى-قى كلاينىمۇ قوشۇپ تىللايتتى: «ئاناڭنى، كلاي دېگەن قانچى-لىك بىرنېمىتى، ئۇ نېمىسگە مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلى-مايدۇ؟» تايلور ئاچچىقى كەلگەندە ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتەتتى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغان كلاينى — ۋىگ پارتىيىسى-نىڭ بۇ باشلىقىنى، ئەينى چاغدا پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلىپ ئۇنى زوڭتۇڭ نامزاتلىقىغا كۆرسەتكەن بۇ شەپقەتچىسىنىمۇ ئۇن-تۇغانىدى.

1848 - يىلى زوڭتۇڭ سايلىمى بولغان چاغدا، زوڭتۇڭ سايلام رىقابىتىگە نىسبەتەن ئۇنىڭدا ھېچقانداق تەييارلىق يوق ئىدى. تايلور مېكسىكا بىلەن بولغان ئۇرۇشنى غەلىبىلىك ئاياغ-لاشتۇرۇپ، ئارمىيىدىكى ۋەزىپىسىدىن بوشانىدى، ئۇ خوتۇن - بالىلىرىنى ئېلىپ كېنتۇككىغا قايتتى. بۇ يەردە گېنېرال تايلور-نىڭ ناھايىتى چوڭ بىر پارچە مۇنبەت زېمىنى ھەم ئازادە داچىسى بار ئىدى. تايلور ۋە ئۇنىڭ خانىمى سىمىت جاپالىق ھەم خەتەرلىك جەڭگاھ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئاخىرقى ئۆمۈرلىرىنى خا-تىرجەم ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بۇ خىلۋەت ماكانغا كەلگەنىدى. دەل مۇشۇنداق چاغدا ۋىگ پارتىيىسىنى قايتىدىن سىياسىي سەھنىگە چىقىرىش ئۈچۈن سايلامدا يېڭىپ چىقالايدىغان بىرەر ۋاكالەتچىنى

ئىزدەپ يۈرگەن كلاي كېنتۇككى قورۇقىدا تۇرۇۋاتقان تايلورنى تاپتى. كلاي مەدداھلىق قىلىپ ۋىگ پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى بول-غان، ھەربىيدىن چېكىنگەن پېشقەدەم گېنېرال تايلورنى سايلام رىقابىتىدە بىر قېتىم زۇڭتۇڭ نامزاتى بولۇپ بېرىشكە ماقۇل كەلتۈردى. سەھرا تۇرمۇشىغا مەپتۇن بولغان تايلور بۇ تەلەپكە خۇددى مېھماندارچىلىق تەكلىپىگە ماقۇل بولغاندەك ماقۇل بولغا-ندى. كىم بىلسۇن، يالغان راستقا ئايلاندى، تايلور مېكسىكا ئۇرۇشىدا ياراتقان تۆھپىسى، سايلام رىقابىتىدە ۋىگ پارتىيىسىگە يېتەكچىلىك قىلىپ ھىيلە - نەيرەڭ ئىشلەتكەن كلاينىڭ كۈچى بىلەن، ئۇ ناھايىتى ئاسانلا سىياسىي سەھنىگە چىقىپ قالدى. ئەسلىدە تايلور كلايغا رەھمەت ئېيتسا بولاتتى. چۈنكى ئۇنى كلاي قايتا - قايتا ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلمىغان بولسا، ياشانغان تايلورغا ئاقسارايغا بىر نۆۋەت باشلىق بولۇش نېسىپ بولمايتتى. سىياسىي جەھەتتىكى بۇنداق كاتتا ساخاۋەتكە تايلور ۋاپاغا جاپا قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ۋىگ پارتىيىسىنىڭ باشلىقى كلايغا جاۋاب قايتۇردى.

«كلاي مېنىڭ تەختكە چىقىشىمنى قوللىغان، تەختكە چىق-قاندىن كېيىن نېمىشقا مەن بىلەن قارشىلىشىدۇ؟» تايلور كلاينى ئىچىدە غەزەپ بىلەن تىللايتتى. تايلور ئۆزىگە ئوخشاش كاللىسى ئاددىي، قوپال ئىش قىلىدىغان بىر ئادەمنىڭ خەۋپ - خەتەرگە تولغان ئاقسارايغا كىرىشى ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى. سىياسىي ساھە بىلەن ھەربىي ساھە باشقا - باشقا ئىككى ئۇقۇم ئىدى. مىجەزى تۈز تايلور بۇيرۇققا بويسۇنىدىغان ئارمىيە ساھەسىگە مۇۋاپىق كېلەتتى، ھىيلە - نەيرەڭ، ئۆزئارا يۇت تېپىشىشلار بىلەن تولغان ئالىي سىياسىي مۇنبەرگە ماس كەلمەيتتى. شۇڭا تەختكە چىقىپلا جەنۇب - شىمال ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان زىددىيەتكە دۇچ كەل-گەن تايلور پارلامېنتتا تەسىرى بار كلاينىڭ بىر چەتتە قول

قوشتۇرۇپ تۇرماي، نۆۋەتتىكى كرىزىسنى ھەل قىلىشقا ياردەم قىلىشنى ئۈمىد قىلغانىدى. تايلور كالىفورنىيە بىلەن مېكسىكىنىڭ ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى تەركىبىگە ئاۋۋال شتات شەكلى بىلەن كىرىشىنى تەشەببۇس قىلغاندا كلاي بىرىنچى بولۇپ ئوتتۇرىغا ئاشكارا سەكرەپ چىقىپ قارشى چىقتى. تايلورنىڭ بۇ ئىشقا غەزىپى ئۆرلىدى ھەم كلاينىڭ نېمىشقا بۇنداق قىلىدىغانلىقىنى چۈشەنمىدى.

كلاينىڭ تەكلىپى پارلامېنتتا يېڭى توقۇنۇشنى قوزغاپ قويدىغانلىقتىن جەنۇب ـ شىمال ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بىراقلا كەسكىنلىشىپ كەتتى.

«كلاي مەقسەتلىك ھالدا ئورامنى كولاۋاتىدۇ!» ئۇزۇنغا سوزۇلغان پەيتۇنلار ئادەتتە چۈشتىن كېيىن تىنچىپ قالىدىغان ۋاشىنگتون كوچىسىدىن ئۆتۈپ ۋاشىنگتوننىڭ بەش يۈز ئەللىك بەش فۇت ئېگىزلىكتىكى خاتىرە مۇنارى تۇرغۇزۇلىدىغان كوچا ئاغزىغا يېتىپ كەلدى. تايلور پەيتۇندىن چۈشۈۋېتىپمۇ ئىچىدە كلاينى قەھر ـ غەزەپ بىلەن تىللاۋاتاتتى. چۈنكى پەيتۇندا ئولتۇرغان تايلور خاتىرە مۇنارىغا ئۇل قويۇلىدىغان ۋاشىنگتون كوچىسىنىڭ كوچا ئاغزىغا يېقىنلاپ قالغاندا، پېژغىرىم ئاپتاپتا تۇرۇپ كەتكەن پارلامېنت ئەزالىرى ئارىسىدا كلاينىڭ يىرگىنچلىك تەلەتىنى كۆرۈپ قالدى. كلاينىڭ دوستى، جەنۇب ـ شىمالدىكى ھەرقايسى شتاتلارنى قانداق ياراشتۇرۇش مەسىلىسىدە ئۆزى بىلەن قاتتىق تاقاراشقان ھەم كېلىشكىلى بولمايدىغان ۋىگ پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ۋېبىستېر بىلەن كارئېنخولارمۇ بار ئىدى. تايلور ئۆزى بىلەن سىياسىي كۆز قاراشلىرى ئوخشاشمايدىغان ۋىگ پارتىيىسىنىڭ بۇ ئۈچ ئادىمى بىلەن كۆرۈشكىسى يوق ئىدى، ئەمما بۇنداق ئالاھىدە سورۇندا ئۇلار بىلەن كۆرۈشمەي بولمايتتى.

«ھىم!» تايلور زۇڭتۇڭ سۇپىتىدە ۋاشىنگتون كوچا ئاغزى-

دىكى ئۇل قويۇش ئورنىغا بالدۇر كېلىپ ئۆزىنى ھۆرمەت بىلەن كۈتۈپ تۇرۇشقان ھەرقايسى ساھەلەردىكى مۇھىم ئەربابلار بىلەن تەرتىپ بويىچە بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشى كېرەك ئىدى. بۇ تايلور ئەمەل قىلمىسا بولمايدىغان قائىدە ئىدى. ئۇ ئۆزى بىلەن ئوخشاش قاراشتىكى پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندە كەيپىياتى سەل ياخشى بولدى، ئۆزى بىلەن ئوخشاش كۆزقاراشتا بولمىغان كلاي ۋە ۋېبىستېر قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشكەندە قاپىقىنى تۈرۈپ، ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئۆزىدىن ئەھۋال سورىغان بۇ كىشىلەرگە ئۇ دىمىقىنى قېقىپ تاقابىل تۇردى.

ئۇل قويۇش مۇراسىمى ئىسسىقتا ئالدىراش باشلاندى.

ئېغىر قارا سوكنا پەلتو كىيىۋالغان تايلور ئاللىقاچان تەرگە چۈمۈلۈپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىسسىققا چىدىيالماي قالدى. ئۇ شۇنداقتىمۇ رىياسەتچىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ناھايىتى قىسقا يېزىلغان خاتىرىلەش سۆز تېكىستىنى ئوقۇپ، ئاقسارايىنىڭ مەرھۇم زۇڭتۇڭى ۋاشىنگتونغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتىنى ئىپادىلىشى زۆرۈر ئىدى.

ئون بەش مىنۇتلۇق قىسقا مۇراسىمغا ئاران چىدىغان تايلور ئالدىراش پەيتۇنغا چىقىپ بايامقى ئەمەلدارلار ۋە مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ھىمايىسىدە ھەيۋەت بىلەن ئاقسارايغا قايتتى.

«بولمىدى، مۇزدەك سۇدا يۇيۇنىمەن!» ياشانغان ھەم قامەتلىك تايلور قارا تەرگە چۈمۈلگەن ھالدا ئاقسارايىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى ئۆيگە كىردى، ئۇ خانىمى سىمتىنىڭ توسۇشلىرىغا پەرۋا قىلماي، كىيىملىرىنى سېلىپ سوغۇق سۇ توشقۇزۇلغان ۋاننىغا چۈشتى.

تايلورنىڭ سوغۇق سۇدا تازا راھەتلىنىپ بىر يۇيۇنۇۋالغۇسى بار ئىدى. لېكىن ئۇ مۇزدەك سۇنىڭ ھۇزۇرىنى تېخى ھەقىقىي ھېس قىلماي تۇرۇپ بىردىنلا ھوشىدىن كېتىپ دۇشقا يىقىلدى.

مۇھاپىزەتچىلەر سىمىت خانىمنىڭ قورقۇنچلۇق ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ تەرەپ ـ تەرەپتىن يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ زۇڭتۇڭ-نىڭ مۇنچىسىغا كىردى، ئۇلار تايلورنى سۇدىن تارتىپ چىقىرىپ لۆڭگە بىلەن ئوراپ كۆتۈرۈپ ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ قويدى. ئاق-سارايدىكى دوختۇرلار پاتىپاراق بولۇشۇپ كەتتى. جىددىي قۇتقۇ-زۇشتىن كېيىن ئەستايىدىل دىئاگنوز قويۇلدى، زۇڭتۇڭ تايلور ئاپتاپ ئۆتۈپ كېتىپ ھوشىدىن كەتكەنىدى.

دوختۇرلارنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇشى، يۈرەكنى كۈچەيتىش دورىلىرىنىڭ تەسىرىدە ھوشىدىن كەتكەن زۇڭتۇڭ ئاستا ـ ئاستا ھوشىغا كەلدى. بىھوش ياتقان تايلور تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا ياندۇرات-تى، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ مايلىق نەرسىلەرنىڭ ھىدىدىن قورقات-تى.

تايلور ئاپتاپ ئۆتۈپ كېتىپ يېتىپ قالغاچقا، ئاقسارايىنىڭ كەيپىياتى بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەتتى.

«بەزىلەر مېنى يارامسىز قارىتۇرۇك دەيدۇ، ماڭا ئوخشاش بىر قارىتۇرۇكنىڭ جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشىدىكى توقۇنۇشنى ھەل قىلالمايدىغانلىقىغا ھەرگىز ئىشەنمەيمەن! ···» تايلور كې-سەل بولغان دەسلەپكى چاغلاردا ئارىلاپ ـ ئارىلاپ مۇشۇنداق زەردىلىك گەپلەرنى قىلىپ جۆيلۈيتتى. كۆڭلى تۈز، مىجەزى قوپال تايلور گەپ بولسا ئۇدۇل دەۋېرىشنى ياخشى كۆرەتتى. توغرا سۆزلۈك خاراكتېر ئامېرىكىنىڭ سورلۇك، مۇرەككەپ، ئەڭ ئالىي ئەمەلدارلىق سورۇنى — ئاقسارايغا مۇۋاپىق كەلمەيتتى.

«دادا، بۇ يەر سىزنىڭ بۇرۇنقى ئۆزىڭىز بىلگەنچە چالۋاقاپ يۈرىدىغان گازارمىڭىز ئەمەس. بۇ دېگەن ئاقساراي، سىز دېگەن تەڭدىشى يوق زۇڭتۇڭ، ھەتتا مۇنداقلا دەپ قويغان بىر ئېغىز گېپىڭىز سىرتقا چىقىپ كەتسە، يامان تەسىر پەيدا قىلىشى مۇمكىن!» دەيتتى قىزى.

ئۇ ھۆرمەت توپى ساداسى ئىچىدە زور بىر تۈركۈم ئەمەلدار-
لارنىڭ قىيقاس - چۇقانلىرى بىلەن سەلتەنەتلىك ئاقسارايغا كىر-
گەن كۈندىن بېرى ئۆزىنىڭ ئەركىن ئەمەسلىكىنى سەزدى. تېرى-
كىپلا يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغان تايلور ئەمدى ھەرۋاقىت ئۆ-
زىنىڭ كەيپىياتىنى كونترول قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. سەللا
ئېھتىيات قىلماي قالسا يېنىدا كاتىپلىق رولىنى ئويناۋاتقان قىزى
مارىي ئېلىزابېت خېنىم كۆيۈنگەن ھالدا ئۇنى توختىماي ئاگاھلان-
دۇرۇپ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ئۈندەيتتى. بۇ ئەھۋالغا كۆنەلمى-
گەن تايلور ھەركۈنى چىدىغۇسىز بېسىم بىلەن سىقىلىشنى ھېس
قىلاتتى.

«خويمۇ جېنىمغا تەگدى، مەن ھەقىقەتەن چىدىيالماي قېلى-
ۋاتىمەن! ئەبلەخلەر، ھەممىسىنىڭ كۆزى مەندە، ماڭا
كۆز - قۇلاق بولۇۋاتقان! مۇشۇنداقلىقىنى بالدۇرراق بىلگەن
بولسام، كېنتۇككىدىكى ئۈزۈمزارلىقىمدا ئولتۇرار ئىكەنمەن!»
تايلور ئاممىۋى سورۇنلاردا قىزىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئەمەل قى-
لىپ، زۇڭتۇڭ ئورۇنداشقا تېگىشلىك ئىشلارنى جاي - جايىدا
ئورۇندىسىمۇ، ئەمما ئاشۇ دىپلوماتىيە قائىدە - يوسۇنلىرىنى
تۇگىتىپ ئاقسارايغا قايتىپ كېلىپلا ئاچچىقىنى ئۆزىنى تۇتالماس-
تىن خانىمى بىلەن قىزىدىن ئالاتتى.

تايلورنىڭ ئۆزى ئاقسارايدا بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يۈرىكى
باشتىن - ئاياغ ئۆزىنىڭ كېنتۇككىدىكى سۆيۈملۈك داچىسىدا
ئىدى. تايلور ئاقسارايىنىڭ خادىملىرىنى كېۋەز ئېتىزلىرىنى كۆ-
رۈپ، مايسىلارنىڭ ئۆسۈشى ياخشى - يامانمۇ؟ بىر نەۋرە ئاكىسى
ئېكىنزارلىقنى ھەقىقەتەن ياخشى باشقۇرۇۋاتامدۇ، يوق؟ بىلىپ
كېلىشكە ئەۋەتتى. كېۋەز يىغىدىغان مەزگىل يېتىپ كەلگەندە،
ئاقسارايدا تۇرۇۋاتقان تايلورنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى، گېلى-
دىن تاماق ئۆتمەيتتى. ئۇ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي خۇر-
سىنغان ھالدا:

— كېنتوكـكىغا قايـتالىغان بولـسام نـەقـەدەر ياخشى بولاتتى ـ ھە؟ ئەپسۇسكى، ئەمدى ئۇ يەرگە قايتىپ بارالمايمەن! خانىم، پاختا تەرگىلى مېنىڭ ئورنۇمغا سىز بارسىڭىز بولاتتى. خەق پاختا يىغسا مەن خاتىرجەم بولالمايدىكەنمەن! — دەيتتى.

ئېرىنىڭ بۇ گەپلىرى سىمىت خانىمنىڭ قۇلىقىغا مايدەك ياقاتتى. كېنتوككىدىكى دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئېرلاندىيىلىكلەرنىڭ پۇشتىغا مەنسۇپ بۇ خانىم ئاقسارايدىكى ئاقسۆڭەكلەرچە تۇرمۇشقا زادىلا كۆنەلمىگەنىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن سەھرا پۇرىقى كېلەتتى. ئۇ ھۆرمەتلىك زۇڭتۇڭ خانىمى بولۇپ، ئاقسارايدا «ياغ ئېچىدىكى بۆرەك» تەك ياشاۋاتقان بولسىمۇ، سىمىت خانىممۇ ئېرىگە ئوخشاش كېنتوكـكىغا بالـدۇرراق كېتىشـنى خالايتتى. چۈنكى ئۇ شۇ يەردە ئۆزىنى «سۇغا ئېرىشكەن بېلىق» تەك سېزەتتى.

مانا ئەمدى تايلور ئۇل قويۇش مۇراسىمىغا قاتنىشىۋېتىپ قايتاردا ئاپتاپ ئۆتۈپ تۇيۇقسىز ھوشىدىن كەتتى. ئۇ چۈشىدىمۇ كېچە ـ كۈندۈز خىيالىدىن چىقمايدىغان كېنتوككىنى يەنىلا ئۇنتۇمايتتى! ئېرىنىڭ ھېسسىياتىغا ئورتاقلىشىپ ئۇنىڭ بېشىدا ئولتۇرغان سىمىت خانىم كۆزلىرىنى ياشلاپ:

— توغرا، كېنتوككىغا بالدۇرراق قايتايلى! مەن بىر ئۆمۈر كەينىڭىزدىن جەڭگاھلاردا چېپىپ يۈردۈم، خاتىرجەم بىر ماكان تاپقاندا، ئۇ يەرنى تاشلاپ ئادەم سىقىلىپ قالىدىغان ئاقسارايغا كەلدۇق. كېنتوككىغا كەتكەن بولساق، مۇشۇنداق تىنچىق ئىسسىق كۈنلەردە سىزنى تالاغا چىقىرىۋەتمىگەن بولاتتۇق، — دەيتتى.

قىزى مارىي ئاپىسىنىڭ بىر تەرەپلىمە قاراشلىرىغا قوشۇلمايتتى، ئۇ ئاپىسىنىڭ دادىسىنىڭ يېنىدا يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن ھامان، چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئاپىسىغا نەسىھەت قىلاتتى. پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنىڭ ئارىسىدا ئاقسۆڭەكلەرچە يا-

شاش مارىيغىلا ماس كېلەتتى. ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كېنتۇككىغا قايتىپ كېتىشىنى تىلىغا ئېلىشىدىن بىزار ئىدى. مارىي ئاقسارايـ ـنى تايلورنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى كۆڭۈلدىكىدەك كۆرەش ئورنى دەپ بىلەتتى.

## ئاقسارايدىكى ھۆجرىسىدا ئاچچىق يۇتۇپ قازا قىلدى

ئىككى كۈندىن كېيىن تايلورنىڭ كېسەل ئەھۋالىدا ياخشىـ ـلىنىش بولدى.

ئۇ يەنە كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئەتراپىدىكى نەرسىلەرگە ھوش ـ كاللىسى ئوچۇق ھالدا قاراشقا باشلىدى. تايلور گەرچە ئاتمىش بەش ياشقا كىرگەن ياشانغان كىشى بولسىمۇ، لېكىن قىرىق نەچچە يىللىق ئۆمرى قانلىق جەڭ مەيدانلىرىدا ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن بەدەن ساپاسى تولىمۇ ياخشى ئىدى. ئۇ ئاقسارايغا كىرـ ـگەندىن كېيىن ھەددىدىن ئارتۇق چارچىدى، جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش يۈز بېرىش ئالدىدا تۇراتتى، ئىچىگە تولۇپ كەتكەن ئاچچىق ھەسرىتىنى تۆكىدىغان يەر بولمىغانلىقتىن تايـ ـلورغا ئاپتاپ ئۆتۈپ كەتتى.

— ياق، بۇنداق يېتىۋەرسەم بولمايدۇ، مەن خەلق سايلىغان زۇڭتۇڭ ئىكەنمەن، ئەلۋەتتە ئىش قىلىشىم كېرەك، سىلەر مېنىڭ ئورنۇمدىن تۇرۇشۇمغا رۇخسەت قىلىڭلار!

7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئەتىگەندە تەبىئىتى قوپال تايلور كېسەل ئەھۋالى ئەمدىلا ياخشىلىنىشىغا كارىۋاتتىن تۇرۇپ كېتىـ ـمەن دەپ داۋراڭ سالدى. ئارىلىقى ئانچە يىراق بولمىغان ئىشخاـ ـنىسىغا كىرىپ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئاقسارايدىكى دوختۇرلار ئۇنىماي كەينى ـ كەينىدىن كىرىپ تايلورغا نەسىھەت قىلىشىپ:

— كېسىلىڭىز ئەمدىلا ياخشىلاندى، ئۆزۈل - كېسىل ياخشى بولۇپ كەتكىنى يوق، ناۋادا خىزمىتىڭىزنى ئەسلىگە كەلتۈرسىڭىز، بۇنىڭ سالامەتلىكىڭىزگە ئىنتايىن چوڭ خەۋپى بار! — دېيىشتى.

تايلور دوختۇرلارنىڭ گېپىنى پەقەت ئاڭلىمىدى. ئۇ كارىۋاتتىن چۈشۈپ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى شەخسەن ئۆزى بىر تەرەپ قىلىشتا چىڭ تۇرۇۋالدى.

تايلور سىمتىنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالمىدى. ئۇ ئاخىر بولماي تايلورغا گېپىنى ئۆتكۈزەلەيدىغان قىزى مارىيې ئېلىزابېتقا مۇراجىئەت قىلدى. قىزى تايلورغا:

— دادا، سىز مېنى كاتىپلىق خىزمىتىگە قويغانىكەنسىز، كۈندىلىك ئىشلارنى ئورنىڭىزدا مېنىڭ بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقۇم بار، — دېدى. مارىيې ئادەتتە دادىسىغا باشقىلار دېيىشكە پېتىنالمايدىغان گەپلەرنى ئۇدۇل دەۋېرەتتى. دادىسىنىڭ كېسىلى ياخشىلانماي تۇرۇپ «كارىۋاتتىن چۈشۈپ ئىشلەيمەن» دەپ غەلۋە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مارىيې دادىسىغا ۋارقىراپ تۇرۇپ بۇنىڭ زىيىنىنى سۆزلەپ، — سىز كارىۋاتتا تۆت - بەش كۈن مىدىرلىماي ياتسىڭىز، كېسىلىڭىز سەللىمازا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. سىزنىڭ كېسەل تۇرۇپ ئىشخانىڭىزغا كىرىشىڭىزگە ھەرگىز يول قويمايمەن! — دېدى.

تايلور ۋارقىراپ كەتتى. ئۇ:

— مارىيې، سەن ئۇنتۇپ قالما، مەن دېگەن زۇڭتۇڭ، سەن پەقەتلا بىر كاتىپ! دۆلەتنىڭ تالاي مۇھىم ئىشلىرىنى سېنىڭ قارار قىلىپ بېكىتىدىغان ھېچقانداق ھوقۇقۇڭ يوق! ھوقۇق دائىرەڭدىن ھالقىپ كەتمەسلىكىڭنى تەۋسىيە قىلىمەن! — دېدى.

مارىيېمۇ جاھىللىق بىلەن دادىسىنىڭ كارىۋاتتىن چۈشۈشىگە قەتئىي قوشۇلمىدى. كېيىن دادىسىنىڭ غەزەپلەنگەنلىكىنى كۆ-

رۇپ مارىي ئامال يوق مۇرەسسە قىلدى: زۇكتۇكنىڭ ماقۇللۇقى-
نى ئالمىسا بولمايدىغان چوڭ ئىشلارنى ئاۋۋال ئۇنىڭغا دوكلات
قىلىپ ئاندىن بىر تەرەپ قىلىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ
تايلور ھۇجرىسىدا يېتىپ ھۆججەتلەرگە تەستىق سالىدىغان ھو-
قۇقنا ئېرىشتى، كارىۋاتتىن چۈشۈپ ئىشخانىسىغا كىرىدىغان
تەلىپى ئەمەلگە ئاشمىدى. مەيلى سىمىت خانىم، ياكى ئۆز خىزمى-
تىگە سادىق دوختۇرلار بولسۇن، تايلورنىڭ شۇنداق قىلىشىغا
ھەرگىز يول قويمىدى.

تايلورنىڭ ئەس - ھوشى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ئاپتاپ
ئۆتۈپ كېتىش سەۋەبى بىلەن كۆڭلى ئاينىش ۋە قەي قىلىش
ئالامەتلىرى دوختۇرلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى ئارقىسىدا
بارا - بارا ياخشىلىنىشقا باشلىدى. ئەسلىدە تايلور بىرنەچچە كۈن
ئۇبدان ئارام ئالغان بولسا، تەن سالامەتلىكى پۈتۈنلەي ئەسلىگە
كەلگەن، ئۆزىمۇ زور قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ دۈشمەن ئۇس-
تىگە تاشلانغان چاغدىكىدەك يېڭىۋاشتىن سەپكە ئاتلانغان
بولاتتى.

7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چۈشتىن كېيىن كۈتۈلمىگەن بىر
ئىش تۇيۇقسىز يۈز بەردى.

چۈش مەزگىلى ئىدى، تايلور دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بو-
يىچە قىزىتما قايتۇرىدىغان دورىنى ئىچىپ، كەينىدىن يەنە ئارپا
ئۈمىچى ئىچتى. كۆپ ئۆتمەي ئۇ نورمال چۈشلۈك
ئۇيقۇغا كەتتى.

تايلور چۈشتە ئۇخلىغاندا سىمىت خانىم ۋە قىزلىرى تايلور-
نىڭ ھۇجرىسىدىن چىقىپ كېتەتتى. چۈنكى ھۇجرىنىڭ سىرتىدى-
كى ئۆيدە دوختۇرلار بار ئىدى. ئۇلار زۇكتۇكنىڭ كېسەل ئەھۋا-
لى مۇقىملاشقان بولسىمۇ، لېكىن كېسىلىدە قانداقتۇر بىرەر
تاسادىپىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۈز بەرمەسلىكىگە كېپىللىك قىلال-
مايتتى.

ھاۋا يەنىلا تونۇردەك ئىسسىق ئىدى. لېكىن زۇكتۇك ھۇجرىسى سالقىن ۋە راھەتبەخش ئىدى، چۈنكى ئاقسارايدىكى خادىملار زۇكتۇك تايلورغا تۇيۇقسىز ئىسسىق ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن يوغان ـ يوغان مۇز پارچىلىرىنى ھۇجرىغا قويۇپ، ھۇجرىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى تۆۋەنلەتكەنىدى.

تايلور يازدا ئاسان تېپىلمايدىغان سالقىن مۇھىتتا خاتىرجەم ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ كۆرگەن چۈشىدە بالىلىق ئىستەكلىرى قالغان كېنتۇككىغا يەنە قايتتى. ئۇ يەردە دادىسىدىن قالغان بىر پارچە مۇنبەت يەر بار ئىدى. قورۇقتا ياپيېشىل پېلەكلەردىن تاۋۇزلار چۇشۇپ تۇراتتى. ئوخشاپ كەتكەن تاۋۇزلار بالا تايلورنىڭ ئاجايىپ زوقىنى قوزغايتتى. تايلور بىراقلا غەمسىز بالىلىق دەۋرىگە قايتقاندەك بولۇپ قالدى. ئۇ چۈشىدە يوغان بىر تاۋۇزنى پىچتى، قىپقىزىل چىققان تاۋۇزنى يالماپ ـ يالماپ يېيىشكە باشلىدى، تاۋۇزغا تويغان تايلور تاۋۇزلۇقتىن ئانچە يىراق بولمىغان ئېقىنغا بېرىپ مۇزدەك سۇدا قانغۇچە چۆمۈلدى…

«تاراق» قىلغان كۈچلۈك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

ئاقسارايىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى بىر ئۆينىڭ ئىشىكى قاتتىق يېپىلغاندەك قىلدى. تايلور تاتلىق ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى! ئۇ ساراسىمىگە چۈشكەن ھالدا ھەيرانلىق ئالامەتلىرى ئەكس ئەتكەن كۆزلىرىنى ئاچتى، دۈپپۈلدەپ سوقۇپ كەتكەن يۈرىكىنى بىر قولىدا بېسىۋالدى، تايلور بىرەرى ئېھتىياتسىزلىقتىن ئېغىر بىر نەرسىنى ئۆرۈۋەتكەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدى. قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان ئاقسارايدا خىزمەتچى خادىملارنىڭ ھېچقايسىسى ئىشىكنى مۇنداق كۈچەپ يېپىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. بولۇپمۇ تايلور ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاندىن بېرى ئاقسارايدىكى مۇشۇ ئىشتىن خەۋەردار چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى ئېھتىياتچان بولۇپ كېتىشكەنىدى، ھەتتا ئۇلار پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىشاتتى. كىشىنى چۆچۈتكۈدەك

بۇ ئاۋاز نەدىن چىققاندۇر؟ بۇ ئاۋاز چۈشلۈك ئۇيقۇدا ياتقان زۇڭتۇڭغا ئاجايىپ تۇيۇقسىز تۇيۇلۇپ كەتتى.

«زۇڭتۇڭ نەگە يوشۇرۇنۇۋالدى؟ چاققان ئېيتىڭلار، تايلور زادى نـەگە يـوشۇرۇنۇۋالدى؟! ئۇنىڭ بىـلەن دەرھال كۆرۈشىمەن!...»

تايلور ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئىشىكنىڭ قاتتىق يېپىلىشىدىن چىققان كۈچلۈك ئاۋازدىن دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتكەن يۈرىكىنىڭ ئورنىغا چۈشۈشىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. دەل مۇشۇ چاغدا ئىككىنچى قەۋەتنىڭ كارىدورىدىن بىرىنىڭ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىغان ئاۋازى كەلدى. تايلور شۇئان بۇ ئاۋازنىڭ ۋىگ پارتىيىسىنىڭ داھىيسى، ئەينى چاغدا ئۆزىنى ماختاپ ـ ئۇچۇرۇپ تەختكە چىقارغان كلاينىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بايقىدى، كلاي زۇڭتۇڭ ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدا زەردىسى قايناپ ئۆزىنى باسالماي ۋارقىراپ ئاقسارايىنى بېشىغا كىيگەندى.

— كلاي ئەپەندى، بۇنداق ۋارقىرىماڭ، زۇڭتۇڭ ئۇخلاۋاتىدۇ! — بۇ قىزى مارىيېنىڭ يېلىنغان ئاۋازى ئىدى، — ئۇنى ھەرگىز ئويغىتىۋەتمەڭ، ئۇنىڭ ئۇخلىمىقى بەك تەس!...

— نېمە؟ ھازىر پارلامېنتتا جەنۇب ـ شىمال مەسىلىسى ئۈستىدە بولۇۋاتقان تالاش ـ تارتىش قورال ئىشلىتىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. تايلور ئەپەندى بولسا ياستۇقنى ئېگىز قىلىپ ئۇخلاپ بىز ۋىگچىلەرنىڭ يۈزىنى تۆكتى! — كلاينىڭ غەزەپلىك ئاۋازى بىلەن ئاقسارايىنى بىر ئالدى. ئۇنىڭ بۇ قېتىم ئاقسارايغا چۈشتىن كېيىنكى پىژغىرىم ئىسسىققا قارىماي تۇيۇقسىز ئۇسۇپ كىرىشىدىن، پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىۋېتىپ، يەنە بىر يېڭى ئاۋارىچىلىككە يولۇققانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. كلاي تايلورنىڭ ئىككى كۈن ئاۋۋال ۋاشىنگتون خاتىرە مۇنارىغا ئۇل قويۇش مۇراسىمىغا قاتنىشىۋېتىپ ئۇشتۇمتۇت ئاپتاپ ئۆتۈپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى

ئاقسارايىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئالاھىدە قائىدە بويىچە سىرتتىن مەخپىي تۇتقانلىقىنى بىلمەيتتى. ئاچچىقىغا پايلىماي ئاقسارايغا ئۇسۇپ كىرىپ كارىدورنى بېشىغا كىيگەن ۋىگ پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى كلاي ياشانغان زۇڭتۇڭ تايلورنىڭ شۇ تاپتا ئىككىنچى قەۋەتتىكى ھۇجرىسىدا ياتقانلىقىنى، خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتمىگەنلىكىنى بىلمەيتتى! شۇڭا تايلور كارىدوردا بولۇنغان پاراڭلارنى ئاڭلاپ كلاي بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرىدىغانلىقىنى، بۇنىڭدىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى.

— سىز مېنى قويۇۋېتىڭ، زۇڭتۇڭ نەگە يوشۇرۇنۇۋالدى؟ ئۇنىڭ بىلەن دەرھال كۆرۈشىمەن! بۇ ۋاپاسىز كونا ئوفىتسېرنىڭ نەزىرىدە نەدىمۇ ۋىگ پارتىيىسى بولسۇن؟ — كلاينىڭ ۋارقىراپ تۇرۇپ تىللىغان ئاۋازى بارغانسېرى ئوچۇق ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

— كلاي ئەپەندى، بۇنداق غەلىۋە قىلماڭ! زۇڭتۇڭ سىزنى قوبۇل قىلالمايدۇ! — بۇ مارىيېنىڭ ئاۋازى ئىدى.

ۋارقىرىغانسېرى تېرىكىپ كېتىۋاتقان كلاي:

— زۇڭتۇڭ نېمىشقا مېنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىدۇ؟ ئېيتىڭا، ئۇ قاچاندىن بېرى ماڭا مۇشۇنداق شەپقەتسىز بولۇپ كەتتى؟ ئەينى چاغدا مەن رەھبەرلىك قىلغان ۋىگ پارتىيىسى بولمىسا، تايلور ئاقسارايغا كىرەلەيتتىمۇ؟ ئېيتىڭا، ئۇنىڭ تەختكە چىقىشىنى قوللاپ بىلەت تاشلىغانلارنىڭ ھەممىسى بىز ۋىگ پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى. لېكىن ئۇ ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتۇپ ھەتتا مېنىمۇ كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ قالدى!… — دېدى.

مارىي كارىدوردا كلاي بىلەن تۇتۇشۇپ قالدى.

— مەن بۇ يەردە، كلاي ئەپەندى، مەن بۇ يەردە! — تايلور سىرتتا بولۇۋاتقان غوۋغادىن كلاينى قوبۇل قىلماي قۇتۇلالمايدى-

غانلىقىنى ھېس قىلدى بولغاي، ئاچچىقىنى بېسىپ، بوغۇق ئاۋازدا، — كلاي ئەپەندى، كىرىڭ…، — دېدى ھۇجرىسىدىن چىقماي.

كلاينىڭ ئەلپازىنىڭ يامانلىقىنى كۆرگەن دادىسىنىڭ ئۆز ھۇجرىسىدا ھودۇقۇپ كەتكەندەك تەرزدە ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان مارىي كلاينىڭ ئاقسارايغا ئۇسۇپ كىرىشىدىن دادىسىغا بولىدىغان روھىي زەربىنى ئويلاپ ئىمكانىيىتىنىڭ يوقلۇقىغا كۆزى يەتتى، شۇنىڭ بىلەن كلاينى دادىسىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرگۈزۈۋەتتى.

— تايلور، كاتتا زۇڭتۇڭ! ئەسلىدە سىز سىياسىي ئىشلار بىلەن كارىڭىز يوق، تومۇز يازنى مۇشۇ سالقىن ھۇجرىدا چىقارماقچى بولۇپسىز - دە! — دېدى كلاي غەزەپ بىلەن ئىشىكتىن كىرىپ. ئۇ تايلورنىڭ ئاپئاق مۇز پارچىلىرى قويۇلغان يوغان كارىۋاتتا ياتقانلىقىنى كۆرۈپ دەرغەزەپكە كەلدى. كلاي غەزىپىنى باسالماي ۋارقىراپ، — مېنىڭ راستىنلا كۆزۈم ئادەم تونۇمايدىكەن، زۇڭتۇڭ سايلىمى بولىغان چاغدا بىرى ماڭا: «تايلور كۆڭۈل - كۆكسى تار، جاھىل ھەم قوپال ئادەم» دېگەندى! ئۇلار سىزنى قارا قورساق، ناھايىتى لاياقەتسىز دېيىشكەندى. سىز ئەسلىي كېنتۇككىدىكى قورۇقىڭىز ۋە بالا - چاقىلىرىڭىزغا ھېرىسمەن، نەزەر دائىرىڭىز تار، يارامسىز ئادەم ئىكەنسىز، مەن سىزگە ئۇ سايلانغان ھامان ۋىگ پارتىيىسىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ دەپ ئىشىنىپتىمەن! سىز ۋاپاسىز ھەم قارا يۈرەك ئەبلەخ ئىكەنسىز!…، — دېدى.

تايلور كارىۋاتتا لام - جىم دېيەلمىدى. بەس - مۇنازىرىگە ھەم تىل ئۇرۇشىغا ماھىر بۇ پېشقەدەم گېنېرالنىڭ كېسىلى تېخى ساقايمىغان، تېنى زەئىپ ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەلپازى يامان، غەزەپ بىلەن ئۆزىنى توختىماي تىللاۋاتقان كلاينىڭ ئالدىدا تىلى تۇتۇلۇپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. خېلى بىر ھازادىن

كېيىن تايلور دۇدۇقلاپ تۇرۇپ:
— بولدى، تىللىماڭ، تىللىمىسىڭىز بولمامدۇ! كلاي ئەپەندى، پارلامېنتتا زادى قانداق ئىش يۈز بەردى؟ !... ، — دەپ سورىدى.
— قانداق ئىش يۈز بەردى دەمسىز؟ سىزنىڭ ھېلىقى بىمەنە تەشەببۇسىڭىزنىڭ كاساپىتىدىن پارلامېنت ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈپ كەتتى، — كلاي يىغلىغىلى تاس قالغان ئاچچىقىنى چىرايى سولغۇن تايلوردىن ئالدى، ئۇ غەزەپ بىلەن، — ھازىر، قۇللۇق تۈزۈمىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك، بۇ مەسىلىنى بىر ياقلىق قىلىش پارلامېنتتا تەس كېلىۋاتىدۇ. ھەر كۈنى تالاش - تارتىش، ياقا سىقىشىش بىلەن ئاياغلىشىدۇ، مۇشۇمۇ ئىش بولدىمۇ؟ نۆۋەتتىكى مۇشۇنداق ئەنسىز ۋەزىيەتتە، مەن ئويلايمەن، جەنۇبتىكى ھەرقايسى شتاتلار پات ئارىدا فېدېراتسىيىدىن ئايرىلىپ چىقىپ كېتىشى مۇمكىن! لېكىن سىز زوڭتوڭ تۇرۇپ كۆرمەسكە سېلىپ يۈرۈۋاتىسىز! ... ، — دېدى.
تايلور ئاچچىقىنى بېسىۋېلىپ، جېدەلنى بېسىقتۇرۇش تەلەپپۇزىدا چىچاڭشىپ كېتىۋاتقان كلايغا:
— سىزمۇ خاتىرجەم بولۇڭ ھەم پارلامېنتمۇ خاتىرجەم بولسۇن، دۆلەتتە توپىلاڭ يۈز بەرمەيدۇ. ناۋادا جەنۇبتا سىز ئەنسىرىگەندەك بۆلۈنۈش يۈز بەرسە، مەن ئۇلارنى قورال كۈچى بىلەن تىنچىتىمەن! ... ، — دېدى.
— بىمەنىلىك! ھەقىقەتەن بىمەنىلىك! — كلاي سەكرەپ كەتتى، ئۇ تايلورنى ئەيىبلەپ، — ئىندىئانلارنى قىرغان جاللات، ئەينى يىللاردا ئىندىئانلارغا بوغۇلغان قان - قەرزىڭىزنى تۆلەپ بولالماي تۇرۇپ، ئىندىئانلارنى قىرغىن قىلغان ئۇسۇل بىلەن جەنۇبقا قول سالماقچى بولۇۋاتامسىز؟ ! ... ، — دېدى.
— كلاي، سىز... سىز... ، — كلاينىڭ يۈزتۇرانە قىلغان ھاقارىتىگە تايلور قانداق چىداپ تۇرالىسۇن؟ ئۇ ئىچ - ئىچىدىن

كۆتۈرۈلگەن ئاچچىقتىن بېشى «پىرلا» قايدى - دە، ئۆزىنى ئاقلايدىغان گەپنى قىلا - قىلمايلا، ھوشىدىن كېتىپ كارىۋاتقا يىقىلدى.

— كلاي ئەپەندى، دادامنى كەچۈرۈڭ، سىزدىن خۇش بولۇپ كېتەي! — كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈلگەن مارىيې شۇنداق دېگەن پېتى كلاينىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى تۇتۇۋالدى.

— كلاي ئەپەندى، گەپكە دىققەت قىلىڭ! زۇڭتۇڭ ئىككى كۈندىن بېرى ئاغرىق! — ئاقسارايدىكى دوختۇرلار تايلورنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىپ خىزمەت قىلسا بولمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى شۇندىلا دېدى.

كلاي تايلورنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ھەيرانۇھەس بولدى. ئۇ ئەسلىدە بۇگۈن تايلورغا نۇرغۇن گەپلىرىنى دەپ ئىچىنى بوشىتىۋالماقچى بولغانىدى. لېكىن تايلورنى ئاغزىنى بۇزۇپ ھاقارەتلەپ كەتتى، تايلور ئاچچىق يۇتۇپ بىھوش بولۇپ يىقىلدى، دوختۇرلارنىڭ ھودۇققان ھالدا تايلورنى جىددىي قۇتقۇزۇشقا كىرىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن كلاي ئۆزىنىڭ چوڭ ئىش تېرىپ قويغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئاقسارايدىن ئالدىراش چىقىپ كەتتى.

تايلور شۇنىڭدىن كېيىن ئورنىدىن تۇرالمىدى، كېسىلىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى. شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە تايلورنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسى بىردىنلا ئوتتۇز توققۇز گرادۇسقا چىقتى. ئۇ كېچىچە جۆيلۈپ چىقتى، ئۇنىڭ ئەس - ھوشى جايىدا ئەمەس ئىدى. تاماق يېيىشنىمۇ رەت قىلدى. ئۇ بىھوش يېتىپ تىنىمسىز جۆيلۈپ: «مەن ئىندىئانلارنى قىرغان قاتىلمۇ؟ مەن ... ئىندىئانلارنى ھەقىقەتەن كۆپ، ناھايىتى كۆپ قىردىم— ، ... دەيتتى.

تايلور شۇنىڭدىن باشلاپ قان دېڭىزى ئىچىگە كىرىپ قالغان-

دەك بولدى. قاراڭغۇلۇق باسقان چەكسىز دالىدىن قان ھىدى كېلەتتى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ قان ئىچىدە يېتىشقان ئىندىئانلارنىڭ جەسەتلىرى نامايان بولدى! ئۇيۇپ قال-غان قانلار قورقۇنچلۇق ئىدى، ھەربىي بايراقلار لاۋۇلداپ كۆيۈ-ۋاتاتتى. ھەممە نەرسە تايلورنىڭ ئايىغى ئاستىدا دەم كۆرۈنۈپ، دەم غايىب بولاتتى. بولۇپمۇ ئوق تەگكەن، ئەمما جېنى چىقمىغان جەڭ ئاتلىرى قان ئىچىدە جان تالىشىپ تېپىرلىشاتتى. نىمجان بولۇپ قالغان بىرنەچچە ئىندىئان ئورۇنلىرىدىن سەل كۆتۈرۈلۈپ بوغۇق ئاۋازدا بىرنېمىلەرنى دەپ، بىر پاي ئوق بىلەن قىيىنلىپ كېتىۋاتقان جانلىرىغا مەڭگۈ ئاراملىق بېرىشنى تىلەپ تايلوردىن ياردەم سورىشاتتى. تايلور بۇ قورقۇنچلۇق مەنزىرىلەرنى كۆرەرگە كۆزى يوق ئىدى. ئۇ قان سىرغىپ تۇرغان قىلىچنى تۇتۇپ ئاسمانغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلەتتى...

تايىلور ۋاپات بولۇپ كېتىشتىن ئىككى كۈن ئاۋۋال، 1832 - يىلى ۋە 1835 - يىلىدىكى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم تۇمەنلىگەن ئەسكەرگە باشچىلىق قىلىپ مىچىگان ئوتلاقلىرى ۋە فلورىدا ئورمانلىقلىرىدا شەپقەتسىزلىك بىلەن ئىند-دىئانلارنى قىرغان بۇرۇنقى ئىشلارنى چۈشىدىكىدەك غۇۋا ئەسلەي-دى. ئادەم جان چىقىش ئالدىدا قىلغانلىرىغا توۋا قىلسا كېرەك ياكى سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا تايلور مۇشۇنداق تاقغا - تۇققا سۆزلەپ سالغان بولۇشى مۇمكىن، ئۇ كېسەل بولۇپ بەشىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە قېشىدا ئولتۇرغان سىمىت خانىم بىلەن قىزى مارىيىغا يۇرەك سۆزىنى دەۋەتتى:

— مەن ھەقىقەتەن بەك رەھىمسىز ئىكەنمەن، كلاينىڭ مېنى ھاقارەتلىشىدە ئاساس بولسا كېرەك، مەن مىچىگان ئوتلاق-لىرىدا قاندىن دەريا ھاسىل قىلمىسام بوپتىكەن!...

بۇ سەكرات ئۈستىدە ياتقان تايلورنىڭ سەگەك ھالىتىدە دېگەن گېپى ئىدى. شۇنداقلا ئۇ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئامېرىكا زۇڭ-

تۈگى بولۇش سۇپىتىدە سەكرات ئالدىدا قالدۇرغان ئاخىرقى ۋەسىيىتى ئىدى!

1850 - يىل 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى چۈشتىن ئاۋۋال سائەت ئوندا، تايلور كېسەل سەۋەبى بىلەن ئاقسارايىنىڭ ئىككىنچى قەۋەتىدىكى ھۇجرىسىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

بۇنىڭدىن ئون ئالتە ئاي ئىلگىرى چۈشتىن ئاۋۋال سائەت ئوندا، تايلور ئاقسارايىنىڭ جەنۇبىدىكى چىملىقتا قەسەم بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغان، رەپىقىسى ۋە قىزى بىلەن ئەينەكلىك پەيتونغا چۈشۈپ چىملىقتىن ئانچە يىراق بولمىغان پارلامېنت تېغىغا بېرىپ، ئۆزلىرىنى شۇ يەردە ھۆرمەت بىلەن كۈتۈپ تۇرغان بىر تۈركۈم ۋەكىللەرگە ئېھتىرام بىلدۈرگەنىدى. زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەش داۋامىدا ئۆزىنى قوللاپ تەختكە چىقارغان پۈتكۈل ۋەكىللەرگە سادىق بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق قەسەم بەرگەنىدى. ئەمما، ئون ئالتە ئايدىن كېيىن تايلور شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ۋىگ پارتىيىسىگە ئاسىيلىق قىلدى!

بۇ بىر تارىخىي تراگېدىيە!

7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئاقسارايىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىكى قوبۇلخانا زالىدا ۋەزىپە ئۆتەۋېتىپ تۇيۇقسىز ۋاپات بولغان زاخارى تايلورنىڭ دەپنە مۇراسىمى تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ مىللارد فىلمور قەسەم بېرىپ ئون ئۈچىنچى زۇڭتۇڭ بولدى. ئۇ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلۇقتىن زۇڭتۇڭلۇققا كۆتۈرۈلگەن ئىككىنچى كىشى ئىدى.

دۆلەت دەپنىسى ئاياغلاشقاندىن كېيىن زۇڭتۇڭ تايلورنىڭ مېيىتىنى ئۇ ھايات ۋاقتىدا دائىم ئېسىدىن چىقارمايدىغان ئىككىنچى يۇرتى — كېنتۇككىغا يۆتكىدى.

مېيىت يۆتكىگەن شۇ كۈنى يېڭىدىن تەيىنلەنگەن زۇڭتۇڭ فىلمور ۋە ۋىگ پارتىيىسىنىڭ داھىيلىرىدىن كلاي، ۋېبستېر،

كارئېنخورد قاتارلىق كىشىلەر تايلورنىڭ مېيىتىنى ۋاشىنگتوندىن ئۇزىتىپ قويدى.
تايلورنىڭ مېيىتىنى ئۇزاتقۇچى ئەترەت ئون نەچچە ئەينەكلىك پەيتون ۋە ئەسكەرلەردىن تەركىب تاپقانىدى. ۋىگچىلەر يول بويلىرىدا تەزىيە بىلدۈرۈش قوشۇنى تەشكىللەپ، ۋەزىپە ئۈتەۋېتىپ ۋاپات بولغان زۇڭتۇڭ تايلور ئۈچۈن تەنتەنىلىك ماتەم مۇراسىمى ئۆيۈشتۇردى.
1851 ـ يىل 2 ـ ئايدا، تايلورنىڭ مېيىتى كېنتۇككى ئەتراپىدىكى جامائەت قەبرىستانلىقىغا قويۇلدى. زۇڭتۇڭ فىلمورنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن مەزكۇر جامائەت قەبرىستانلىقىنىڭ نامى: «زاخارى تايلور دۆلەتلىك قەبرىستانلىقى» غا ئۆزگەرتىلدى. خاتىرە تېشىغا تايلور ئۈچۈن فىلمور ئۆز قولى بىلەن يېزىپ بەرگەن: «ئامېرىكا ـ مېكسىكا ئۇرۇشىدىكى ئاجايىپ قەھرىمان زاخارى تايلور قەبرىسى!» دېگەن خەتلەر يېزىلدى.

# ئون ئۈچىنچى باب

# ئاخىرقى ئۆمرىنى ھەشەمەتلىك بوۋفارو قەسرىدە ئۆتكۈزگەن

## —— ئون ئۈچىنچى زۇڭتۇڭ مىللارد فىلمور



مىللارد فىلمور 1800 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى نيۇيورك شتاتى كايۇگا ناھىيىسىنىڭ ساموچېر كەنتىدە تۇغۇلغان. بوۋىسى ئەنگلىيىلىك كۆچمەن، دادىسى دېھقان. ئۇ باللىق چاغلىرىدا ئائىلىسى نامرات ئىدى؛

1820 ـ يىلى نيۇيورك شتاتىدىكى مونتىبورغا كۆچۈپ كېلىپ، يەرلىك باش سودىيە ۋالتېر ۋوئودقا قانۇن ياردەمچىسى بولغان؛

1823 ـ يىلى ۋالتېرنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن شەرقىي ئاۋرورادا ئادۋوكاتلار ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇپ ئادۋوكاتلىق قىلغان؛

1826 ـ يىل 2 ـ ئايدا بالىس خېنىم بىلەن توي قىلغان؛

1828 ـ يىلى نيۇيورك شتاتىنىڭ پارلامېنت ئەزالىقىغا سايلانغان؛

1830 ـ يىلى بوۋفاروغا كۆچۈپ بېرىپ فېدېراتسىيە ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان؛ 1833 ـ يىلى پارلامېنت ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان؛

1834 ـ يىلى ۋىگ پارتىيىسىگە كىرىپ، پارلامېنت ئەزاسى بولۇش سايلام رىقابىتىدە مەغلۇپ بولۇپ، بوۋفارو «سودا ئېلان گېزىتى» نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىگە تەيىنلەنگەن؛

1837 ـ يىلى پارلامېنت ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەزالىقىغا قايتىدىن سايلانغان؛ 1838 ـ يىلى ۋە 1840 ـ يىلى ئۇدا ئىككى قېتىم پارلامېنت ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەزاسى بولغان؛

1841 ـ يىلى ئاۋام پالاتاسى مەبلەغ تۇپلاش كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغان؛

1844 ـ يىلى ۋىگ پارتىيىسى تەرىپىدىن زۇڭتۇڭ نامزاتلىقىغا سايلانغان، دەسلەپكى قېتىملىق سايلام رىقابىتىدە مەغلۇپ بولغان؛

1845 ـ يىلى نيۇيورك شەھىرىنىڭ باش لايىھىلىگۈچى ئەمەلدارى بولغان؛

1846 ـ يىلى بوۋفارو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان؛

1849 ـ يىلى تايلور ئىككىسى ئامېرىكىنىڭ زۇڭتۇڭ، مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىپ ئاخىر غەلىبە قىلغان؛

1850 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تايلور كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان كۈنى زۇڭتۇڭلۇق ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەن، 1853 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تەختتىن چۈشۈپ ئاقسارايدىن ئايرىلغان؛

1854 ـ يىل 7 ـ ئايدا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىگە كىرگەن، شۇ يىلى خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى ساياھەت قىلغان؛

1856 ـ يىلى ۋىگ پارتىيىسى بىلەن ئامېرىكا پارتىيىسى كۆرسەتكەن زۇڭتۇڭ نامزاتى سۈپىتىدە زۇڭتۇڭ سايلىمىغا قاتنىشىپ نەتىجىدە پاجىئەلىك مەغلۇپ بولغان؛

1858 ـ يىلى كارولىن كارمىخائېل ماككىنتوش خانىم بىلەن قايتا توي قىلغان؛

1874 ـ يىل 2 ـ ئايدا تۇيۇقسىز سەكتە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ بىر ئايدىن كېيىن ۋاپات بولغان.

## ۋەزىپىسىدىن بوشانغاندىن كېيىن نازاكەتلىك خوتۇنى بىلەن ئاخىرقى ئۆمرىنى ئۆتكۈزدى

— سىنىي دەرياسى ھەقىقەتەن گۈزەل ئىكەن! شېرىن ئېيد- مىزنى مۇشۇ دەريا بويىدا ئۆتكۈزۈش پەرۋەردىگارنىڭ بىزگە قىلـ- غان ئىلتىپاتى! — تەختتىن چۈشكەن ئاتمىش ياشلىق زۇڭتۇڭ مىللارد فىلمور يارىشىملىق كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ، سالاپەت بىلەن كىچىك كېمىنىڭ گىرۋىكىدە تۇرۇپ توي قىلغىنىغا ئەمدىلا ئۈچ كۈن بولغان خوتۇنى كارولىن كارمىخائېل ماككىنتوشقا يېقىملىق ئاھاڭدا شۇنداق دېدى.

— راست، مېنىڭمۇ فىرانسىيىگە بىرىنچى قېتىم كېلىشىم! — دېدى غۇنچە بوي، چىرايلىق ياسانغان يېڭى كېلىن كارولىن خانىم، ئۇ ئوتتۇز تۆت ياشقا كىرگەن چوكان ئىدى. كارولىن خانىم ئامېرىكىلىق بىر دۆلەتمەن سودىگەرنىڭ تۇل قالغان ئايالى ئىدى. ئەسلىدە ئېرىنىڭ سودا ئىشلىرى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتاتتى، ئەپسۇسكى، بىر قېتىملىق تاسادىپىي ھادىسىدە ئېرى سان فرانسىسكودىكى گولدېنگات كۆۋرۈكىدە قازا قىلدى. كارولىننىڭ ئېرى ئۆلۈپ ئارىدىن بىر يىلمۇ ئۆتمىگەنىد- دى. ھەر ساھەدىكى دوستلار بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىپ ئادەتلىنىپ قالغان كارولىن خانىم يالغۇزلۇقتا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان زېرىكىشلىك تۇرمۇشقا چىدىماي، يېرىم يىل بۇرۇن نيۇيوركتا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق يۇقىرى قاتلامدىكىلەر قاتناشقان كۆكتېيل ھارىقى زىياپىتىدە ئامېرىكىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى فىلـ- مور بىلەن تاسادىپىي تونۇشۇپ قالدى. يۇقىرى قاتلامدىكىلەرگە ئارىلىششقا خۇشتار چىرايلىق تۇل ئايال كارولىن بىلەن فىلمور بىر - بىرىنى بىرلا كۆرۈپ بالدۇرراق تونۇشۇپ قالمىغىنىغا پۇشايمان قىلىشىپ، بىر - بىرىگە ئاشىق بولۇپ قېلىشتى. ئۇلار كۆكتېيل ھارىقى زىياپىتىدىن كېيىن پات - پات ئۇچرىشىپ

تۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي ھەر ئىككىسى مۇھەببەت قاينىمىغا غەرق بولدى. كارولىن خېنىم ئاخىر نيۇيورك شتاتىدىكى بوۋفارو شەھىرىدە بىكار يۈرگەن سابىق زۇڭتۇڭ فىلمورغا تېگىپ مەقسەد. تىگە يەتتى، ئىككىسى تويدىن كېيىن شېرىن ئېيىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن فرانسىيىگە كەلدى.

بۇ 1858 - يىل باھار مەزگىلى ئىدى.

فىلمورنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولغان ياۋروپادىكى ئەڭ چوڭ دەريا سېنىي دەرياسى ئۆزىنىڭ جەلپكار كەڭ ئېقىنى بىلەن بېشىدىن ئاجايىپ قىسمەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ ئامېرىكا سىياسىي سەھنىسىدىن ئىخلاسى قايتقان بۇ زاتقا ھۇزۇر بېغىشلاپ تۇراتتى. بۇ دەريا لاڭگېل ئېگىزلىكىدىن باشلىنىپ، شەرق تەرەپتىن پارىژغا كىرەتتى. فىلمور يېڭى ئالغان خوتۇنى كارولىن بىلەن پارىژ شەھىرىدە پاراخوتقا چۈشۈپ، غەربىي جەنۇب تەرەپ بىلەن پارىژدىن چىقىپ تېخىمۇ كەڭ زېمىنغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. خوتۇ. نى بىلەن پارىژدا تۇرغىنىغا قانائەتلەنمىگەن فىلمور خوتۇنىنى ئېلىپ سېنىي دەرياسىنىڭ ئىككى يېقىدىكى مەنزىرىلەرنى قانغۇ. چە كۆرۈش ئىستىكىدە دەريا سەيلىسىگە چىققانىدى. دەريا سۈيى زۇمرەتتەك سۈزۈك ئىدى، دەريادا سۇ قۇشلىرى پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى. دەريا سۈيى مەيىن دولقۇنلىنىپ تۇراتتى. ئىككى ياقتىكى ئېدىرلار، باغۋارانلار، قەدىمىي قەلئە ۋە بۈك - باراقسان ئورمانلىقلار تەرىپلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدىغان ياۋ. روپانىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ھاسىل قىلغانىدى. فىلمورنىڭ قەلبىدىكى ھەسرەت ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەر بىردىنلا غايىب بولدى. كىچىك كېمىنىڭ گىرۋىكىدە تۇرۇپ سېنىي دەرياسىنىڭ ئاجايىپ مەنزىرىلىرىنى تاماشا قىلىۋاتقان فىلمور شەرەپ ۋە ھاقارەت تۇي. غۇسى ئىلكىدە تۇراتتى!

1853 - يىل 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، فىلمور ئۈچۈن ھەقىقەتەن قارا بىر كۈن بولدى!

شۇ كۈنكى سوغۇق فىلمورنىڭ ئېنىق يادىدا ئىدى. قار لەپىلدەپ يېغىۋاتاتتى. فىلمور ئەسلىدە ئالدىنقى نۆۋەتلىك زۇڭ-تۇڭلارنى دوراپ يېڭى زۇڭتۇڭنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسى-مىغا بىرەر باھانە - سەۋەب كۆرسىتىپ قاتناشماسلىقنى ئويلىغا-نىدى ياكى بولمىسا نيۇيورك شەھىرىگە بىرەر كۈن بالدۇر يولغا چىقىپ كەتسىمۇ بولاتتى. شۇنىڭدا چوڭ سايلامدا مەغلۇپ بولغان چاغدىكى دەرد - ئەلەمدىن سەل - پەل يېنىكلەپ قالاتتى. لېكىن ئۇنىڭ بىلەن ئىنچىل ئىناق ئۆتۈپ كېلىۋاتقان قىيامەتلىك خوتۇنى — ئابىگىر بالىس كۆڭلى پاراكەندە، ئىستىقبالىدىن مەيۇسلەنگەن ئېرىگە نەسىھەت قىلىپ:

— فىلمور، بۇنداق ئىچى تارلىق قىلسىڭىز بولمايدۇ. سىز چوڭ سايلامدا ئۇدا ۋەزىپە ئۆتەشنى قولغا كەلتۈرەلمىسىڭىز، بۇ يالغۇز سىزگىلا كەلگەن خورلۇق ئەمەس، بۇنىڭغا سىز ئەزا بولغان ۋىگ پارتىيىسىنىڭ ئامېرىكىدا زاۋاللىققا يۈزلەنگەنلىكى سەۋەب بولدى. ۋىگ پارتىيىسىنىڭ سايلام رىقابىتىدە تېخىمۇ كۆپ ئاۋازغا ئېرىشىشكە چامىسى يەتمىدى. بۇ ھەممە ئادەمگە چۈشىنىشلىك ئىش، بۇنىڭغا ئۆزىڭىزنى ئاۋارە قىلىشىڭىزنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭى زۇڭتۇڭنىڭ ۋەزىپىگە ئول-تۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشمىسىڭىز كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىگە قالىسىز! خەقلەر فىلمور مەغلۇپ بولۇش سىنىقىغا چىدىماپتۇ دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، سىياسىي ساھەدىكى ھەرقانداق بىر ئادەم-نىڭ ئوشۇقى داۋاملىق ئالچۇ چۈشۈۋەرمەيدۇ، ئاينىڭ ئون بەشى ئايدىڭ، ئون بەشى قاراڭغۇ بولىدۇ، بىز مۇراسىمغا رەسمىيەت يۈزىسىدىن ئەمەس، خۇشاللىق بىلەن ھەقىقىي قاتنىشىشىمىز لازىم! — دېدى.

فىلمور ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا خوتۇنىنىڭ تەكلىپىگە ماقۇل بولدى.

فىلمور ئادەتتە بالىس خانىمنىڭ سىزىقىدىن چىقمايتتى.

بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇزاق ئۆتمۇشتىن سۇرۇشتە قىلىشقا توغرا كې-
لەتتى. ئەجدادى ئەنگلىيىلىك كۆچمەنلەردىن بولغان، كىچىكىد-
دىن تارتىپ نيۇيورك شتاتى كايۇگا ناھىيىسى ساموچېر كەنتىدى-
كى يوقسۇل ئائىلىدە تۇغۇلغان فىلمور تۇرمۇشنىڭ مۇشەققىتىنى
يەتكۇچە تارتتى. ئۇ بالىلىق چاغلىرىدا دادىسى بىلەن دېھقانچىلىق
قىلدى، كېيىن دادىسى چېچەن فىلمورنى بىر زاۋۇتقا بەردى.
لېكىن فىلمور ئۆزىنىڭ ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى جارى قىلدۇرغى-
لى بولىدىغان بىرەر جايغا ئىنتىزار ئىدى. ئۇ ئون توققۇز ياشقا
كىرگەن يىلى زاۋۇتتىكى خىزمىتىدىن قەتئىيلىك بىلەن ئىستېپا
بېرىپ، ساموچېرغا قايتىپ يېزا مەكتىپىدە خەلق ئوقۇتقۇچىسى
بولدى. ئەمما فىلمور كىچىكىدە بىرنەچچە يىللا ئوقۇغان بولغاچ-
قا، ئوقۇتقۇچى بولغاندىن كېيىن، بىلىمىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى
ھېس قىلدى. شۇڭا فىلمور دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا ئۆز-
لۇكىدىن بىلىم ئاشۇردى.
— فىلمور، ئوقۇش راسخوتىدىن غەم قىلماڭ، ئوقۇش
راسخوتىڭىزنى مەن ھەل قىلىمەن! — فىلمور ئوقۇشقا جان-
دىلى بىلەن كىرىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇش راسخو-
تىنى تۆلىيەلمىگەنلىكى سەۋەبلىك مەكتەپ تەرەپ ئۇنى ئوقۇشتىن
چېكىنىشكە بۇيرۇدى. خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولغان فىلمورنىڭ
ئىش ھەققى بەك ئاز ئىدى. دادىسى دېھقان بولغانلىقى ئۇچۇن
قولى قىسقا ئىدى. ئۇ مۇشۇنداق ئۇزۇكچىلىك مەزگىلدە ئوقۇش
ئۇچۇن كېتىدىغان پۇلنى نەدىنمۇ تاپسۇن؟ ئۇ ئوقۇشنى داۋاملاش-
تۇرۇش ئۇچۇن قايغۇرۇپ يۇرگەن كۇنلەردە كۆزلىرى كۆك،
چاچلىرى سېرىق، زىلۋا بويلۇق، چىرايلىق بىر قىز ئۇنىڭ
تۇرمۇشىغا كىرىپ كەلدى.
— سىز... بالىس بولامسىز؟ ماڭا ئوقۇش راسخوتىنى ئارد-
يەتكە بېرىپ تۇرامسىز؟ — فىلمورنىڭ غۇۋا كۆزلىرى شۇئان
نۇرلىنىپ كەتتى. چۇنكى مۇشۇنداق مۇشكۇل ئەھۋالدا ھەرقانداق

بىر ئادەم ئۇنىڭغا ياردەم بېرەلمەيتتى. بالىس ئىسمىلىك بۇ قىز ساۋاقداش ئۇنىڭغا كۆيۈنگەن هالدا نەزىرىنى تاشلىدى. فىلمور بۇنداق بولۇشىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى.

فىلمور تەييارلىق كۇرسىنى ئوڭۇشلۇق تۈگىتىۋالدى. تەي- يارلىق كۇرسىدا ئۆتكەن ئىككى يىل داۋامىدا پوپىنىڭ ئۆزىدىن ئىككى ياش چوڭ قىزى — بالىس بىلەن ئۇچرىشىپ تۇردى. ئۇلارنىڭ ئوي - پىكىرلىرى بىر يەردىن چىقتى. دەرستىن سىرت- قى ۋاقىتلاردا بالىس ئۇنى مەكتەپ قورۇسىدا كۇتۇۋالاتتى، ئىك- كىسى كەچكى شەپەق نۇرلىرىغا چۆمۈلگەن قېيىنزارلىقتا سەيلە قىلىشاتتى. بالىس بىلەن فىلمور ئۆگىنىش تەسىراتى، كىشىلىك تۇرمۇش ۋە كەلگۈسى توغرۇلۇق كەڭ - كۇشادە پاراڭلىشاتتى. كۈنلەر مۇشۇ تەقلىدتە ئۆتۈۋەردى. فىلمور بىلەن بالىس ئارىسىدا ئاستا - ئاستا مۇھەببەت پەيدا بولدى.

ياش فىلمورنىڭ قەلبىدە مۇھەببەت ئەمدىلا بىخلىنىشقا باش- لىغان چاغدا يەنە بىر ئىش يۈز بەردى. فىلمور دادىسى بىلەن بىللە مونتىبور بازىرىغا جەزمەن كۆچۈپ كېتىشى لازىم بولۇپ قالدى. بالىس سۆيگەن ئادىمىنىڭ يىراققا كېتىپ قالىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆزلىرىنىڭ بىر - بىرىدىن مەڭگۈ ئايرىلىپ كېتىدىغانل- لىقىنى هېس قىلدى، ئۇنىڭ يۈرەك - باغرى ئېزىلىپ كەتتى. بىراق فىلمور بالىسقا: ئۇنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۆزىدە قالدۇرغان گۈزەل ئەسلىمىلىرىنى يۈرەك قېتىدا مەڭگۈ ساقلايدىغانلىقىنى دېدى. 1826 - يىلى فىلمور شەرقىي ئاۋرورادا ئادۋوكاتلار ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرغاندىن كېيىن بىر - بىرىنى نەچچە يۈز چاقىرىملىق يول ئايرىپ تۇرغان ئاشىق - مەشۇقلار يۈز كۆرۈشۈپ، ئۆي - ئوچاقلىق بولۇشتى! بالىس تۇرمۇشتا فىلمورنىڭ خوتۇنى، چوڭ ئىشلاردا ئەڭ ئىشەنچلىك قوللىغۇچىسى ۋە مەنىۋى تۈۋرۈكى ئىدى. فىلمور بالىسنىڭ سەمىمىي تەربىيىسى ۋە خالىس قوللىشى ئارقىسىدا كىچىككىنە

بازاردىكى ئادەتتىكى بىر ئادۋوكاتتىن بىراقلا پارلامېنت ئەزاسى، سايلام رىقابىتىدە غەلىبە قازىنىپ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ بولالىدى.

زۇڭتۇڭ تايلور ۋاپات بولۇپ ئۈچ يىل زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەش جەريانىدا فىلمور سىياسىي جەھەتتە سان ــ ساناقسىز خەۋپ ــ خەتەر ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارغا يولۇقتى. بۇنداق چاغلاردا بالىس فىلمورنىڭ رەپىقىسى سۈپىتىدە ئۇنىڭغا بىردىنبىر مەنىۋى تۈۋرۈك بولدى. 1852 ــ يىلىدىكى زۇڭتۇڭ سايلىمىدا فىلمور پۈتۈن مەملىكەت كۆز تىكمۇاتقان قۇللۇق تۈزۈمى مەسىلىسىدە ئارىلاشماسلىق پرىنسىپىنى قوللىنىپ ئۆزىنىڭ يامىسىزلىقىنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقتىن، ھەقلىق يوسۇندا سايلىغۇچىلارنىڭ بىردەك رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. بالىس يەنىلا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ:

— فىلمور، ئۈمىدسىزلەنمەڭ، غەلىبە قىلىش ــ مەغلۇپ بولۇش سىياسىي سەھنىدە داۋاملىق كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئىش، سىز تېخى ياش، ھامان بىر كۈنى يېڭىۋاشتىن باش كۆتۈرۈپ چىقىسىز!…، — دېدى.

شۇ كۈنى فىلمور رەپىقىسى بالىسنىڭ دەۋىتى بىلەن ئاقساراينىڭ جەنۇبىدىكى چىملىقتا ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىمغا قاتناشتى. مۇراسىم ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئەر ــ خوتۇن ئىككىسى ئاقسارايدىن ئايرىلىپ، ۋاشىنگتوننىڭ شەھەر مەركىزىگە جايلاشقان ۋاقىتلىق تۇرالغۇسىغا كۆچۈپ چىقتى. بالىس خانىم ئاغرىپ قالدى!

فىلمور ئۆزىنى ئاقسارايدا ئۆتكۈزۈلىدىغان يېڭى زۇڭتۇڭنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا قاتنىششقا ئۈندىگەن رەپىقىسى بالىس خانىمنىڭ ئېچى ئېچىشقانلىقىنى شۇندىلا بىلدى. ئۇنىڭغا بۇ ئازابنى چوڭ سايلامدا مەغلۇپ بولغان ئېرى سالغاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ قېتىم ئاقسارايدىكى چىملىقتا شامالداپ قالدى. شۇڭا بالىس خانىم ۋاقىتلىق تۇرالغۇسىغا كېلىپلا بولال-

ماي يقىلدى. ئۇنىڭ كېسىلى ناھايىتى ئېغىر ئىدى. زۇكام ناھايىتى تېزلا ئۆپكە كېسىلىگە ئۆزگىرىپ كەتتى. فىلمور پۇلنى ئايىماي خەجلەپ دوختۇرلارنى تەكلىپ قىلدى، لېكىن بالىس خانىمنىڭ كېسىلىدە ياخشىلىنىش كۆرۈلمىدى، بىر ئايلاردىن كېيىن فىلمور بىلەن بىر - بىرىگە يار - يۆلەك بولۇپ ئۆتكەن بالىس خانىم شۇ يىقىلغان پېتى ئورنىدىن تۇرالماي پانىي ئالەم بىلەن خوشلىشىپ كەتتى.

بالىس خانىمنىڭ ۋاپاتى فىلمورغا زۇڭتۇڭلۇق ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قالغان چاغدىكى زەربىدىنمۇ ئېغىر تۇيۇلدى. ھەر كۈنى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇرۇمىدى، نيۇيورك شتاتى بوۋفارو شەھىرى ئەتراپىدىكى قەبرىستانلىقتا قويۇلغان بالىسنىڭ قەبرىسى ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈردى، پات - پاتلا كەچكى شامالدا مەرھۇ- مەنىڭ يالغۇز قەبرىسى ئالدىدا تۇرۇپ ئىككىسى بىرگە ئۆتكۈزگەن گۈزەل مىنۇتلارنى ياد ئېتەتتى.

بوۋفارودىكى قەدىمىي تۇرالغۇدا فىلمور ئاخىر مەرھۇمەنىڭ ۋاپاتى بىلەن بېشىغا كەلگەن ئازابتىن قۇتۇلدى.

«فىلمور، سىز ئەمدى زۇڭتۇڭ بولالمايسىز، لېكىن ئادۋو- كات بولالايسىز!» كەيپىياتى ئەڭ سولغۇن چاغلاردا فىلمورنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ھەمىشە مەرھۇمەنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭغا دەيدىغان مۇشۇ گەپلىرى ياڭرايتتى. شۇنىڭ بىلەن، ۋېۋىسكا ئېسىپ ئاد- ۋوكاتلىق كەسپىنى باشلىدى! ئۇ زۇڭتۇڭلۇق كىبىرىنى تاشلاپ، ياشاش ئۈچۈن ئادۋوكاتلىق قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

بوۋفارو شەھىرىدە ئادۋوكاتلىق قىلىۋاتقان فىلمور ئاۋۋالقى خوتۇنى ۋاپات بولۇپ بەش يىلدىن كېيىن تېخىمۇ ياش، چىرايلىق ھەم دەردىگە دەرمان بولىدىغان بىر خانىمنى ئاخىر تاپتى. ئۇ خانىم كارولىن ئىدى. فىلمورنىڭ نەزىرىدە كارولىن خانىم ئاۋ- ۋالقى خوتۇنى بالىستىن ياش بولسىمۇ، لېكىن كۆزقاراش جەھەت- تە بالىسقا قارىغاندا، كارولىن ئەمەلىيەتكە مايىل ئىدى. ئۇ ھەر

بىر كۈن ئاتا قىلغان خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولۇشقا خۇشتار ئىدى. ئاۋۋالقى خوتۇنىغا ئوخشاش فىلمورنىڭ سىياسىي سەھنە ۋە ئەمەلدارلىق سورۇنلىرىدا جان تىكىپ ئېلىشىپ يۈرۈشىنى قوللىمايتتى. ئۇ ئېرىنى بۇ ئىشلاردىن يالتىيىپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزۈشكە ئۈندەيتتى. فىلمور كارولىن خانىمنىڭ تەكلىپى بىلەن، تويدىن كېيىن چىرايلىق ياش خوتۇننى ئېلىپ شېرىن ئېيىنى ياۋروپادا ساياھەت قىلىپ ئۆتكۈزۈش قارارىغا كەلگەنىدى.

## كۆڭۈللۈك باشلانغان ئائىلە زىياپىتى كۆڭۈلسىزلىك بىلەن ئاخىرلاشتى

1874 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر سوغۇق قىش كۈنى.

فىلمورنىڭ قايتا توي قىلغانلىقىغا ئالتە يىل بولدى. 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئۇنىڭ كارولىن خانىم بىلەن توي قىلغانلىقىغا ئالتە يىل بولغان خاتىرە كۈنى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى بوۋفارو شەھىرىدىكى ناھايىتى ھەشەمەتلىك تۇرالغۇسىدا تەنتەنىلىك ئائىلە ھاراق زىياپىتى ئۆتكۈزدى. چۈشتىن كېيىنكى مەزگىل، كۆركەم تۇرالغۇنىڭ ئالدىغا پەيتۇنلار توپلىنىپ كەتتى. ياشانغان، ئۆزىنى كۆتۈرۈشكە ماھىر فىلمور كېلىشكەن خانىمى كارولىن بىلەن تۇرالغۇسىنىڭ پەلەمپەيدە مېھمانلارنى كۈتۈۋالماقتا ئىدى، ئۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەك تېتىك كۆرۈنەتتى.

فىلمورنىڭ سالامەتلىكى ناھايىتى ياخشى ئىدى، مەڭزىلىرى پارقىراپ تۇراتتى. زىياپەتكە كەلگەن مۆتىۋەرلەرنىڭ ھەممىسى ساھىبخانىنىڭ بەردەم تەرقى ـ تۇرقىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇشتى ھەم ساھىبخانىغا مەستلىكى كېلىشتى. بۈگۈنكى مېھمانلارنىڭ تەڭدىن تولىسى فىلمور ۋە كارولىننىڭ قەدىناس دوستلىرى

ئىدى. فىلمور بىلەن كارولىن توي قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئىج-تىمائىي مۇناسىۋەتكە ماھىر خانىمنىڭ تەسىرىدە ئەلگە ئارىلاش-مايدىغان ئادىتىنى تاشلاپ بارا - بارا ئەل - جامائەتكە قېتىلىپ يۈرىدىغان بولدى. زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىدىن بوشانغان ھەم ۋىگ پارتىيىسى بىلەن ئامېرىكا پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى بولۇشتەك قوش سالاھىيەتكە ئىگە فىلمورنىڭ نيۇيوركتا ياكى پايتەختتە بولسۇن، سىياسىي ساھەدە نۇرغۇن قەدىناس دوستلىرى بار ئىدى. كارو-لىنىنىڭ جەمئىيەتتىكى مەشھۇر مۆتىۋەرلەر بىلەن ئېسىلزادە خا-نىملارنى مەركەز قىلغان پائالىيەت دائىرىسى بار ئىدى، ئەر - خوتۇن ئىككىسى بوۋفارودىكى قەسىرىدە پات - پاتلا تۈرلۈك زىياپەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، زېرىكىشلىك ئىچىدە ئۆتۈپ كېتىۋات-قان ۋاقىتلىرىغا خۇشاللىق بەخش ئېتەتتى. كارولىن بىلەن با-لىس خانىمنىڭ مىجەز - خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئۆيدىن مېھمان ئۈكسۈمەيدىغان، داۋاملىق زىياپەت بولۇپ تۇرىدى-غان ئەھۋالدا فىلمورنىڭ ئاخىرقى ئۆمرى تېخىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى.

— مېھمانلار، بىز ھەر يىلى مۇشۇ كۈنىنى ئائىلىمىزدە مۇشۇنداق زىياپەت ئۆتكۈزۈپ تەبرىكلەيمىز، — زىياپەت باشلانغان چاغدا، كارولىن ئايال ساھىبخانىلىق سالاھىيىتى بىلەن فىلمور-نىڭ ئورنىدا زىياپەتكە رىياسەتچىلىك قىلدى.

«فىلمور بۇ قېتىمقى چوڭ سايلامدىكى مەغلۇبىيەتنى ئانچە بەك كۆڭلىگىزگە ئېلىپ كەتمەڭ، بۇ بىر تاسادىپىيلىق. ۋىگ پارتىيىسى سىزنىڭ يەنە بىر قېتىم باش كۆتۈرۈپ چىقىشىڭىز ئۈچۈن يەنە سىزنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.» ئاۋۋالقى خوتۇنى ئۇنىڭغا مۇشۇنداق دېگەنىدى. فىلمور بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇۋاتقان رومكىلارنىڭ، كۆلەڭگىلىرى ئىرغاڭلاپ تۇرغان ئادەملەر ئارى-سىدىن ئۆتمۈشتىن قالغان ئەستىلىكلەرنى ئىزدەيتتى.

ئۇ 1853 - يىلى مەرھۇمەنى يۇرتى بوۋفاروغا قويۇپ، كونا

كەسپى ئادۋوكاتلىقنى باشلىۋالدى، مەرھۇمەنىڭ تەربىيە ۋە نەسىھەتىنى ئىشخانىغا بېكىنىۋالغان فىلمور داۋاملىق ئەسلەپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە ھەقىقەتەن تەن بەرمەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ئۈچ يىل ئىچىدىكى تۆھپىلىرىنى ئۆچمەيدۇ دەپ ھېسابلايتتى. ئۇ ئاقسارايدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن چاغلىرىدا دۆلەت سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئالاھىدە كۆچىدى. بولۇپمۇ تۆمۈريول قۇرۇلۇشىغا يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. يۈرەكلىك ھالدا كۆپلەپ مەبلەغ ئاجرىتىپ، تۆمۈريول قۇرۇلۇشى ئېلىپ باردى. بۇ ئەينى چاغدا پارلامېنت بىردەك ئېتىراپ قىلغان تۆھپە ئىدى. فىلمور قىلغان يەنە بىر چوڭ ئىش، ئۇ ئىلگىرى ئۆتكەن زۇڭتۇڭلارنىڭ قورال كۈچى بىلەن كېڭەيمىچىلىك قىلىش ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بولغان ئادەم قورال كۈچى ئارقىلىق كېڭەيمىچىلىك قىلىپ ئۆز دۆلىتىنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىشى كېرەك دەپ ھېسابلايتتى. شۇ چاغلاردا ئامېرىكا ياۋروپا جامائەتچىلىكى تەرىپىدىن بىردەك زومىگەر دەپ ئېتىراپ قىلىنغانىدى، لېكىن ئاسىيانى بويسۇندۇرۇشقا ئۇنىڭ چولىسى تەگمىگەنىدى. فىلمور شۇ چاغدا ئاسىيادىكى ياپونىيىگە كۆزى چۈشكەن، ياپونىيىنى ئاسىيادىكى ھەربىي كۈچلىرىنى كېڭەيتىش يولىدىكى بازا قىلىش ئۈچۈن، فىلمور چوڭ - كىچىك ئۇرۇش پاراخوتلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇن چىقارغان، ياپونىيە ساماۋى پادىشاھىنى ئامېرىكىنىڭ توكيودا كونسۇلخانا قۇرۇشىغا ماقۇل بولۇشقا قىستىغان. فىلمورنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش داۋامىدا ئاسىياغا قاراپ كېڭىيىش توغرىسىدىكى باسقۇچلۇق پىلانلىرى ناھايىتى تېزلا پارلامېنتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن.

لېكىن، ئالدىنقى نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭدىن قالغان قۇلدارلىق تۈزۈمى مەسىلىسى فىلمورنى ئاۋارە قىلماقتا ئىدى! ئالدىنقى نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ ھايات ۋاقتىدا قۇلدارلىق تۈزۈمىنى قەتئىي

چەكلەش سىياسىتىدە چىڭ تۇرغانلىقتىن، فىلمور تايلور بىلەن قاملىشالمىدى. فىلمور ئىرادىسىز ھەم سىپايە، ئۇنىڭ ئۈستىگە تالىپ مىجەز بولغاچقا، مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ، قوشۇمچە پارلامېنت-نىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان چاغدا، قۇلدارلىق تۈزۈ-مىنى قەتئىي چەكلەش مەسىلىسىدە مۇرەسسە قىلىش يولىنى تۇتتى. ئۇ قۇلدارلىق تۈزۈمىنى قەتئىي چەكلەشنى تەشەببۇس قىلمىدى، چۈنكى ئۇ جەنۇبتىكى تەسىر كۈچى بار قۇلدارلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتقانىدى، ئەمما شىمالدىكى يۇقىرى تەبىقە-دىكى زاتلار قۇلدارلىق تۈزۈمىنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاشتا چىڭ تۇراتتى. فىلمور زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋالغان-دىن كېيىن مۇرەسسە ئۇسۇلى ئارقىلىق سابىق زۇڭتۇڭدىن قال-غان چىگىش مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بۇرۇنقىدەك بىتەرەپ مەيداندا تۇرۇش قارارىغا كەلدى.

بىراق، ئىشلار ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى، فىلمور تەختكە چىقىپ جەنۇبقا يان بېسىش سىياسىتىنى تۇتۇپ، مۇرەسسە خاراكتېرىنى ئالغان قانۇن لايىھىسىنى تۈزۈپ پۈتۈن مەملىكەتتى-كى سەزگۈر مەسىلە — قۇلدارلىق تۈزۈمى مەسىلىسىنى ھەل قىلماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن فىلمورنىڭ ئىناۋىتى ناھايىتى تېزلا چۈشۈپ كەتتى.

— بالىس، مەن خاتا قىلدىممۇ؟ مەن شۇ چاغدا جەنۇب - شىمال ئىككى تەرەپنىڭ مەنپەئەتىگە تەڭ ئېتىبار بېرىپ بەش تۈرلۈك پرىنسىپنى تۈزگەن ئەمەسمىدىم؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق نې-مىشقا جەنۇب - شىمالدىكىلەر ئوخشاشلا مەندىن بىزار بولىدۇ؟ — فىلمور ئەينى چاغدا «مۇرەسسە قانۇن لايىھىسى» نى كاۋاپمۇ، زىخمۇ كۆيمەيدىغان بۇنداق ياراشتۇرۇش ۋاستىسى جە-نۇب - شىمال ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇن يىل داۋام قىلىپ كېلىۋات-قان زىددىيەتنى پەسەيتىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى دەپ قاراپ يولغا قويغانىدى. كىم بىلسۇن، ھەر ئىككىلا تەرەپكە ياخشىچاق بولد-

ىدىغان پىرىنسىپ يولىغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئەكسىچە جەنۇب ـ شىمالدىكى پۇقرالارنىڭ بىر دەك نارازىلىقى ۋە ئۆچمەنلىكىنى قوزغىدى، بۇنداق بولارنى فىلمور ئويلىمىغانىدى.

بالىس ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ:

— سىز مۇشۇ مۇرەسسە قانۇن لايىھىسىنى بېكىتكەن چاغدا، مەن سىزگە بۇنىڭدىن كۆرە يا جەنۇب تەرەپتە، يا شىمال تەرەپتە تۇرۇڭ دەپ مەسلىھەت بەرگەن. بۇنىڭ پايدىلىق تەرىپى شۇكى، بۇنداق قىلغاندا سىزنىڭ ھۆكۈمىتىڭىز ھېچبولمىغاندا ئامېرىكا پۇقرالىرىنىڭ يېرىمىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلەيتتى. سىزنىڭ مۇرەسسە قانۇن لايىھىڭىز گەرچە جەنۇبتىكى قۇلدارلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشنى ئاساس قىلغان بولسىمۇ، ئاشۇ قۇلدارلارنىڭ بۇنىڭدىن رازى بولمايدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن. سىز ھەر ئىككىلا تەرەپكە ياخشىچاق بولىمەن دەپ قارىدىڭىز. شىمال سىزنى تىللاپ ئارامىڭىزنى قويمىدى! ئەمما بولىدىغان ئىش بولۇپ بولدى، بوپتۇ مەيلى! پەرىشان بولغان بىلەنمۇ پايدىسى يوق! — بالىس بۇ گەپلەرنى ئۇنىڭغا 1852 ـ يىلىدىكى زۇڭتۇڭ سايلىمىدىن كېيىن دېگەنىدى. فىلمور دەل مۇشۇ قۇلدارلىق تۈزۈمى مەسىلىسىدە مۇرەسسە قانۇن لايىھىسىنى قوللىنىپ ئەلنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتكەن، ئاقسارايدىكى زۇڭتۇڭلۇق تەختىدىن موللاق ئاتقانىدى. فىلمور ئۆزىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى سەۋەنلىكى سەۋەبىدىن تەختتىن چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ تاڭ ئاتقۇچە ھۆكرەپ يىغلاپ چىقتى. فىلمور سايلام رىقابىتىدە مەغلۇپ بولۇپ پۇچىلىنىپ يۈرگەن كۈنلەردە، بالىس خانىم ئېرىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ دەرد ـ ئەلەمنى ئېرى بىلەن تەڭ تارتتى. ئۇ ھەر قېتىم تۇرالغۇسىدا ھەشەمەتلىك زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ بوۋفارو شەھىرىدىكى مۆتىۋەرلەرنى چاقىرغان چاغدا ئۆتمۈشتىكى شانلىق مىنۇتلارنى يەنىلا ئەسلىمەي تۇرالمايتتى.

— فىلمور ئەپەندى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقتىڭىزدا

يولغا قويغان قولدارلىق تۈزۈمى توغرىسىدىكى سىياسىتىڭىز يە-
نىلا پايدىلىق دەپ قارايمەن، — دېدى پاكار بىر مۆتىۋەر فىلمورغا
هاراق سۇنۇۋېتىپ، ئۇ ساهىبخانىنىڭ سورۇندا كۆڭۈلسىز ئول-
تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى غىدىقلاپ خۇشال قىلىش مەقسىتىدە
شۇنداق دېگەنىدى.
بىر خانىمۇ قوشۇمچە قىلدى:
— مەنمۇ شۇنداق قاراشتا، بەزىلەر سىزنى هاكىمىيەت يۈر-
گۈزگەن چاغدا ئىككى يۈزلىمىلىك قىلدى دېيىشتى. مېنىڭچە
ئۇنداق ئەمەس، ئىككى تەرەپ كەسكىن تالاش - تارتىش قىلىۋات-
قان چاغدا ئىككى بىسلىق چارە قوللانمىسا، قانداقمۇ ياخشى
زۇڭتۇڭ بولغىلى بولىدۇ؟ — دېدى.
— راست، فىلمور يولغا قويغان سىياسەت كېيىنكى يىللاردا
لىنكولن ئەپەندى يولغا قويغان سىياسەتتىن كۆپ ياخشى!
— بەزىلەر ئەينى يىللاردا قىلچە ئاساسسىز هالدا جەنۇبقا
يان باستى دەپ سىزگە هۇجۇم قىلدى، سىز ئۆزىڭىز تۈزگەن
بەش تۈرلۈك پرىنسىپتا شىمالنىڭ مەنپەئەتىنىمۇ ئېتىبارغا ئالغا-
نىدىڭىزغۇ!
— پرىنسىپنىڭ بىر ماددىسىدا ۋاشىنگتوندا قۇل سودىسى
قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ دەپ بەلگىلەنگەنىغۇ؟
بىرەيلەننىڭ فىلمورنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەر-
گەنلىكىنى كۆرگەن فىلمور بىلەن ئوخشاش قاراشتىكى ئەگەشكۈ-
چىلەر ۋە بۇرۇن قول ئاستىدا ئىشلىگەنلەر يوپۇرۇلۇپ كېلىشىپ
ئۇنىڭغا هاراق تۇتتى ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى. ئۇلار بۈگۈنكى
زىياپەتنىڭ قىزغىنراق بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. يىغىلىپ قال-
غان دەرد - ئەلەملىرىنى ئۇنىڭ ئورنىدا تۆكۈش — ۋەزىپىسىدىن
بوشىنىپ غەمكىن يۈرۈۋاتقان فىلمور ئۈچۈن ئەڭ ياخشى تەسەللى
ئىكەنلىكىنى مېهمانلار بىلەتتى، ئەلۋەتتە.
— بولدى بەس، بولدى قىلىڭلار! — ئۇ بۈگۈن مېهمانلار-

نىڭ ياخشى كۆڭلىنى ئىلىك ئالمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى تولىمۇ بىسەرەمجان ئىدى. ۋەزىپىسىدىن بوشىنىپ يىگىرمە نەچچە يىلـ-دىن بۇيان سىياسىي سەھنىگە قايتا چىقىش نىيىتىدىن يانماي كېلىۋاتقان فىلمور ئەمدى بۇ نىيىتىدىن يانمىسا بولمايتتى. چۈنـ-كى ئۇ سىياسىي ھوقۇقىدىن ئايرىلغاندىن بېرى ھەر قېتىملىق چوڭ سايلامدا جان تىكىپ ئېلىشىپ باقتى، لېكىن كۈچلۈك رەقىبلىرى پيېرس، بۇخانان، لىنكولن ۋە جونسونلار تەرىپىدىن كەينى - كەينىدىن مەغلۇپ قىلىندى. مانا ئەمدى يېڭى نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ گرانت ئاقسارايغا كىرىش ئالدىدا تۇراتتى. مەنسەپپەـ-رەس فىلمورنىڭ يېڭى رىقابەتچىسى ئوخشۇشلۇق ھالدا ئىلگىرى ئۆزىگە تەۋە بولغان ئاقسارايغا كىردى. ئەلەم چەككەن فىلمور مەنىسىز ۋە زېرىكىشلىك كۈنلىرىنى نيۇيورك شتاتى بوۋفارو شەھىرىدىكى تۇرالغۇسىدا ھەركۈنى مۇشۇ شەھەردىكى مەشھۇر زاتلارنى مېھمان قىلىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. فىلمور ئۆزىنىڭ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سىياسىي ساھە بىلەن ئالاقىسىنىڭ ئۈزۈلـ-گەنلىكىنى ئويلىغىنىدا، ئىچى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىـ-غان دەرىجىدە ئېچىشىپ كېتەتتى. چۈشتىن كېيىنكى ئائىلە زىياپىتىدە ئۇنىڭ قەلبىنى قانداقتۇر بىر خىل پەرىشانلىق چۇلغىـ-ۋالدى. كەيپىياتىنى تەڭشەشكە ئۇستا فىلمور مېھمانلىرىغا ھېچـ-قاچان بۇگۈنكىدەك قوپال تەگكەن ئەمەس ئىدى. ئۇ لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، سورۇندىكى ياخشى نىيەتلىك ئەر - ئايال مېھمانلارغا چالۋاقاپ، — بۇنداق كۆڭۈلسىز گەپلەرنى ئەمدى تىلغا ئالماڭلار، ئاردىن شۇنچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، قۇلدارلىق تۈزۈمىدىن ئىبارەت لەنىتى بۇ تېمىغا دۇنيادا قايسىبىر ئادەم قىزىقىدۇ؟... — دېدى.

مېھمانلار ھاڭ - تاڭ قېلىشتى. ئۇلار بىر - بىرىگە قاردـ-شىپ، زۇۋان سۈرمەي تۇرۇپ قېلىشتى. مېھمانلارنىڭ نەزىرىدە ياخشى تەربىيە كۆرگەن سابىق زۇڭتۇڭ فىلمور ئادەتتە ئاچچىقلانـ-

مايدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ توي قىلغان-
لىقىنىڭ ئالتە يىللىق خاتىرە كۈنىنى قۇتلۇقلاپ كەلگەن مۇشۇن-
چىۋالا دوستلىرىنىڭ ئالدىدا چېچىلسا تېخىمۇ بولمايتتى. لېكىن
ئۇ بۈگۈن نېمە بولدى؟ فىلمور بىردىنلا باشقىچىلا بىر ئادەم
بولۇپ قالغانىدى. يۈزى پوكاندەك قىزىرىپ كەتكەن فىلمور
قولىدىكى رومكىنى قوپاللىق بىلەن ئۈستەلگە «ۋاققىدە» ئۇرۇپ
غەزەپلەنگەن پېتى:

— خويمۇ تويدۇم!... ، — دېدى.

— مىللارد! بۇ ... نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دېدى باشقا بىر
ئۈستەلدىكى ئايال مېھمانلار ئارىسىدا پىرقىراپ يۈرگەن كارو-
لىن. بۈگۈن كەچ ئۇنىڭ كەيپىياتى ئەسلىدە تولىمۇ ئوبدان
ئىدى. فىلمورغا تەگكەنلىكىنىڭ ئالتە يىللىق خاتىرە كۈنىنى
قۇتلۇقلاش ئۈچۈن ئۇ نۇرغۇن پۇل خەجلەپ فرانسىيە قورۇمىلد-
رى قورۇيالايدىغان ئالىي دەرىجىلىك بىر ئاشپەزنى تەكلىپ قىل-
غانىدى. زىياپەتتىن كېيىن كارولىن ئېرى ئىككىسىنىڭ ئادىتى
بويىچە بۇ ھەشەمەتلىك تۇرالغۇنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىكى زالدا
بىر قېتىملىق تانسا ئۇيۇشتۇرۇشنى پىلانلىغانىدى. كارولىن ياخ-
شى تەربىيە كۆرگەن ئېرىنىڭ شۇنچە كۆپ ئەزىز مېھمانلارنىڭ
ئالدىدا بۇنداق چالۋاقاپ كېتىدىغانلىقىنى پەقەت ئويلىمىغانىدى.
كارولىن ئالدىراش كېلىپ ئېرىگە دوق قىلدى:

— نېمانچە ھەددىڭىزدىن ئاشىسىز، مېھمانلىرىمىغا قوپال
مۇئامىلە قىلىدىغانغا قانداق پېتىندىڭىز؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسى
يۈزلۈك كىشىلەر! مىللارد، سىز مېھمانلارنىڭ ھەممىسىدىن
كەچۈرۈم سوراڭ!... ، — دېدى.

— نېمە دېدىڭىز؟... ، — ئاچچىقىنى باسالماي تۇرغان فىل-
مور شۇ تاپتا ئاچچىقىنى هاراقتىن چىقارماقچى بولۇپ تۇراتتى،
دۆلەتمەن سودىگەر ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان كارولىن نېمە
دېگەنبىلەن ئاۋۋالقى خوتۇنى بالىسقا ئوخشاشمايتتى، ئۇ مېھ-

مانلارنىڭ ئالدىدا فىلمورنى سەتلىدى. فىلمور ھەر ھالدا ئاقسا-راينىڭ باشلىقى بولغان، ئۆمۈر بويى ئۆزىگە كىشىلەرنىڭ يېقىن-لىق مۇئامىلە ۋە خۇشامەت قىلىشىغا خۇشتار بولۇپ ئۆتكەن ئادەم ئىدى. ئۇ ئاللىبۇرۇن ئاددىي پۇقرا بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن سالاھىيىتىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى بىلەن قەدىر - قىممىتى-نىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىگە غۇرۇرى يول قويمايتتى. خوتۇنىنىڭ ئۆزىنى مېھمانلارنىڭ كۆزىچىلا سەتلەۋاتقانلىقىدىن سەپراسى ئۆر-لىگەن فىلمور قولىنى كۆتۈرۈپ خوتۇنىنى ئەيىبلەپ، — تەربىيە كۆرمىگەن... ! — دەۋەتتى. ئاچچىقى قىرىق گەز ئۆرلىگەن فىل-مور كارولىنىنى بىر شاپىلاق سالغىلى تاس - ماس قالدى. لېكىن ئۇ نېمىلا دېگەنبىلەن ئابرۇيلۇق ھەم مەرتىۋىلىك مۆتىۋەر ئىدى. ئۇ غەزىپىنى بېسىپ ئېگىز كۆتۈرۈلگەن قولىنى ئاستا - ئاستا چۈشۈرۈۋالدى.

— بەللى، مىللارد، سىز مېنى تەربىيە كۆرمىگەن دەپ تىللاشقا جۈرئەت قىلدىڭىزمۇ؟ مېنى ئۇرماقچىمۇ سىز؟ يۈرىكى-ڭىز نېمانداق چوڭ سىزنىڭ! ... ، — ياش ھەم كېلىشكەن كارو-لىن بىر دۆلەتمەن سودىگەردىن تۇل قالغان چوكان ئىدى. ئۇ ئۆزىدىن كۆپ چوڭ فىلمورغا تېگىپ بەك ئەركە بولۇپ كەتكەنى-دى. فىلمورمۇ ئۇنى نائىلاج ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتكەنىدى، ئادەتتە ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ قاتتىقراق گەپ قىلمايتتى. چۈنكى كارولىن ۋەزىپىسىدىن بوشانغان بۇ قېرى زۇڭتۇڭغا گۈلدەك چىرايى ھەم بۇرۇنقى ئېرىدىن قالغان ھېسابسىز بايلىقى بىلەن تەگكەنىدى. فىلمورنىڭ ھازىرقى تۇرمۇش خىراجىتى، ھەتتا كارولىن بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقان ھەشەمەتلىك تۇرالغۇنىمۇ كارولىن تەمىن ئەتكە-نىدى. شۇنداق بولغانلىقتىن فىلمور كارولىنغا يول قويۇپ كېلى-ۋاتاتتى. بىراق بۈگۈن ئۆزى تولىمۇ ئەركە قىلىۋەتكەن كارولىن تەپ تارتماستىن مېھمانلارنىڭ ئالدىدا ئەلپازىنى بۇزۇپ فىلمورغا تىل سالدى.

فىلمور چاتاقنىڭ چوڭىنى تېرىپ قويغانلىقىنى بىلدى. ئۇ پۇشايمان قىلىۋاتاتتى، كەيپىياتى ناچار ئەھۋالدا هاراقنى بۇنچە-لىك كۆپ ئىچمەسلىكى كېرەك ئىدى، ئەمدى پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيتتى. فىلمور چاپاننى تەتۈر كىيىپ كارو-لىن بىلەن سوقۇشۇپ كەتتى.

مېھمانلار بۇنداق كۆڭۈلسىز مەنزىرىنى كۆرۈپ تېپىرلاپ قېلىشتى، هاراق زىياپىتىدە داۋام قىلغان بايامقى قىزغىن كەيپى-ياتتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. فىلمورنىڭ بىچارە هالىتى، كارو-لىننىڭ بېشەملىكى ئەر - ئايال مېھمانلارنى تولىمۇ ئوڭايسىزلان-دۇرۇپ قويدى. بەزىلەر ئەر - خوتۇن ئىككىسى تەگىشىۋاتقان پەيتتىن پايدىلىنىپ «غىپپىدە» كېتىپ قېلىشتى. كېيىن بىرەي-لەن ئىنزاغا چىدىماي پوكاندەك قىزىرىپ كەتكەن فىلمورنى زىيا-پەت زالىنىڭ يېنىدىكى چاقچاقلىشىنە مېھمانخانىغا ئەكىرىپ كەتتى.

زىياپەتنى ئەمدى داۋاملاشتۇرۇش مۇمكىن بولمىدى. باشلى-نىش ئالدىدا تۇرغان تانسا ئەمەلدىن قالدى. ھېچقاچان بۇنچىلىك كۆڭلى رەنجىپ باقمىغان كارولىن داد - پەرياد كۆتۈرۈپ يىغلاپ مېھمانلارنى بىر - بىرلەپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى، مېھمانلار پۈتۈنلەي كېتىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ يىغىسى ئاندىن توختى-دى. ئۇلارنىڭ توي قىلغانلىقىغا ئالتە يىل بولغان خاتىرە كۈنىنى قۇتلۇقلاپ كەلگەن ئەر - ئايال مېھمانلار تامام تارقىلىپ بولغاندا يېرىم كېچە بولغانىدى.

— خانىم، خانىم، چاتاق بولدى! چاقچان چىقىپ كۆرۈپ بېقىڭ! ...

كارولىن يىغلايدىغان يىغىنى يىغلاپ، قىلىدىغان جېدەلنى قىلىپ بولۇپ، ئەمدى ئىسسىق سۇدا راھەتلىنىپ يۇيۇنۇپ، ھۇجرىسىغا كىرىپ يالغۇز ئۇخلىماقچى بولۇپ تۇراتتى. لېكىن چىراغ يورۇقىدا كىيىملىرىنى سېلىۋاتقان چاغدا ئايال خىزمەتكار ئۇستۇنكى قەۋەتتىن يۈگۈرۈپ چۈشتى، ئۇنىڭ چىرايىدىن تەش-

ۋىش چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئەنسىز ۋارقىراپ:
— چاققان ئەپەندىنىڭ يېنىغا چىقىڭ، ئۇ، ئۇنىڭغا نېمە بولدىكىن، يەردە ياتىدۇ…، — دېدى.
كارولىن زىياپەتتە ئېرى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرگەچكە، ئېرىنىڭ يېنىغا چىقىشقا رايى بارمىدى. لېكىن ئايال خىزمەتكارنىڭ هودۇققان هالدا ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى ئېرىنىڭ هالىتى توغرۇلۇق سۆزلىگەنلىرىنى ئاڭلاپ، بىلىپ بېقىش ئۈچۈن نائىلاج ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقتى.
— توۋا، مىللارد! سىزگە نېمە بولدى؟! — ئالدىراش ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىققان كارولىن ئېرى فىلمورنىڭ مېهمانخانىدىكى پولدا ياتقانلىقىنى، چىرايى سارغايغان، بۇرنى قىيسايغان هالەتتە توختىماي چوڭ - چوڭ نەپەس ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى…

## سەكرات ئۇستىدە توۋا قىلدى

فىلمور سەكتە بولۇپ قالغانىدى.
كارولىن زىياپەتتە قىلغان بېشەملىكىنى ۋە ئەركىلىكىنى ئەمدى قىلالمىدى. ئۇ هەتتا كەيپىياتى ناچار ئېرىنى مېهمانلارنىڭ ئالدىدا ئىزاغا قويۇپ ئۆزىنىڭ ياخشى قىلمىغانلىقىنى هېس قىلىپ پۇشايمان قىلدى!
— مىللارد، كۆزىڭىزنى ئېچىڭە! مەن شۇ تاپتا قېشىڭىزدا تۇرۇپتىمەن، مەن سىزدىن كەچۈرۈم سورايمەن! گېپىمنى ئاڭلاۋاتامسىز؟…، — كارولىنىنىڭ كۆزلىرىدىن ياش يامغۇردەك تۆكۈلەتتى، ئازابلىنىپ بوغۇلۇپ يىغلايتتى. ئۇ ئېرى سەكتە بولۇپ قالغاندىن كېيىن بۇۋفارو شەهىرىدىكى مەشهۇر دوختۇرلارنى تەكلىپ قىلىپ ئېرىنى داۋالاتتى، دوختۇرلار جىددىي قۇتقۇزۇش ئېلىپ باردى. كارولىن گەرچە دوختۇرلارغا پۇلنى ئايىماي خەج-

لىگەن بولسىمۇ، لېكىن فىلمورنىڭ كېسەل ئەھۋالىدا روشەن
ياخشىلىنىش بولمىدى. ئۇ نېمىلا دېگەنبىلەن يەتمىش ياشتىن
ئاشقان، مەنسەپتىن ئايرىلغان كەسپىي سىياسەتچى ئىدى. كارو-
لىن باشتا فىلمورغا ئۇنىڭ ئامېرىكىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى بولغان-
لىقىنىلا ئەمەس، بەلكى ئېرىنىڭ ساغلام، يىگىتلەرەك قاۋۇل
ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ تەگكەنىدى. ئۇنىڭ توي قىلىپ ئالتە
يىل بولغاندا، ھاراق ئىچىپ چېچىلىپ سەكتە بولۇپ قالىدىغانلى-
قىنى ئەسلا ئويلىمىغانىدى.
مانا ئەمدى فىلمور ھەشەمەتلىك تۇرالغۇنىڭ ئىككىنچى قە-
ۋىتىدىكى ھۇجرىسىدا بەزىدە ھوشىغا كېلىپ، بەزىدە ھوشىنى
يوقىتىپ تىپتىنچ ھالەتتە ئوڭدىسىغا ياتاتتى. مېڭىسىگە قان كۆپ
ھەم تېز قۇيۇلغاچقا، مەركىزىي نېرۋىلىرى كاردىن چىققانىدى.
كارولىن دوختۇرلارنىڭ چىرايلىرىدا ئەكس ئەتكەن چارىسىزلىق
ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ، كارىۋاتتا ئۈن - تۈنسىز ياتقان بۇ كۆڭلى
سۇنۇق سىياسەتچىنىڭ كىشىلەرگە ئۆزىنى ساغلام كۆرسىتىدىغان
نىقابىدىن ئايرىلىپ، قېرىلىقنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئاشكارى-
لىغانلىقىنى ئەمدى چۈشەندى.
فىلمورنىڭ سەكتە كېسىلى ناھايىتى ئېغىر ئىدى.
ئۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان دەسلەپكى كۈنلەردە ئەس -
ھوشىنى يوقىتىپ گەپ قىلالماي ياتتى، ئەمما پىكىر يوللىرىنىڭ
ھەرىكىتى بىردەممۇ توختاپ قالمىدى. فىلمور قايتا توي قىلىپ
ئۆزىنىڭ ئىنتايىن خاتا قىلغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. قېشىدا
يىغلاپ ئولتۇرغان ياش ھەم چىرايلىق كارولىن ئۇنىڭغا توختىماي
مېھرىبانلارچە كۆيۈنۈپ كەلدى. بىراق ساھىبجامال ھەم ئىلگى-
رىكى ئېرىدىن نۇرغۇن دۇنيا بىلەن قالغان بۇ يېڭى خانىم باش-
باشتاق ھەم بېشەم ئىدى. بۇ كارولىننى مەركەز قىلغان ئائىلە
ئىدى، ئۇ قايسى ئىشنى قىلىشنى خالىسا، فىلمور ھەرگىزمۇ
قارشى پىكىردە بولمايتتى. ناۋادا فىلمور راستىنىلا كارولىننىڭ

تەكلىپىنى رەت قىلسا، ئۇ بېشەملىك قىلىپ يىغلاپ ئاخىر فىل-
مورنى ئەل قىلاتتى. بەزىدە كارولىنىنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ
قالغان چاغلاردا، ئۇ فىلمورغا يۈز - خاتىر قىلماستىن ئۇنى ئەر-
ئايال خىزمەتكارلارنىڭ ئالدىدىلا سەتلەپ كېتەتتى. بۇ ياشانغان
فىلمور ئۈچۈن بىر بەختسىزلىك ئىدى! كارولىن ئۇنىڭغا چىراي
ھەم بايلىق ئاتا قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە تۈگىمەس پەرىشان-
لىق ئەكەلدى. كارولىن بەزىدە ئۆزى سېتىۋالغان ھەشەمەتلىك
تۇرالغۇدا دوستلىرى بىلەن جەم بولۇشقا ياكى يەپ - ئىچىپ
ئولتۇرۇشقا خۇشتار ئىدى. فىلمور كۆڭلى بىسەرەمجان بولسىمۇ
چوقۇم كارولىنىنىڭ رايىغا بېقىشى، ھەتتا كارولىن ھەم ئۇنىڭ
دوستلىرى بىلەن تۈن يېرىمىگىچە تانگو ئوينىشى كېرەك ئىدى.
ناۋادا ئۇنىڭغا خۇشياقمايراق قالسا، سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى
ئۇنى ئەيىبلەيتتى. ئەينى يىللاردا نوپۇسى كۆپ ئامېرىكا قوشما
شتاتلىرىنى باشقۇرغان فىلمور يېڭى ئالغان خوتۇنى ئالدىدا چارد-
سىز قالدى. فىلمورنىڭ قەلبى پۇشايمان ئوتىدا پۇچىلىنىپ
كېتىۋاتاتتى، ئۇ نېمىشقا مەرھۇم خوتۇنىنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي
مۇشۇنداق بىلىمسىز ھەم تەربىيىسىز ئايال بىلەن بىللە بولۇپ
قالدى؟
«مىللارد، مەن بولالماي قېلىۋاتىمەن، — ئەس - ھوشىدىن
بارا - بارا ئايرىلىپ كېتىۋاتقان فىلمور مەرھۇم خوتۇنىنىڭ
سەكرات ئۈستىدە ئۇنىڭغا گەپ قىلىۋاتقان چاغدىكى تامدەك چىرا-
يىنى پات - پات ئەسكە ئالىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ھاياتىنىڭ
ئەڭ ئاخىرقى چەككە بېرىپ قالغانلىقىنى ئېنىق بىلگەن خوتۇنى
بېشىدا ئولتۇرغان ئېرىنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتۇپ يۈزىنى كۆز
ياشلىرى بىلەن يۇيۇپ تۇرۇپ، — كۆزۈم يۇمۇلغاندىن كېيىن
سىز يەنە ئۆيلىنىسىز، سىزنىڭ ئائىلىلىك بولۇشىڭىزنى مەنمۇ
ئۈمىد قىلىمەن. سىزگە بېرىدىغان مەسلىھەتىم شۇكى، بىلىم-
لىك ھەم تەربىيە كۆرگەن ئايال بىلەن توي قىلىڭ؛ ئۇنىڭ ئائىلە

ئەھۋالى، كېلىپ چىقىشى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، چوڭقۇم پەزىلەتلىك بولۇشى كېرەك. چۈنكى سىزنىڭ خاراكتېرىڭىز ناھايىتى ئاجىز، بەك نومۇسچان، جېدەل بىلەن خۇشىڭىز يوق، شۇڭا ئۆزىڭىزگە ئەقىللىق ھەم دىيانەتلىك بىرەر ئايالنى ھەمراھ قىلىشىڭىز بولىدۇ. ھەرگىز ئائىلە ئەھۋالى بىلەن مەرتىۋىسىنىڭ قانداقلىقى بىلەن ھېسابلاشماڭ، گېپىمنى چۈشەندىڭىزمۇ؟ ...، — دېدى. فىلمور بېشىنى لىڭشىتىپ:

— چۈشەندىم! — دېدى. بالىس خانىم يەنىلا خاتىرجەم بولالماي:

— سىزنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكىڭىزدىن، قارشى تەرەپنىڭ مەرتىۋىسى بىلەن ھېسابلىشىپ، پەزىلىتىگە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان مىجەزىڭىزدىن بەك غەم قىلىمەن، شۇنداق بولۇپ قالسا، سىز ئاخىرقى ئۆمرىڭىزدىكى بەختىڭىزنى خانىۋەيران قىلىۋېتىدىغان بىر ئايالنى تۇرمۇشىڭىزغا باشلاپ كىرگەن بولىسىز، مەن ئەنسىرەيمەن! ...، — دېدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ئۇنداق قىلمايمەن، ھەتتا قايتا ئۆيلىنىش نىيىتىممۇ يوق. چۈنكى مېنىڭ كۆڭلۈمنى ناھايىتى ئۇزاق بىر مەزگىل سىز ئىگىلەپ كەلگەن. مېنىڭ يەنە قانداقمۇ ئۆيلەنگۈم كېلىدۇ؟ ...، — خوتۇنىنىڭ گېپى فىلمورنىڭ يۈرىكىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ سەكرات ئۈستىدە ياتقان مۇشۇ خوتۇنىنىڭ كۈچى بىلەن كۇرسىنى تامامدىغان، ئادۋوكات بولغان ھەم پارلامېنت ئەزالىقىغا سايلانغانىدى. بالىس ئۇنىڭدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىش ئالدىدا تۇراتتى. فىلمور مەيلى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بالىس ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ باشقا بىر ئايالغا ئۆيلىنىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. چۈنكى بالىس ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى مۇھەببەت ھەقىقەتەن چوڭقۇر ئىدى!

— مەن كۆز يۇمغاندىن كېيىن مېنى بۇۋفالوغا قويۇڭ، —

دەپ سەكرات ئۇستىدە ياتقان بالىس خانىم دۇدۇقلاپ تۇرۇپ ئېرىگە ۋەسىيەت قىلدى، — مەن كېتىپ قالغاندىن كېيىن ئۆيدە بىكار ئولتۇرماڭ. ئەل ئىچىنى ئارىلاڭ، ھەممە يەرنى كۆرۈڭ، سىز گەرچە زوڭتوڭ بولغان بولسىڭىزمۇ، لېكىن ئەل ئىچىنى ئارىلاپ باقمىدىڭىز...، — دېدى.

گاڭگىراپ قالغان فىلمور بېشىنى لىڭشىتتى، لېكىن ئۇ خوتۇنىنىڭ سەكرات ئۇستىدە نېمىشقا مۇشۇنداق ۋەسىيەت قىلىدىغانلىقىنى چۈشەنمىدى. ئۇنىڭ زېرىكىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ۋەسىيەت قىلغانمىدۇر؟

بالىس خانىم ئۇنىڭغا:

— سىز يەنە قايتىدىن باش كۆتۈرىسىز، يېڭىۋاشتىن ئاقسارايغا كىرىسىز، سىز چوقۇم ئامېرىكا سىياسىي ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئارىسىدا تەسىرىڭىزنى ھەقىقىي كېڭەيتىشىڭىز كېرەك. تەسىرىڭىزنى كېڭەيتىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى، ئامېرىكىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سىياسەتچىلەر بىلەن تېخىمۇ كۆپرەك ئۇچرىشىش...، — دېدى.

فىلمور خوتۇنى بالىسنى بوۋفارودىكى جامائەت قەبرىستانلىقىغا قويۇۋېتىپ بىر يىلغا يېقىن ۋاقىتنى زېرىكىشلىك ئىچىدە ئۆتكۈزدى. ئۇ گەرچە ئادۋوكاتلىق كەسپىنى قايتىدىن باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما سودىسى شتاتلىق پارلامېنتنىڭ ئەزاسى بولۇپ تۇرغان چاغدىكىدەك ئاقمىدى. ئۇ 1854 ـ يىل باھاردا مەرھۇم خوتۇنىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن نيۇيوركتىن ئايرىلىپ، كېلەر نۆۋەتلىك زوڭتوڭ سايلام رىقابىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يورەكلىك ھالدا پائالىيەتنى باشلىۋەتتى. فىلمور ئۆتكەن قېتىملىق ئۇدا زوڭتوڭ بولۇش سايلام رىقابىتىدىكى ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، ھەرقايسى جايلاردىكى سىياسەتچى ھەم سايلىغۇچىلار بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئۇچراشتى. فىلمورنىڭ ئەتىيازدا باشلىغان بۇ سەپىرى بىر يىلغا سوزۇلدى، ئۇ باشتا كالىفورنىيە، گېئور-

گىيە، يېڭى مېكسىكا، نېۋادا قاتارلىق بىرقانچە شتاتلارغا، كۆز كىرگەندىن كېيىن كېنتۇككى، ئىئوۋا ۋە ۋىرگىنىيە قاتارلىق بىرقانچە شتاتلارغا باردى. فىلمور بارغانلا يېرىدە ھاياجان بىلەن قىزغىن نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ دۆلەتنى تۇزەش توغرىسىدىكى تەدبىر ۋە ئىرادىسىنى ئۆزىنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيدىغان سايلىغۇچىلارغا ئېيتتى.

فىلمور بىر قېتىملىق ئۇزۇن سەپەردىن كېيىن ئامېرىكىنى ھەقىقىي چۈشەندى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ بىر يىلغا سوزۇلغان ساياھەت داۋامىدا ئىلگىرى ئۆزى تەۋە بولغان ۋىگ پارتىيىسىنىڭ پۇقرالارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان بۇرۇنقى سىياسىي كۈچىدىن بارا ـ بارا ئايرىلىپ قېلىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ۋىگ پارتىيىسىدە بۆلۈنۈش ۋە پارچىلىنىش ئەھۋالى يۈز بەرگەنىدى، بىر قىسىم كىشىلەر يېڭى قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىگە كىرگەنىدى. ۋىگ پارتىيىسىگە تايىنىپ زۇڭتۇڭلۇق تەختىدە ئولتۇرۇشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى فىلمور چوڭقۇر ھېس قىلدى. پارتىيىگە كىرىش توغرۇلۇق ئۆزىگە ئىلتىماس يېزىش تەكلىپىنى بەرگەن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى ئۇنىڭ دىگەن يېرىدىن چىقمايتتى. بۇ پارتىيە ئىلگىرى قۇلدارلىق تۈزۈمىگە جېنىنىڭ بارىچە قارشى چىققان پارتىيە ئىدى. شۇڭا ئۇ داۋاملىق سايلام رىقابىتى نامزاتى بولۇش ئۈمىدىنى يېڭى قۇرۇلغان سىياسىي پارتىيە — «ئامېرىكا پارتىيىسى» گە باغلاشقان مەجبۇر بولدى. ئامېرىكا پارتىيىسى فىلمورنىڭ سىياسىي تەشەببۇسى ۋە پەزىلىتىنى ئىنتايىن ھۆرمەت قىلاتتى. شۇڭا مەزكۇر پارتىيە ئۇنى پارتىيىگە قوبۇل قىلىشنى تولىمۇ ئۈمىد قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەزكۇر پارتىيىنىڭ داھىيسى كېلەر نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ سايلىمىدا فىلمورنى چوقۇم زۇڭتۇڭ نامزاتلىقىغا كۆرسىتىدىغانلىقى ھەققىدە فىلمورغا ۋەدە بەردى.

فىلمور ھەممە ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن بوۋ-

فارودىكى روناق تاپمىغان ھېلىقى ئادۋوكاتلار ئىش بېجىرىش ئورنىدا ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىگە توغرا كەلمەيدىغان تۆۋەن قاتلام-دىكى يۇقىرالارنىڭ دەۋا ئىشلىرىنى سوراش بىلەن داۋاملىق مەش-غۇل بولۇشنى خالىماي، ئۇزۇن مۇساپىلىك ساياھەت پىلانى تۈ-زۈپ چىقتى. فىلمورنى «دەۋاگەرلەرنى قوبۇل قىلىشتىن زېرىك-تى دېگەندىن كۆرە، تۇرالغۇسىدا ياخشى كۆرگەن خوتۇنىدىن ئايرىلىپ قېلىپ ئىچ پۇشۇقى تارتىپ ئولتۇرغىسى كەلمىدى» دېگەن تۈزۈك ئىدى. فىلمور بۇ قېتىم دۆلەت ئىچىدىكى ساياھەت بىلەن قانائەتلەنمەي، ناتونۇش بولغان ياۋروپانى ئايلىنىپ چىقىش نىيىتىگە كەلدى. ئامېرىكا قىتئەسى بىلەن ياۋروپا قىتئەسىنىڭ ئارىلىقى ئانچە يىراق ئەمەس، لېكىن لوندونغا دەسلەپ كەلگەن فىلمورنى تايمىس دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىكى تۇمان ئىچىدە دەم كۆرۈنۈپ، دەم كۆرۈنمەي تۇرغان قەدىمىي لوندون مۇنارى بىرىن-چى قېتىم ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلىۋالدى؛ دۆڭدە قەد كۆتۈر-گەن سان پاۋلو چېركاۋى ئۇ ئۇزۇندىن بۇيان تەلپۈنۈپ كەلگەن جاي ئىدى. فىلمور كۆن ئارىلاپ چېركاۋغا كىرىپ چېركاۋ تاملىرىغا ئويۇلغان نەپىس رەسىملەرگە ھۆرمەت نەزىرى بىلەن قاراپ، دىن تارقاتقۇچىنىڭ سان پاۋلودىن تارتىپ داماسقىچە دىن تارقىتىش جەريانىدىكى پۈتكۈل سەرگۈزەشتىلىرىدىن تولۇق خە-ۋەردار بولدى؛ دۇنياغا مەشھۇر ۋېستمىنىستېر چېركاۋى فىلـ-مور ياقتۇرۇپ بارىدىغان جاي ئىدى، ئەنگلىيە ئايال پادىشاھى تاج كىيگەن كونا جايدا فىلمور نۇرغۇن رىۋايەت تۇسىنى ئالغان شېرىن خىياللارنى ئەسكە ئالاتتى.

فىلمور ئەتىيازدىن تارتىپ قىشقىچە كىشىنى مەپتۇن قىلىـ-دىغان ياۋروپادا سەيلە قىلدى. ئۇ ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىدىن چىقىپ ئىتالىيە بىلەن گوللاندىيىگە باردى. 1856 ـ يىل باھاردا فىلمور ئۇزۇندىن بۇيان تەلپۈنۈپ كەلگەن جەنۋەگە كەلدى. شۋېتسارىيىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان جەنۋەدە فىلمور لەيمونت كۆ-

لىدىن مېھرىنى ئۆزەلمەي قالدى. ئۇ جەنۇەدىكى چېغىدا مەيىن دولقۇنلىنىپ تۇرغان كۆل بويىغا پات - پات كېلىپ ئال-پىس تاغلىرىنىڭ يىراقتىن غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قارلىق چوققىلىرىغا نەزەر سالاتتى. ئەسلىدە سەپەر ھاردۇقى يەتكەن فىلمور چىرايلىق كۆل، ھەيۋەتلىك تاغلىرى بىلەن مەشھۇر بول-غان جەنۇەدە بىر مەزگىل تۇرۇپ، ئاندىن ئاسىياغا قاراپ يولغا چىقماقچى بولدى. ئەمما ئۇ يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ئامېرىكىنىڭ فىلادېلفىيە شەھىرىدىن كەلگەن خۇش خەۋەرنى تاپشۇرۇۋالدى — ئامېرىكا پارتىيىسى شۇ يىلى 2 - ئايدا، فىلمور قاتناشمىغان ئەھۋالدا، مەزكۇر پارتىيە بىر قېتىملىق مەملىكەتلىك قۇرۇلتى-يىدا كۆپ ئاۋاز بىلەن فىلمورنى كېلەر نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ نام-زاتلىقىغا كۆرسەتكەنىدى.

ئامېرىكا پارتىيىسى جەنۇەدىكى فىلمورغا ئىمكان بار بالدۇر-راق قايتىپ كېلىپ، سايلام تەييارلىقىنى قىلىش توغرۇلۇق تېلېگراما ئەۋەتكەنىدى. بۇ فىلمور ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن بىر ئىش ئىدى، بۇ ئۇنىڭ ئۆزۈندىن بۇيانقى ئارزۇسى ئىدى. ئەگەر قەدىناس خوتۇنى بالىس ھايات بولغان بولسا، ئېرىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدىكى مۇۋەپپەقىيىتىدىن ئۇنىڭ كۆڭلى تەسكىن تاپقان بولات-تى. شۇڭا فىلمور ياۋروپا ۋە ئاسىياغا قىلماقچى بولغان ئۇزۇن مۇساپىلىك ساياھەت پىلانىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ئالدىراش ئا-مېرىكىغا قايتتى.

فىلمور بوۋفارودىكى تۇرالغۇسىغا قايتىپ كېلىپ كۆپ ئۆت-مەي يەنە بىر خۇشاللىق ئىش ۋۇجۇدقا چىقتى، ئۇ بۇنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. فىلمور بىر مەزگىل مۇناسىۋەتنى ئۈزگەن ۋىگ پارتىيىسى مەملىكەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىدا فىلمورنى كېلەر نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ نامزاتلىقىغا كۆرسەتكەنىدى. شۇنداق قىلىپ فىلمور ئامېرىكا تارىخىدىكى ئىككى پارتىيە ئېتىراپ قىلغان زۇڭتۇڭ نامزاتى سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان تۇنجى ئەرباب بولۇپ قالدى!

«بالىس، سىز ئەمدى خاتىرجەم بولسىڭىز بولىدۇ! سىز-نىڭ ۋاپاتىڭىزدىن كېيىن قىلماقچى بولغان ئىشلىرىم توغرۇلۇق سىزگە قەســەم بەرگــەنىــدىم، شــۇ ئىش ئەمــدى ۋۇجۇدقا چىقتى! — فىلمور بىر دەستە چىرايلىق ئېچىلغان خۇش پۇراق گۈلنى تۇتۇپ بوۋفارو شەھەر سىرتىدىكى جامائەت قەبرىستانلىقىغا قويۇلغان بالىسنىڭ قەبرىسى ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ قولىدىكى گۈل-نى مەرھۇمە خوتۇنىنىڭ قەبرىسىگە قويۇپ خوتۇنىغا تەنتەنىلىك قەسەم بېرىپ، — سىزنىڭ سەكرات ئالدىدا مەندىن كۈتكەن ئۈمى-دىڭىزنى جەزمەن يەردە قويمايمەن. قولدىن كەتكەن زۇڭتۇڭلۇق ھوقــوقىنى تــارتىۋالماي تــۇرۇپ، ئــۆلسەممۇ كۆزۈم يۇمۇلماي-دۇ!...» دېدى.

1856 - يىل قىش ھەش - پەش دېگۈچە يېتىپ كەلدى. بۇ فىلمور ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم پەيت ئىدى، چۈنكى ئۇ تالاي يىللارنى ۋائىزلىق قىلىش ۋە ئېلىشىش بىلەن ئۆتكۈزگەنىدى، ئەڭ ئاخىرقى ئېلىشىش پەيتى مانا ئەمدى يېتىپ كەلگەنىدى — ئۇ يېڭى زۇڭتۇڭ سايلىمىدا بولىدىغان ھەل قىلغۇچ جەڭگە چۈ-شۈش ئالدىدا تۇراتتى!

ئامېرىكا پارتىيىسى بىلەن ۋىگ پارتىيىسىدىن ئىبارەت ئىك-كى كۈچنىڭ ئورتاق قوللىشىغا ئېرىشكەن فىلمورنىڭ زۇڭتۇڭ-لۇق تاجىنى تارتىۋېلىشقا نىسبەتەن جەزمەن غەلىبە قىلىدىغان ئىشەنچىسى كۈچلۈك ئىدى! ۋەھالەنكى، ھىيلە - مىكىرغا تولغان چوڭ سايلامدا، ئەسلىدە ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى چوڭ سايلامدا ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى فىلمور ناھايىتى تېز بايقاپ ئاغزىنى ئېچىپ قالدى، گەرچە ئۇنى ئىككى سىياسىي پارتىيە قوللاۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ۋىگ پارتىيىسىنىڭ نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكىدەك تەسىرى يوق ئىدى، شۇنداقلا زور بىر تۈركۈم ئادەملەر مەزكۇر پارتىيىدىن چىقىپ كەتكەنىدى، ئامېرى-كا پارتىيىسى ئانچە نامى چىقمىغان، تەسىر كۈچى ئاجىز كىچىك

پارتىيە ـ گۇرۇھ ئىدى. ئۇنىڭ رەقىبى بولغان دېموكراتلار پارتىيىسى ؛ ـلەن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى ئامېرىكىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدا زور يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە پارتىيىلەر ئىدى. كۆپلىگەن سايلىغۇچىلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارى ئاساسەن يۇقىرىدىكى ئىككى پارتىيە كۆرسەتكەن بۇخانان بىلەن فرېمونتقا مەركەزلىشىپ قالغانىدى. بىلەت تاشلاش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن كەلگۈسىدىكى سىياسىي سايلامغا زور ئۈمىد باغلىغان فىلمور ئۆزىگە بېرىلگەن ئاۋازنىڭ ئۆزى بىلەن سايلام رىقابىتىگە چۈشكەن ئىككى رەقىبىنىڭكىدىن جىق ئاز ئىكەنلىكىنى ھەيرانلىق ئىلكىدە بايقىدى!

فىلمور يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ بولدى!

ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەت 1852 ـ يىلىدىكى ئۇدا ۋەزىپە ئۆتەش سايلام رىقابىتىدىكى مەغلۇبىيەتتىنمۇ پاجىئەلىك ئىدى!

فىلـمور بـۇ قېتىمـقى مەغلۇبىيەتنىڭ زەربىسىدىن كېيىن بىراقلا تۈگىشىپ كەتتى. ياشاش ئۈچۈن داۋاملىق كونا كەسپى بىلەن مەشغۇل بولۇشقا مەجبۇر بولدى، بۇۋفارو شەھىرىدە يەنە يېڭى بىر ئادۋوكاتلار ئىش بېجىرىش ئورنى تىجارەت باشلىدى. فىلمور چۈشكۈنلىشىپ كېتىۋاتقان بىر چاغدا، ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا ساھىبجامال بىر ئايال تۇيدۇرماي كىرىپ كەلدى. ئۇ دۆلەتمەن سودىگەر ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن تۇل ئايال كارولىن كارمىخائېل ماككىنتوش خانىم ئىدى.

ئېغىر كېسەل سەۋەبلىك بىھوش ياتقان فىلمور كارولىن بىلەن تاسادىپىي تونۇشۇپ قالغاندىن كېيىن، ئەستىن چىققۇسىز تالاي مىنۇتلىرىنىڭ شېرىن ھېسلار ئىچىدە ئۆتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايتتى. ياشانغان چېغىدا مۇھەببەت تورىغا چۈشۈپ قالغان، سىياسىي ئىشلاردىن ئىخلاسى قايتقان سىياسەتچىنىڭ غېرىب يۈرىكى كارولىنغا ئوخشاش نازىنىن ئاياللارنىڭ

تەسەللىسىگە موھتاج ئىدى. خېلى بىر مەزگىل غەمكىن يۈرگەن فىلمور بىردىنلا تېتىكلىشىپ كەتتى. ئۇ پات - پاتلا كارولىن بىلەن تانسا ۋە ئەيش - ئىشرەت سورۇنلىرىدا پەيدا بولۇپ قالاتتى. ئۇ كارولىنىنىڭ تەسىرىدە باشقىچە بىر خىل ياشاش ئۇسۇلىنى تالللىۋالدى. قولىدىن كەتكەن سىياسىي ئىستىقبالى ئاللىبۇرۇن كەلمەسكە كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ نېمىشقا يەنە مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدىغان نەرسىگە زېرىكمەي ئىنتىلىدۇ؟ ئاقسارايدىن ئىبارەت سۈرلۈك ئەمەلدارلار سورۇنىغا قىستىلىپ كىرىش پۇرسىتى بولمىغان تەقدىردە، ئۇ نېمىشقا يەنە ئۆز - ئۆزىنى بىئارام قىلىدۇ. مەنىسىز ئويۇننى داۋاملىق ئويناىدۇ؟... فىلمور كۆڭلىدىكىشلىك تۇرمۇشنىڭ ھەقىقەتىنى ھەقىقىي ھېس قىلغاندىن كېيىن چۈشكۈنلۈكتىن قۇتۇلۇپ روھىنى ئۇرغۇتقانىدى.

فىلمور كارولىن بىلەن بىللە بولغان دەسلەپكى ئىككى يىلدا ھەقىقەتەنمۇ تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز بەخت ۋە خۇشاللىق ئىچىدە ياشىدى. لېكىن تويدىن كېيىن كارولىنىنىڭ تەكەببۇر ۋە بېشەم ئىكەنلىكىنى بارا - بارا بىلگەن فىلمورنىڭ قەلبى ئۈمىدسىزلىك ھەم ھەسرەتكە تولدى. بۇ يېڭى رەپىقىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئازاب ئىدى، لېكىن ئۇنىڭدا تەقدىرىنى ئۆزگەرتكۈدەك ماغدۇر يوق ئىدى. ئۇ بەك قېرىپ كەتكەنىدى!

كارىۋاتتا ياتقان فىلمورنى مانا ئەمدى چەكسىز قاراڭغۇلۇق چىرمىۋالدى. ئۇ كۆز ئالدىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغاندەك، تۇرمۇشنىڭ جاپا - مۇشەققەتىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ كەتكىلى بولمايدىغاندەك ھېس قىلاتتى.

— مىللارد، مىللارد، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ! كۆزىڭىزنى ئېچىڭ!...، — قولىقى تۇۋىدە كارولىنىنىڭ بوغۇق ئاۋازى ياڭرايتتى، لېكىن ئۇنىڭ جاۋاب بەرگۈدەك، ھەتتا كۆزىنى ئېچىپ بۇ دۇنيانى يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋالغۇدەك مادارى يوق ئىدى!

1874 - يىل 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، مىللارد فىلمور

سەكتە بولۇپ بىر ئايدىن كېيىن بوۋفارودىكى كارولىن خانىم بىلەن يېڭى توي قىلىپ شېرىن ئېيىنى ئۆتكۈزگەن ھېلىقى تۇرالغۇدا ئۇ دۇنياغا قاراپ يول ئالدى!

فىلمورنىڭ دەپنە مۇراسىمى بوۋفارودا بىرقەدەر داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. ئۇ گەرچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە مۇ-رەسسە قانۇن لايىھىسىنى يولغا قويۇپ بەزى قۇللىغۇچىلىرنىڭ دىلىنى رەنجىتكەن بولسىمۇ، بىراق ئۇ ۋاپات بولغان ھامان ۋاشىنگتون، نيۇيورك قاتارلىق جايلاردىكى مۇھىم سىياسىي ئەر-بابلار فىلمورنىڭ ۋاپاتىغا ئۆزلىرىنىڭ قاتتىق قايغۇرۇشقانلىق-لىرىنى بىلدۈرۈشتى.

فىلمور بوۋفارو شەھەر سىرتىدىكى جامائەت قەبرىستانلىقىغا قويۇلدى، ئەمما ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدا مەرھۇم خوتۇنى بىلەن بىر يەردە يېتىش ئۈمىدىدە قىلغان ۋەسىيىتى ئەمەلگە ئاشمىدى. كېيىنكى خوتۇنى شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلمىغان بولسا كې-رەك. فىلمورنىڭ قەبرىسى بوۋفارو جامائەت قەبرىستانلىقىنىڭ باش تەرىپىدە ھېلىھەم قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

# ئون تۆتىنچى باب

# ئىسپىرتتىن زەھەرلىنىپ بۇرۇقتۇرمىچىلىقتا ئالەمدىن ئۆتكەن

## — ئون تۆتىنچى زۇڭتۇڭ فرانكلىن پىيېرس



فرانكلىن پىيېرس 1804 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى يېڭى خامپىشىر شتاتى شىرسبال كەنتىدە تۇغۇلغان. دادىسى بېنجامىن ئەنگلىيىلىكلەر پۇشتىدىن، بىر مەزگىل شتاتلىق پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى ۋە شتات باشلىقى بولغان، كېيىن سىياسىي ئىشلاردىن رايى قايتىپ يۇرتىغا بېرىپ دېھقانچىلىق قىلغان؛

فرانكلىن 1820 ـ يىلى مېين شتاتىنىڭ بوۋدىن ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇغان، 1824 ـ يىلى ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ مەزكۇر ئىنىستىتۇتتا قانۇن كەسپى بويىچە بىلىم ئاشۇرغان؛

1825 ـ يىلى بوردىن ئىنىستىتۇتى مۇدىرىنىڭ قىزى جېئاننې ئاپلېتون بىلەن تونۇشۇپ 1834 ـ يىلى توي قىلغان؛

1827 ـ يىلى فىللىسبورودا ئادۋوكاتلار ئىش بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلغان؛

1829 ـ يىلى يېڭى خامپىشىر شتاتلىق پارلامېنتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان؛

1832 ـ يىلى مەزكۇر شتات پارلامېنتىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلانغان؛
1833 ـ يىلى ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان؛
1837 ـ يىلى پارلامېنت كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان؛
1846 ـ يىلى مېكسىكىغا قىلىنغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا قاتناش-قان، ئۇرۇشتا توققۇزىنچى پىيادە ئەسكەرلەر پولكىنىڭ پولكوۋنىك دەرد-جىلىك پولك كوماندىرى بولغان، ياندۇرقى يىلى قۇرۇقلۇق ئارمىيە براگا-دا گېنېراللىقىغا ئۆستۈرۈلگەن؛
1847 ـ جەڭدە ئېغىر يارىلانغانلىقتىن ئىككى تەرەپ سۆھبەت خىز-مىتىگە قاتناشقان، يىل ئاخىرى يۇرتىغا قايتقان؛
1848 ـ يىلى نيۇيورك شەھىرىنىڭ باش مۇپەتتىشى بولغان؛
1850 ـ يىلى يېڭى خامپشىر شتاتى قانۇن تۈزۈش يىغىنىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۆتىگەن؛
1849 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلۇقىغا تەيىنلەنگەن؛
1853 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلانغان؛
1857 ـ يىلى ۋەزىپىسىدىن بوشىنىپ خوتۇنى بىلەن ياۋروپانى سايا-ھەت قىلغان، 1859 ـ يىلى يۇرتى — كانكاندىغا قايتقان؛
1869 ـ يىل 10 ـ ئايدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

## ۋەزىپىسىدىن بوشانغاندىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ قىلغان بىرىنچى ئىشى قازا قىلغان ئىككى ئوغلىنىڭ قەبرىسىگە گۈل قويۇش بولدى

«بالىلىرىم، داداڭلار ئاخىر قايتىپ كەلدى. ئەمدى بۇ يەردىن مەڭگۈ كەتمەيدۇ.» بۇ گەپنى ئەللىك ياشقا يېقىنلاشقان جېئاننې ئاپلېتون ئىسىملىك ئايال دەۋاتاتتى. ئۇ سېرىق، بۇدۇر چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن ئورۇق ھەم ئاجىز ئايال ئىدى. تولىمۇ سولغۇن ھەم قېرى كۆرۈنىدىغان بۇ ئايالنىڭ ياشلىق چاغلىرىدا قالتىس چىرايلىق ئايال ئىكەنلىكىنى بىرلا قاراپ بىلى-ۋالغىلى بولاتتى.
بۇ 1857 ـ يىل ئەتىياز ئىدى.

ئامېرىكا يېڭى خامپىشىر شتاتى كانكاندى بازىرىنىڭ سىرتىـ
غا جايلاشقان جامائەت قەبرىستانلىقى. ئەتىيازنىڭ سوغۇق شامىـ
لىدا تۇتاش كەتكەن شىۋاقلار ئىرغاڭلاپ تۇراتتى. جېئاننې قىشـ
تىن سارغىيىپ چىققان شىۋاقلارنىڭ ئارىسىدىكى نەچچە قەدەم
يىراقلىقتا مۈڭلىنىپ تۇرغان كىچىك ئىككى قەبرىنى كۆردى.
بۇ ئىككى قەبرە پىيېرس ئىككىسىنىڭ بۇنىڭدىن خېلى يىللار
بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ئىككى ئوغلىنىڭ قەبرىسى ئىدى. سول
تەرەپتىكى قەبرە تېشىغا ئىنگلىزچە «فرانكلىن بېللا قەبرىسى،
1836 ـ يىل 5 ـ ئايدا دادىسى — فرانكلىن پىيېرس؛
ئاپىسى — جېئاننې ئاپلېتون ئورناتقان» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىـ
دى. ئوڭ تەرەپتىكىسى ئۈلارنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى فرانكلىن
بېنجامىننىڭ قەبرىسى ئىدى، قەبرە تېشىدا: «چەكسىز مۇھەببەت
بىلەن قايغۇرىمىز، بېنجامىن، بەختسىز بالىمىز!» دېگەن خەتـ
لەر تۇراتتى، ئاستىدا جېئاننې بىلەن پىيېرسنىڭ ئىسمى يېزىقلىق
ئىدى!

«بالىلىرىم، سىلەر ھەقىقەتەن تەتۈر پېشانە، داداڭلار ئاخىر
يېنىپ كەلدى! بۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئىلتىپاتى!» جېئاننې خانىم
گەپ قىلغانسېرى ئازابلىنىپ كېتىۋاتاتتى، ئاچچىق كۆز ياشلىرى
ئىختىيارسىز چاناقلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىپ ئۇنىڭ يادىڭغۇ
مەڭزلىرىنى بويلاپ پەسكە قاراپ ئاقماقتا ئىدى.

— جېئاننې، بولدى يىغلىماڭ! — جېئاننېنىڭ يېنىدا ئۇـ
نىڭدىن بىرقانچە ياش چوڭ ئوتتۇرا ياشلىق مۆتىۋەر كىشى تۇراتـ
تى. ئۇ ئاقۇچ پەلتو كىيگەن بولۇپ، پەلتوسىنىڭ پەشلىرى
شامالدا توختىماي يەلپۈنەتتى. ئۇ يېڭىلا ۋاشىنگتوندىن كانـ
كاندى بازىرىغا كەلگەن ۋەزىپىسىدىن بوشانغان زۇڭتۇڭ
پىيېرس ئىدى.

پىيېرس ئىككى كۈن ئىلگىرى ئاقسارايىنىڭ جەنۇبىدىكى چىمـ
لىقتا ئۆتكۈزۈلگەن يېڭى زۇڭتۇڭ بوخاناننىڭ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېـ

لىش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ ئۆزى يالغۇز كانكاندىغا يانغانىدى.
پيېرس گەرچە ئاقسارايغا تۆت يىل باشلىق بولغان بولسىمۇ، لېكىن جېئاننېنى ئاقسارايغا ئەكىرمىدى، پيېرس ئامېرىكا تارىخىدا خانىمىنى ئاقسارايغا ئەكىرمىگەن تۇنجى زۇڭتۇڭ ئىدى.
پيېرس جېئاننى خانىمى سەلتەنەتلىك ئاقسارايغا ئەكىرمىدى، ھەرقايسى ئەل ئەلچىلىرىنىڭ ئۇنىڭ شەرىپىگە بەرگەن ھاراق زىياپەتلىرىگە ئاپارمىدى، بۇنىڭدىكى سەۋەب، كېلىشكەن، كۆتۈرەڭگۈ ھەم روھلۇق پيېرس چەت - ياقىغا جايلاشقان كانكاندىدا تۇرۇۋاتقان چىرايى تاتىراڭغۇ، قەددى - قامىتى ئادەتتىكىچە خوتۇنىنىڭ كاتتا سورۇنلاردا ئۆزىگە ماس كەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئەمەس، بەلكى جېئاننى ۋاشىنگتوندىكى ئاقسارايغا كىرىشكە ئۇنىمىدى. خوتۇنىنىڭ دەردى يالغۇز پيېرسنىڭ كۆڭلىگىلا ئايان ئىدى.
«مەن ۋاشىنگتوندىن بىزار، ئەمەلدارلار سورۇنىدىكى تۇگىمەس مېھماندارچىلىقتىن بىزار! پيېرس، مەيلى نېمە بولسۇن مېنى قويىۋېپ بېرىڭ، مەن ۋاشىنگتوندا بىر كۇنمۇ ياشىيالمايمەن!» پيېرس ئۇشقىرتىپ چىقىۋاتقان شامالدا ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ، ئۆزىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىغان جېئاننى بىلەن ئەينى يىللىرىدا ۋاشىنگتوندا بىللە تۇرغان چاغلىرىنى يادىغا ئالدى. ئەسلىدە كانكاندىدا چوڭ بولغان پيېرس پايتەختتە داۋاملىق تۇرسا بولاتتى. 1833 - يىلى ئۇ بىرىنچى قېتىم ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەزاسى بولغان چاغدا، تۇغۇلغان يۇرتىدىن مەڭگۇ ئايرىلىپ، يېڭىدىن گۈللەنگەن ئاۋات شەھەر — ۋاشىنگتوندا دائىمىي تۇرۇشلۇق ئەمەلدار بولۇشنى ئۈمىد قىلىپ كەلگەنىدى. ياش پارلامېنت ئەزاسى پيېرس بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. چۈنكى پايتەختتە ئازادە مۇھىتقا ئېرىشىپلا قالماي، بەلكى يۇقىرى قاتلامدىكى كۆپلىگەن مۇھىم سىياسىي ئەربابلار بىلەن تونۇشقىلى بولاتتى. ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى مەن-

سەپ تۇتۇشى ئۇچۇنمۇ كۆپ پايدىسى بار ئىدى؛ بىراق جېئاننىي ۋاشىنگتوننىڭ تۇرمۇشىغا كۆنەلمىدى. جېئاننىڭ كۆڭلى كاندىكاندىغا، تىنچ ھەم خاتىرجەم ياشاشقا تارتىپ تۇراتتى. جېئاننىي ئېرى بىلەن پايتەختتىكى قەسىردە چىداپ ئىككى يىل تۇردى، پيېرس جېئاننىڭ پايتەختنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرىدىن ھەقىقەتەن بىزار بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئاخىر بولماي يېڭى خامپىشىر شتاتىدىكى كانكاندىغا كۆچۈپ كەتتى.

پيېرس جېئاننىي بىلەن نەچچە يىلدىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم پايتەختكە كەلدى. 1836 - يىلى پيېرس پارلامېنت كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزالىقىغا يەنە سايلانغانىدى، پايتەختتە بولسا تۇرلۇك يىغىنلارغا قاتنىشىش قولاي بولاتتى، پيېرسنىڭ كۆپ قېتىم نەسىھەت قىلىشى بىلەن جېئاننىي ئارزۇسىغا خىلاپ ھالدا ئېرىگە ئەگىشىپ ۋاشىنگتوندىكى يېڭى سېتىۋالغان تۇرالغۇسىغا كەلدى. شۇ يىلى جېئاننىي ۋاشىنگتوندا پيېرسقا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردى، بۇ ئوغۇل كانكاندى شەھەر سىرتىدىكى جامائەت قەبرىستانلىقىغا قويۇلغان فرانكلىن بىللا ئىدى. جېئاننىي شۇ چاغدا مۇھەببىتىنىڭ جەۋھىرى بولغان بالىسىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىدىن قەۋەت خۇشال بولغانىدى. پاقلاندەك ئاپئاق بوۋاقنى كۆرۈپ پيېرسنىڭمۇ خۇشاللىقىدا ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەنىدى، لېكىن بىللا دۇنياغا كېلىپ نەچچە كۈن بولار - بولماي پايتەختتە تارقالغان قارا كېزىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، ئاتا - ئانىسىنى قاتتىق ھەسرەتتە قالدۇرۇپ چاچراپ كەتتى!

«ياق، مېنىڭ ۋاشىنگتوندا بىر كۈنمۇ تۇرغۇم يوق. مۇشۇ لەنتى يەردە تۇرمىغان بولسام، بىللا ھەرگىزمۇ چاچراپ كەتمىگەن بولار ئىدى!» بىللا چاچراپ كەتكەندىن كېيىن جېئاننىي بەك ئازابلاندى. ئۇ ھەر كۈنى يىغلايتتى، بەزى چاغلاردا ئوغلىنى ياد ئېتىپ يېرىم كېچىلەردە يىغلاپ ئويغىنىپ كېتەتتى. خرىستىئان دىنى بىلەن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان جېئاننىي ئامراق ئوغلى

بىللانىڭ كېسەل سەۋەبىدىن تۇيۇقسىز چاچراپ كېتىشىنى پاي-
تەختنىڭ يەر شارائىتىدىن كۆردى. شۇڭا ئىككى يىلدىن كېيىن
ئىككىنچى بالىسىغا قورساق كۆتۈرگەن جېئاننې ئېرىگە ئۇ ئىك-
كىسى ئەينى چاغدا تېپىشقان هەم توي قىلغان كانكاندىغا بالدۇر-
راق كۆچۈپ كېتىشنى ئىلتىماس قىلىپ هەركۇنى يىغلاپ جېدەل
قىلدى، ئۇ ۋاشىنگتوندا تۇرۇۋەرسە، ئىككىنچى بالىسىنى ساقلاپ
قېلىش تۇگۇل، ئۆزىنىڭمۇ جىددىيچىلىكتە ساراڭ بولۇپ قالىدى-
غانلىقىنى ئەسكەرتتى.
پىيېرسنىڭ چۈشەندۈرۈش هەم نەسىهەتلىرىنىڭ قىلچە ئۈنۈ-
مى بولمىدى. جېئاننې كېيىن ئېلىشىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى،
مۇھىتقا كۆنەلمىگەنلىكتىن پات - پاتلا كېسەللى قوزغىلىپ تۇرات-
تى. پىيېرس ۋاشىنگتوندا تۇرۇۋەرسە، بىرەر كېلىشمەسلىكنىڭ
يۈز بېرىپ قالىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ. ئۆز رازىلىقى بىلەن
مەنسەپ تۇتۇش يولىدىن ۋاز كېچىپ خاتىرجەم ۋە بەختلىك تۇر-
مۇش يولىنى تاللىدى. 1842 - يىلى پىژغىرىم ياز كۈنلىرىنىڭ
بىرىدە پايتەختتىكى ئەمەلدارلار سورۇنىغا قىزغىن ئىشتىياق باغ-
لىغان پىيېرس هەممە ئادەم تەمە قىلىپ يۈرگەن كېڭەش پالاتا
ئەزاسلىقىدىن قەتئىي تۈردە ئىستىېپا سوراپ، ئاغرىقچان
خوتۇنى جېئاننېنى ئېلىپ يۈرتى — كانكاندىغا يېنىپ كەلدى.
ئۇ تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن كونا كەسپىنى قايتىدىن باشلاپ
ئادۋوكات بولدى، بازارنىڭ چەت - ياقىسىغا جايلاشقان كوچىدا
ئادۋوكاتلار ئىش بېجىرىش ئورنى قۇردى. پىيېرس پارلامېنت
ئەزالىرىغا بېرىلىدىغان يۇقىرى مائاشتىن ۋاز كەچكەنىدى.
كانكاندى بازىرىنىڭ مۇھىتى تىنچ، كۆڭۈللۈك هەم ئازادە
ئىدى. جېئاننې قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئىككىنچى ئوغۇل-
نى تۇغدى. كانكاندىنىڭ سۈيى هەم هاۋاسى ياققانلىقتىن روبېرت
ئىسىملىك بۇ ئوغۇل بوۋاق ئاپئاق ۋە بۇدرۇق ئىدى، ئۇ پىيېرس
بىلەن جېئاننېنىڭ تۇنجى ئوغلىدەك چاچراپ كەتمەي ناهايىتى

تىمەن چوڭ بولۇۋاتاتتى. بوۋاقلا ياخشى بولۇپ قالماي جېنىنى
خانىمنىڭ كېسىلىمۇ ئازادە تۇرمۇش مۇھىتىدا بارا - بارا ياخشى
بولۇپ كېتىۋاتاتتى. يىغىدىن كۆزى قۇرۇمايدىغان جېنىنىنىڭ
چىرايىدا تاتلىق تەبەسسۇم جىلۋە قىلىدىغان بولدى. كېچەش پالاتا
ئەزاسىلىقىدىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپىدىن ۋاز كېچىپ، بەختلىك
ئائىلىگە ئېرىشىش ئۇچۇن ئېغىر بەدەل تۆلىگەن پىيېرسىنىڭ كۆڭ-
لىمۇ چەكسىز خۇشاللىقا چۆمدى.
كانكاندى بازىرى مەڭگۇ خاتىرجەم ھەم تىنچ ئىدى. خاتىر-
جەم مۇھىتتا پىيېرس بىلەن جېنىنى ناھايىتى بەختلىك كېتىۋاتات-
تى. ساغلام چوڭ بولۇۋاتقان ئىككىنچى ئوغلى كېچەش پالاتا
ئەزاسىلىقىدىن مەھرۇم بولغان پىيېرسىنىڭ دەردىگە تەسەللى بەر-
دى. زېرەك ھەم قابىل، ئەقىل - ھوشى جايىدا پىيېرس
يۇرتى — كانكاندى ۋە خامپىشىردا ناھايىتى تېزلا يېڭى ئىستىقبال
تاپتى. ئۇ ئادۋوكاتلىق ئورنىدا داۋاملىق كۆتۈرۈلدى، ئاۋۋال
مەزكۇر شتات دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ رەئىسى بولدى، كېيىن
شتاتلىق سوتنىڭ داڭلىق تەپتىش ئەمەلدارلىقىغا ئۆستۈرۈلدى.
پىيېرس كېيىنكى نەچچە يىل ئىچىدە گەرچە ئامېرىكا - مېكسىكا
ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن قۇرۇقلۇق ئارمى-
يە براگادا گېنېراللىق سالاھىيىتى بىلەن ھەربىي سەپتىن چې-
كىندى، كانكاندىلىقلار ئۇنى ۋاشىنگتوندىن كەلگەن چاغدىكىدەك
تەنتەنىلىك ھەم قىزغىن كۇتۇۋالدى، ھەم ناھايىتى تېزلا يېڭى
خامپىشىر شتاتى قانۇن تۇزۇش يىغىنىنىڭ رەئىسلىكىگە كۆرسى-
تىلىشتى.
پىيېرس يۇرتىدا ئىستىقبال تېپىپ، سىياسىي ساھەدىكى ياش
يېڭى چولپانغا ئايلانغان چاغدا، كۇتۇلمىگەن بىر ئىش ئۇنىڭ
تەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇنىڭ يەنە بىر قېتىم ۋاشىنگتونغا
بېرىپ ئولتۇراقلىشىشى زۆرۈر بولۇپ قالدى! بۇ ئىش تىنچ
تۇرمۇشقا ئادەتلىنىپ قالغان جېنىنى خانىمنى ھەيران قالدۇر-

دى، كانكاندىدا ئۆمۈرۋايەت تۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن پىيېرسقىـ
مۇ تاسادىپىي تۇيۇلدى. ئەسلىدە سايلام رىقابىتىگە ھېچقانداق
ئۈمىد باغلىمىغان پىيېرس 1852 ـ يىلىدىكى مەملىكەتلىك سايلام
رىقابىتىدە ئويلىمىغان يەردىن ئامېرىكىنىڭ ئون تۆتىنچى زۇڭتۇ-
ڭى بولۇپ قالدى!

— پىيېرس، سىز نېمىشقا گېپىمگە كىرمەيسىز، ۋا-
شىنگتوندىكى لەنىتى جايدىن مېھرىڭىزنى تېخىچە ئۈزەلمەيۋاتامـ
سىز؟ ئوغلىمىزنىڭ بېشىغا چىققان ئاشۇ لەنىتى جايدا سىزنى
يەنە داۋاملىق نەس باسسۇنمۇ؟ — جېئانني ئېرىنىڭ زۇڭتۇڭ
بولغانلىقى خەۋىرىنى ئاڭلاپ ھېچقانداق شان ـ شەرەپ ھېس
قىلمىدى.

— جېئانني، خاتا چۈشىنىپ قالماڭ، مېنىڭ باشتا زۇڭ-
تۇڭ سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىش خىيالىم يوق ئىدى، بىر قې-
تىملىق كۈتۈلمىگەن ئىش مېنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قويدى! —
پىيېرس خوتۇنىغا بۇ ئىشنى مۇشۇنداق بايان قىلدى. ئىش ھەقىقە-
تەنمۇ ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولغانىدى، شۇ قېتىملىق سايلامغا ھېچ-
قانداق تەييارلىقى بولمىغان پىيېرس دېموكراتلار پارتىيىسى تاللاپ
بېكىتكەن ئۈچ زۇڭتۇڭ نامزاتىنىڭ بىرى ئىدى. لېكىن سايلام
رىقابىتىدە كۆپ قېتىم ئېگىز ـ پەسلىك بولغاچقا، بىرەيلەن
پىيېرسنىڭ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئۇرۇنۇپ بېقىشىنى تەشەببۇس قىلـ
دى! نەتىجىدە پىيېرس ئۆزىمۇ ھەيران قالغان ئىش ئاخىر يۈز
بەردى، ئۇ مۇتلەق كۆپ ئاۋازغا ئېرىشىپ زۇڭتۇڭلۇققا سايلانـ
دى!

1853 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ۋاشىنگتونغا بېرىشقا
زادىلا كۆڭلى تارتمىغان جېئانني خانىم ئىرادىسىگە قارشى ھالدا
ئون بىر ياشلىق ئۈچىنچى ئوغلى بېنجامىننى ئېلىپ، ۋەزىپىگە
تەيىنلىنىش ئۈچۈن ماڭغان ئېرىگە ئەگىشىپ يېڭى خامپىشىردىن
ۋاشىنگتونغا قاراپ يولغا چىققان پويىزغا چىقتى.

پويىز پايتەختكە قاراپ گۈلدۈرلەپ ئۇچقاندەك كېتىپ باراتـ
تى. پيېرسىنىڭ ھېسسىياتى خانىمى جېئاننېنىڭ ھېسسىياتىغا
پەقەت ئوخشىمايتتى، بۇ ئاخىرقى ھېسابتا سىياسىي سەھنىدىكى
بىر قېتىملىق سەكرەش ئىدى، ئۇ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئامېرىكا
تارىخىدا شانلىق بىر بەتنى قالدۇراتتى! جېئاننېي ئېرىنىڭ پايـ
تەختكە بېرىشىنى زادىلا خالىمىغان تەقدىردىمۇ، لېكىن ئامېرىكا
قوشما شتاتلىرىنىڭ يېڭى تەيىنلەنگەن زۇڭتۇڭى بولۇش سۈپىتى
بىلەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ سايلام رىقابىتىدە ھېچقانداق بەدەل
تۆلىمەي زۇڭتۇڭلۇققا ناھايىتى ئاسانلا ئېرىشكەن بولغاچقا،
پيېرسىنىڭ شۇ تاپتا كۆڭلى پايتەختكە تەلپۈنۈپ تۇراتتى.

پيېرس ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان پويىزدا خىيال سۈرۈپ ئولـ
تۇراتتى. ئۇ ئىككى كۈن يول تەييارلىقى قىلدى، ۋاشىنگتونغا
بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ئاشكارا نۇتۇق
سۆزلىشى لازىم ئىدى. تۆت يىل ۋەزىپە ئۆتەش داۋامىدا مەملىـ
كەت خەلقىنى خۇشال قىلالىغۇدەك بىرنەچچە تۈرلۈك ئىشنى
قىلىپ، ئۆزىنى قارىغۇلارچە تەختكە چىقىرىپ قويغان سايلىغۇـ
چىلارغا يۈز كېلەلىگۇدەك تۆھپە يارىتىشنى ئويلايتتى.

«گۈلدۈر...» تۇيۇقسىز ۋاگون قورقۇنچلۇق سىلكىنىش
بىلەن تەڭ، ۋاشىنگتونغا قاراپ كېتىۋاتقان پويىز بىر يانغا قىيـ
سايدى، پيېرس پولغا يىقىلىپ چۈشتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پيېرس ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان
خوتۇنى جېئاننې ۋە ئوماق ئوغلى بېنجامىننىڭمۇ پولغا يىقىلىپ
چۈشكەنلىكىنى كۆردى.

ناۋادا پويىز تاسادىپىي قىڭغىيىپ كەتكەن بولسا، بۇنىڭ
كارايىتى چاغلىق ئىدى. ئەمما تېز سۈرئەتتە كېتىۋاتقان بۇ پويىز
مەست ئادەمدەك ئىككى تەرەپكە ئىرغاڭلاپ تۇراتتى. پيېرسىنىڭ
بېشى ئورۇندۇقنىڭ پۇتىغا قاتتىق ئۇرۇلدى، ئۇ بىر ۋارقىراپلا
ھوشىدىن كەتتى...

پىيېرس ناھايىتى تېزلا ھوشىغا كەلدى. ئۇ پويىزنىڭ ئۆرۈ-لۈپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. پىيېرس ھوشىغا كېلىپ پويىز ئۆرۈلۈپ كەتكەنلىك سەۋەبىدىن نۇرغۇن يولۇچىلارنىڭ ئېغىر يارىلانغانلىقىنى ۋە بەزى يولۇچىلارنىڭ قازا قىلغانلىقىنى بايقاپ ھاڭ - تاڭ بولدى. خوتۇنى جېئاننې ئۆزىگە ئوخشاش يېنىك يارىلانغاندى، بۇ بەختسىزلىك ئىچىدىكى بەخت ئىدى. ئەمما جېئاننې ئىككىسىنىڭ ئامراق ئوغلى بېنجامىن بۇ ھادىسىدە ھاياتىدىن ئايرىلغانىدى!

ئىككى كۈندىن كېيىن يارىلانغان پىيېرس ئاقسارايىنىڭ جەنۇ-بىدىكى چىملىقتا ئۆتكۈزۈلگەن ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىدا پەيدا بولدى. ئوغلىنىڭ قازا قىلىشى ئۇنىڭ چەكسىز ئازابقا تولغان قەلبىنى ئۆرتەپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ دېموكراتلار پارتى-يىسىنىڭ ئىرادىلىك سىياسەتچىسى — پىيېرس يېشىنى ئېرتىۋې-تىپ قان بىلەن بويالغان ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش نۇتقىنى قەيسەرلىك بىلەن ئوقۇدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئامېرىكا سىياسىي سەھنىسىگە چى-قىشىنى قوللىغان بارلىق پۇقرالارغا قەسەم بېرىپ مۇنداق دېدى: «دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن، مەن ۋەزىپىگە ئولتۇرغان مەز-گىل ئىچىدە ئامېرىكا تېررىتورىيىسىنى داۋاملىق كېڭەيتىمەن. دۆلەتتە گۈللىنىش ۋە تىنچلىق بولىدىغان، سىرتقا قارىتا جانلىق دىپلوماتىيە مۇناسىۋەتى يۈرگۈزۈلىدىغان يېڭى دەۋر يېتىپ كې-لىش ئالدىدا تۇرماقتا!»

يارىلانغان جېئاننې خانىم ئېرى بىلەن بىللە ئاقسارايدىكى تەنتەنىلىك مۇراسىمغا قاتنىشالمىدى، ئۇ يارىسى ساقايماي تۇرۇپ-لا كانكاندىغا قايتىپ كەتتى. ئۇ قاتتىق ھەسرەتلەندى، ئوغلى — بېنجامىننىڭ ۋاشىنگتونغا كېتىۋاتقان سەپەر ئۈستىدە تەرەپبال قازا قىلىپ كېتىشىنى لەنىتى ۋاشىنگتونغا قىلىنغان سەپەردىن كۆردى. جېئاننې ئوغلىنى كانكاندىدا يەرلىككە قويغاند-دىن كېيىن كۆزىدىن پەقەت ياش قۇرۇمىدى، ۋاشىنگتونغا بار-

غىلى قەتئىي ئۆنمىدى. شەھەر سىرتىدىكى قەبرىستانلىقتا قو-
يۇلغان ئىككى ئوغلىنىڭ روھىنى يوقلاپ تۇرۇش ئۈچۈن كانكاند-
ىدىدا قالدى!

پيېرس ئاقسارايدا تۆت يىل ھاكىمىيەت سوراپ ئاخىر كاند-
كاندىغا قايتىپ كەلدى. ئېرى ۋەزىپىسىدىن بوشانغاندىن كېيىن
جېيئاننېمۇ روھىي جەھەتتىن ياخشى بولۇپ قالدى. ئۇ ئېرى
يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ ئىككىنچى كۈنى ئېرىگە ھەمراھ بولۇپ،
شەھەر سىرتىدىكى قەبرىستانلىقتا كېلىپ مەزگىلسىز ئۆلۈپ كەت-
كەن ئوغۇللىرىنىڭ قــەبرىسىگــە گــۈل قــويۇپ قايغــۇسىنى
بىلدۈردى.

## لىنكولنغا قارشى چىقىپ يېتىم قالدى

پيېرس كانكاندىدا تۇرۇپ قالدى.

ئۇ ئاقسارايدا تۆت يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن چاغدا خوتۇ-
نى جېيئانني ئاقسارايدا داۋاملىق تۇرمىغانلىقتىن، پيېرس كۆتۈۋې-
لىش خاراكتېرىدىكى زىياپەتلەرنى ئىنتايىن ئاز ئورۇنلاشتۇردى.
شۇنداق قىلىپ، ئۇ ھەر يىلى ئالىدىغان يىگىرمە بەش مىڭ
ئامېرىكا دوللىرى مائاشىدىن نۇرغۇن پۇل ئىقتىساد قىلىپ قال-
دى. ئوغۇللىرىدىن مەزگىلسىز ئايرىلىپ يۈرەك - باغرى زەر-
داب بولۇپ كەتكەن خوتۇنىنى قايغۇ - ھەسرەتتىن خالاس قىلىش
ئۈچۈن، پيېرس جېيئاننېغا ئاتاپ كۆل بويىغا جايلاشقان بىر بىنا
سېتىۋالدى. كېيىن يەنە جېيئاننېنى يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ
تۇرمۇشىدىن ئاز - تولا بەھرىمەن قىلىش، شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ
ئازابىنى يەڭگىللىتىش مەقسىتىدە، پيېرس 1858 - يىلى بىرىن-
چى قېتىم خانىمى — جېيئاننېنى ئېلىپ ياۋروپاغا ساياھەتكە
ماڭدى.

ئۇلارنىڭ بىرىنچى بېكىتى ئەنگلىيە بولدى. پيېرس جېئان-

نىڭ تۇمانلىق پايتەخت لوندوننىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى بىلەن قويۇق تۇمانلىرىدىن بىزار ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ ۋاقىتنىڭ كۆپ قىسمىنى خوتۇنى بىلەن ستراتفوردتا ئۆتكۈزدى، بۇ يەر بىلەن بىرمىڭخامنىڭ ئارىلىقى ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى، يېقىن ئەتراپتا مەنزىرىلىك ئىمما دەرياسى بار ئىدى. پىيېرسنىڭ جېئاننېنى باشلاپ بۇ يەرگە ساياھەتكە كېلىپ يالغۇز تۇرۇشىدا، بىرمىڭخامنىڭ ئاتاقلىق دراماتورگ شېكىسپېرنىڭ يۇرتى بولغانلىقى ئۇچۇنلا ئەمەس، بەلكى جېئاننېنىڭ ئىمما دەرياسى ساھىلىغا جايلاشقان كىچىك بازارنىڭ ئۆزىگە خاس خاتىرجەم ۋە تىنچ مۇھىتىنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتقانىدى.

پىيېرس ستراتفورد بازىرىدا بىر مەزگىل تۇردى، ئۇ پات - پاتلا مېيىن دولقۇنلىنىپ ئېقىۋاتقان ئىمما دەرياسى بويىدا تۇرۇپ ئازابلىق ئەسلىمىلەرگە غەرق بولاتتى. پىيېرس خانىمىنىڭ يالۋۇرۇپ قىلغان نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماي، ئاقسارايدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا يامىشىپ چىقىپ، ئۆزىگە ئۆمۈرلۈك دەرد - ئەلەم ۋە پۇشايمان تېپىۋالدى. پىيېرسنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرى ۋەزىپە ئۆتىگەن زۇڭتۇڭلارغا ئوخشاشمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇ كىشىلەرنىڭ قارىغۇلارچە كۆرسىتىشى بىلەن تەختكە چىقىپ قالغان، سايلام رىقابىتىگە مەبلەغ خەجلىمىگەن؛ تەختتىن چۈشكەندە ئۇنى دېموكراتلار پارتىيىسى قايتا نامزاتلىققا كۆرسەتمىگەن، پىيېرسنىڭ مۇددىئاسى بويىچە ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ دېموكراتلار پارتىيىسى تەرىپىدىن زۇڭتۇڭ نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلمەي قېلىشىدىن ئۇ ھېچقانداق ھەسرەت چەكمەي، ھەتتا ئىنتايىن خۇشال بولغانىدى. ئۇ ئاقسارايدا تۇرغان زۇڭتۇڭلار ئارىسىدا ئۇدا ھاكىمىيەت سوراش ئۈمىدىدە بولمىغان بىردىنبىر زۇڭتۇڭ! شۇڭا تەختتىن چۈشكەندە ھېچنېمىگە تارتىنمىدى.

ياۋروپانىڭ كىچىك بىر بازىرىدىكى دولقۇنلىنىپ شەرققە قاراپ ئېقىۋاتقان دەريا بويىدا تۇرغان پىيېرس ئاقسارايدا بولۇپ

ئۆتكەن كۆڭۈلسىزلىكلەرگە نەپرەتلىنەتتى. ئەسلىدە تالانتى ئۇر-
غۇپ تۇرغان ھەم مۇلايىم پىيېرس تەختكە چىققان ھامان پۇقرالار-
نىڭ ئۆزىدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى يەردە قويماي، قاتمۇقات قىيىن-
چىلىقلارنى يېڭىپ ئاجايىپ ئىشلارنى تامامەن ۋۇجۇدقا چىقى-
رالايتتى. پىيېرس تەشكىللىگەن ئىچكى كابىنېت ئەزالىرىمۇ تۆت
يىل داۋامىدا ئۇنىڭ بىلەن ھەرىكەتتە بىردەكلىكىنى ساق-
لاپ كەلگەندى.

پىيېرس ئۆزى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە دۆلەت ئى-
چىدە تىنچلىق سىياسىتى يولغا قويۇلسا، ئۇزۇن يىل داۋام
قىلغان جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىش
بېسىقىپ قالىدۇ دەپ ئويلىغانىدى. پىيېرس باشتا تىنچلىق سىيا-
ستىنى يولغا قويۇپ ئابرۇي قازاندى. لېكىن كېيىن ھوقۇق
تۇتۇش جەريانىدا ئۇ ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۆزىنىڭ جەنۇبتىكى
چوڭ قۇلدارلارنى قوللايدىغان پوزىتسىيىسىنى ئاشكارىلاپ قوي-
دى. بۇ خاھىشنى ئۇ يوشۇرالمايتتى. چۈنكى جەنۇبقا چىن يۈرد-
كىدىن خەيرخاھلىق قىلاتتى. بۇرۇن پارلامېنت ئەزاسى بولغان،
ئەمما ئەمەلىي ھوقۇق تۇتمىغان پىيېرس 1856 - يىلىدىكى ھېلى-
قى قورقۇنچلۇق ئىچكى ئۇرۇشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالالمايتتى.
ئۇ يىل بېشىدا ئاقسارايدا ئېلان قىلغان دۆلەت ئەھۋالى توغرىسى-
دىكى ھۆججەتتە جەنۇبتىكى قۇلدارلارنى ئوچۇق قوللايدىغان
سۆز - ئىبارىلەر بولغاچقا، ئىككىنچى ئايدا لاۋرېنس بازىرىنى
قانغا بوياشتەك قورقۇنچلۇق ۋەقە يۈز بەردى. كۆپ ئۆتمەي كان-
زاس ئۇرۇشى پارتلىدى! كانزاس ئۇرۇشى ئەۋجىگە چىققانسېرى
كەسكىنلەشتى، ئاقسارايىنىڭ باشلىقى بولغان پىيېرس ھاياتىدا
بىرىنچى قېتىم ئامىنىڭ قارشىلىقىنى ھېس قىلدى!

«پىيېرس — ئىچكى ئۇرۇشنىڭ باش جىنايەتچىسى!»

«پىيېرس كانزاس ئۇرۇشىدا ئۆلگەنلەرنىڭ قان قەرزىنى تۆ-
لىشى كېرەك!»

«خەلقنىڭ غەزىپىنى بىسىش ئۈچۈن پىيىرس جەزمەن تەختتىن چۈشۈشى كېرەك!»

…كانزاس ئۇرۇشى جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشىغا پىلتە بولىدى، تەختكە چىققاندىن بىرى ياخشى ئوبرازىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان پىيىرس بىر كېچىدىلا نىقابى ئېلىۋېتىلگەن ئادەمدەك بولۇپ قالدى. ئىچكى ئۇرۇشنىڭ توپ ئوقلىرى، تۆكۈلگەن قىزىل قانلار پىيىرسنى تەختتىن چۈشۈش گىردابىغا ئاپىرىپ قويدى. پىيىرس شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئاقسارايغا باشلىق بولغان كىشىنىڭ پەرىشانلىقى ئۆزى ئېرىشكەن ھوقۇق بىلەن شان ـ شەرەپتىن كۆپ ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەندى. شۇڭا ئۇ ئاقسارايدىكى ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىنىڭ بالدۇرراق تۈگەپ، ئىمكان بار كانكاندىغا قايتىپ خوتۇنى جېئاننې بىلەن سەھرادا خاتىرجەم ياشاشقا ئالدىرىدى.

«ئاقساراي بەك قورقۇنچلۇق، كىشى قاتتىق چارچاپ كېتىدۇ، غەم ـ قايغۇ تولا. ناۋادا باشتا سايلىغۇچىلار مېنى قارىغۇلارچە سايلاپ تەختكە چىقارمىغان بولسا، خەلق ئارىسىدا ئاق كۆڭۈل ئادەملەرگە خاس ياخشى ئوبرازىمنى باشتىن ـ ئاخىر ساقلاپ يۈرگەن بولاتتىم.» پىيىرس مەنسەپ تۇتۇش ۋە مەنسەپتىن چۈشۈش بىلەن ئاقسارايدا ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلىگىنىدە ئۆزىگە مۇشۇنداق تەسەللى بېرەتتى.

پىيىرس ياۋروپاغا قىلغان ساياھەت داۋامىدا جېئاننې بىلەن بىللە نۇرغۇن شەھەر ھەم يېزا ـ بازارلارغا باردى. فرانسىيە، ئىتالىيە، گېرمانىيە ۋە ئاۋسترىيىلەردە بولدى. ھەربىر دۆلەتكە بارغاندا پارىژ، مىلان ۋە ۋېنادەك قايناق پايتەختلەردە تۇرماي، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى خاتىرجەملىكنى خالاپ ئامال بار مەنزىرىلىك ھەم تىنچ دەريا بويلىرىغا جايلاشقان جايلارنى تاللىدى.

ئۇزۇن ۋاقىت يەتكۈچە ئازاب تارتقان جېئاننې خانىمنىڭ جاراھەتلەنگەن يۈرىكى ئېرى سىياسىي مۇنبەردىن چېكىنگەن مۇ-

شۇ بىرنەچچە يىل ئىچىدە ھەقىقىي داۋاغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ كې-
سەل ئەھۋالى بارا - بارا ياخشىلىنىشقا باشلىدى. 1859 - يىل
قىشتا جېئاننى ئېرى بىلەن بىللە ياۋروپادىن كانكاندىغا قايتىپ
كەلگەندە، سەمرىپ ئوبدانلا بولۇپ قالغانىدى، قورۇق بىلەن
تولغان ياداڭغۇ چىرايىدا سۇس تەبەسسۇم ئارىلاپ - ئارىلاپ كۆرۈ-
نۈپ قالاتتى. ئۇنىڭ تەبەسسۇمى ھەسرەتلىك ھەم مۇڭلۇق ئىدى.
پىېرس ئايالىنىڭ چىرايىغا بۇ تەبەسسۇمنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن
بۇيان ئازاب يىغلىپ قالغان يۈرىكىدىن چىققانلىقىنى بىلەتتى.
چۈنكى ئۇ سىياسىي ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇشقا ئامراق بولغان-
لىقتىن، ئوماق ئىككى ئوغلىنىڭ كەينى - كەينىدىن ئۆلۈپ
كېتىشىگە ۋاستىلىك سەۋەبچى بولۇپ قېلىپ خوتۇنىنى ئازابقا
سېلىپ قويغانىدى!

كانكاندى ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى!

ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بولغان پىېرس ئۆزىگە تولىمۇ تونۇش
بولغان يۇرتىنىڭ قاچاندىن بېرى ئۆزگىرىپ مۇشۇنداق يوچۇن
بولۇپ قالغانلىقىنى بىلەلمىدى. بۇنداق ئۆزگىرىش مەزكۇر شە-
ھەرگە كۆپلەپ قورۇلۇش سېلىنىش بىلەن ئاۋاتلىشىپ كەتكەنلى-
كىگە قارىتىلغان ئەمەس ئىدى، پىېرس يەرلىك كىشىلەرنىڭ
ئۇنىڭغا ئاجايىپ سوغۇق مۇئامىلە قىلىشلىرىغا ھەيران بولدى.
ئۇلار ئۇنى پارلامېنت ئەزاسلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىپ،
ۋاشىنگتوندىن يېنىپ كەلگەن چاغدىكىگە ئوخشاش قىزغىن قا-
راشلىرى بىلەن كۈتۈۋالمىدى، قوللاش ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۇ-
نىڭ شۇ جايدىكى مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئارتقۇرۇشىنى قوللىمىدى.
تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر ئۇنىڭغا كەمسىتىش نەزىرى بىلەن قاراش-
تى، ھەتتا بەزىلەر پىېرسنى مەسخىرە قىلغان تەلەپپۇزدا ئەيىب-
لەپ: «پىېرس ئەپەندى، سىز بىزنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىمىزنى
يەردە قويدىڭىز، نېمىشقا زۇڭتۇڭ بولغاندىن كېيىن قۇلدارلار-
نىڭ قۇللارنى باستۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىپ قالدىڭىز؟» دېيىش-
تى.

يەنە بەزىلەر شتات پارلامېنتىنىڭ يىغىنىدا پيېرسنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە شىمالنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش ھەرىكىتىگە قارشى يولغا قويغان ئۇسۇلىنى «شەپقەتسىزلىك بىلەن قىلىنغان ۋاپاسىز ھەرىكەت!» دەپ سۆكتى.

پيېرس يۇرتى — كانكاندىدىكى تۇرالغۇسىدا ئاچچىق يۇتۇپ يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتتى. 1860 - يىل قىش، كانكاندى شەھەر ئەتراپىدىكى يېڭى تۇرالغۇسىدىكى ئوچاقتا ئوت گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتاتتى، ئۆينىڭ ئىچى باھاردەك ئىللىق ئىدى، لېكىن تالادا نەشتەردەك سوغۇق شامال ۋىژىلداپ چىقىۋاتاتتى. ھەشەمەتلىك تۇرالغۇسىدا كېسىلى قوزغالغان خانىمىنىڭ دەردىدە پۇچىلىنىپ ئولتۇرغان پيېرسنىڭ ھەسرىتىگە، يېڭى زۇڭتۇڭ لىنكولن يولغا قويغان قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش بىلەن كېلىپ چىققان تۇرلۇك نىزالارنىڭ قايغۇسى قوشۇلدى. پيېرس ئېنىق تونۇپ يەتتىكى، ئىلگىرى ئۆزىگە دوستانە مۇئامىلە قىلىدىغان كانكاندىلىقلارنىڭ تۇرۇپلا سوغۇق مۇئامىلە قىلىشى، ھەتتا دۈشمەنلىك قارىشىغا زۇڭتۇڭ لىنكولن يولغا قويغان يېڭى سىياسەت ئاساسىي سەۋەبچى ئىدى، پيېرس لىنكولنغا قاتتىق ئۆچ بولدى، شۇنىڭ بىلەن يۇرتىدا سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراپ ئىچى زەردابقا توشۇپ كەتكەن پيېرس لىنكولن يولغا قويغان سىياسەتنى سۆكۈش ئارقىلىق دەردىنى چىقارماقچى بولدى. ئىسسىق ئۆيدە ۋەزىپىسىدىن بوشانغان، كۆڭلى غەش زۇڭتۇڭ توختىماي ماقالە يېزىشقا باشلىدى. ئۇ لىنكولن يولغا قويغان پرىنسىپلارغا قەلەم بىلەن نەپرەت ياغدۇرماقچى بولدى، كۆپ ئۆتمەي پۇرۇخ ھىدى پۇراپ تۇرىدىغان ماقالىلەر گېزىتلارنىڭ باش ئىستونلىرىدىن ئورۇن ئېلىشقا باشلىدى. «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»، «ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى» قاتارلىق تەسىرى بار گېزىتلەردە پيېرسنىڭ ئۆچمەنلىك بىلەن تولغان ماقالىلىرىنى داۋاملىق كۆرگىلى بولاتتى.

باشتا پيېرس ئۆزىنىڭ مۇشۇ ماقالىلىرى ئارقىلىق ئۆزى

دۆچ كەلگەن يېتىملىكتىن قۇتۇلۇشنى ئويلىغانىدى. ناۋادا ئۇ ئۆزىنى ئاقىلماقچى بولسا لىنكولننى سۆكىدىغان ماقالىلەرنى كۆپرەك ئېلان قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ھېچبولمىغاندا ئۆزىنىڭ ئاق كۆڭۈل ئىكەنلىكىنى تېخىچە بىلمەي يۈرگەن تېخىمۇ كۆپ ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشىنى، ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرەلىگەن بولاتتى. بىراق «كوچىدىكى ئۇرۇش» ماۋزۇلۇق ماقالىسى گېزىتكە بېسىلغاندىن كېيىن پىيېرسنى تونۇمايدىغان ئوقۇرمەنلەر ھەرقايسى جايلاردىكى گېزىتلەردە سۆھبەت ئېلان قىلىپ، پىيېرسنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە رەددىيە بەردى ھەم ھۇ-جۇم قىلدى!

پىيېرس كانكاندىدا تېخىمۇ يېتىم قالدى. ۋەزىپىسىدىن بو-شىنىپ قايتىپ كەلگەندىن بېرى پىيېرسقا ئادەتتىكىدەك مۇئامىلە قىلىۋاتقان كىشىلەر ئۇنىڭغا باشقىلارنىڭ تەپ تارتماستىن ھۇجۇم قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى تېخىمۇ چۈشەنمىدى. بەزىلەر ھەتتا پىيېرسنىڭ تۇرالغۇسى ئالدىدا ئوچۇق ـ ئاشكارا نامايىش قىلىپ، ئۇنىڭ جەنۇبتىكى قۇلدارلارنى قەتئىي قوللايدىغان جا-ھىل سىياسىتىنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلىدى. پىيېرس شۇ چاغدىلا جەمئىيەتتىكى شۇنچىۋالا كۆپ پۇقرانىڭ لىنكولننى ۋە ئۇنىڭ يولغا قويغان قۇللارنى ئازاد قىلىش سىياسىتىنى قوللايدىغانلىقىد-نى بىلدى. پۇقرالارنىڭ بېسىمى بىلەن پىيېرس گېزىتلەرگە ماقالە بېرىشكە پېتىنالمايدىغان بولۇپ قالدى.

1861 ـ يىلى پىيېرس ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە بىر يىل بولدى. چۈنكى ئۇ لىنكولنغا قارشى چىقىپ، پۇقرالارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپ، مۇشكۈل ئەھۋالدا قالغانىدى. كېيىنلى يەنە قوزغالغان خوتۇنى جېئاننې ئۇنى ئۆيدە تۇرۇۋەرمەسلىككە، كانكاندىدىن چى-قىپ ياۋروپانى يەنە بىر قېتىم ساياھەت قىلىپ كېلىشكە ئۈندە-دى. پىيېرسمۇ كانكاندىنى تاشلاپ بېرىپ، مۇھىت ئالماشتۇرغاچ ياۋروپاغا يەنە بىر قېتىم ساياھەت قىلىش ئويىغا كەلگەنىدى.

ئەمما جېئانني ئاغرىق بولغانلىقتىن، ئۇ ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا-
كىدەك ئېرى بىلەن بىللە يىراق سەپەرگە چىقالمايتتى. شۇڭا
پېېرس نائىلاج ساياھەت قىلىش خىيالىدىن ۋاز كەچتى. ئۇ ھەر
كۈنى تۇرالغۇسىدا ئاغرىقچان خوتۇنىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى.
شۇ يىلى 4 ـ ئايدا جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشى ئاخىر باشلاندى.
ۋەزىيەت ناھايىتى كەسكىنلىشىپ كەتتى. پېېرس لىنكولنغا ھۇ-
جۇم قىلىدىغان يەنە بىر پۇرسەتكە ئېرىشتى. ئۇ ھەر كۈنى
مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ لىنكولنغا ھۇجۇم قىلىدىغان ماقالىلەرنى
يازدى. جېئانني ئېرىنى بۇ ئىشتىن توسۇدى، ئېرىگە پايدىسىز
ئاقىۋەتلەرنى ئەكېلىش مۇمكىنچىلىكى بولغان بۇ ماقالىلەر ئاخىر
گېزىتلەرگە بېسىلمىدى.

— جېئانني، مېنى ئەمدى توسماڭ، مەن لىنكولننى راسا
بىر تىللىمىسام بولمايدۇ!

شۇ يىلى 7 ـ ئايدا ئىچكى ئۇرۇش ئەھۋالىغا يېقىندىن
كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان پېېرس جەنۇبتىكى قۇلدارلار قوشۇنىنىڭ گېتى-
تىسبۇرگدىكى قانلىق پاجىئەسىدىن خەۋەر تېپىپ، يۈرەك ـ
باغرى ئۆرتىنىپ كەتتى. ئۇ شۇ چاغدا ئەتراپتىكى نۇرغۇن ئادەم-
نىڭ شىمالدىكى غالىبلار ۋە ئۇلارنى قوللايدىغانلار ئىكەنلىكىنى
ھېس قىلماي، جەنۇب ئارمىيىسىدىن قازا قىلغانلارغا ھەسرەت
بىلەن خەيرخاھلىق قىلدى. پۇقرالارنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى بې-
سىلمايۋاتقان پەيتتە بىر مەھەل ئۈن ـ تىنسىز غايىب بولغان
پېېرس تۇيۇقسىز سەكرەپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ جېئاننېنىڭ
مەسلىھەتىگە قۇلاق سالماي، «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» دە
«لىنكولنغا خەت» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، غەزەپ-
لىك سۆز ـ ئىبارىلەر بىلەن ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان زۇڭتۇڭنىڭ
شىمالدىكى قۇللارنى قوللايدىغان سىياسىتىنى سۆكتى ھەم مۇشۇ
سىياسەتنىڭ كاساپىتىدىن جەنۇب ئارمىيىسى مەغلۇپ بولدى دې-
گەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

«پيېرس كانكاندىن چىقىپ كەتسۇن!»
«سېنى كانكاندى قارشى ئالمايدۇ!»
ماقالە گېزىتتە ئەمدىلا ئېلان قىلىنىش بىلەن تەڭ پيېرس ئەنسىرىگەن ئىش دەرۋەقە يۈز بەردى. جەنۇب ئارمىيىسىنى يەڭ- گەن شىمال ئارمىيىسىنىڭ شەرىپىگە ئۇتۇقلارنى تەبرىكلەش يىـ- غىنى ئېچىۋاتقان پۇقرالار پيېرسنىڭ قۇللارنى ھىمايە قىلىدىغان زۇڭتۇڭ لىنكولنغا يەنە ھۇجۇم قىلغانلىقىنى كۆرۈپ ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كەتتى. تەرەپ - تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كەلگەن پۇقرالار پيېرسنىڭ شەھەر سىرتىدىكى داچىسىنى قاتمۇ- قات ئورىۋېلىشتى. غەزەپلەنگەن ئاممىا ئادەتتىكى كۈنلىرى بوينىـ- نى قىسىپ تۇرىدىغان چاققانغىنە بۇ بىنانى ئورىۋېلىپ، يەر - زېمىننى لەرزىگە سېلىپ پيېرسنى ھاقارەتلەيدىغان ۋە ئەيىبلەيدىـ- غان شوئارلارنى توۋلاشتى.
— پيېــرس، سىز نېمىشــقا مېــنىڭ گېپىمنــى ئاڭلىمايـ- سىز؟ — كارىۋاتتا ياتقان جېئاننى سىرتتىن توختىماي كېلىۋاتقان غەزەپلىك سادالارنى ئاڭلاپ ئاچچىقىدا كۆكىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئېرىنى تازا بىر ئەيىبلىگۈسى بار ئىدى، لېكىن ئەيىبلىگەن بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيتتى. پيېرس بېشىنى قــاماللاپ، پــۇشايـ- مان قىلغان ھالدا ئولتۇراتتى. پيېرس يۇرتىدا تېخىمۇ يېتىم بولۇپ قالــدى. ئــۇ ھــەر كۈنــى تالا - تۈزگە كەمدىن - كەم چىقاتتى. ئۇ كوچىغا چىققان ھامان بەزى شەھەر ئاھالىلىرى ئۇنىڭغا تۈكۈرەتتى ۋە ئۇنى ئەيىبلەيتتى. ئۇنىڭغا كېسىلى ئېغىر خوتۇنىغا ھەمراھ بولۇپ ئۆيدە ئولتۇرماقتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.
جېئانىنىڭ كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كەتتى. ئۇ خۇددى ساراڭلاردەكلا بولۇپ قالغانىدى، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى پەيتلىرىدە ئىدراكىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى. جېئاننى بەزىدە ئىچى تىتىلداپ كەتكەندە، ئاندىن تۇغما پېتى كوچىغا يۈگۈرۈپ چىـ-

قىپ، تۇرۇپ يىغلاپ، تۇرۇپ كۈلۈپ كېتەتتى. بۇ ئەھۋالدىن پىيېرس ئىنتايىن ئازابلىناتتى.

شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى كانكاندىدىكى مىڭلىغان ئائىلىلىكلەر مىلاد بايرىمى ئۆتكۈزۈۋاتقان بىر چاغدا جېئاننىي خانىم ئاخىر ئېچىنىشلىق ئۆلۈپ كەتتى. پىيېرس قەدىناس خوتۇنىنىڭ كارىۋىتى ئالدىدا ھەسرەت بىلەن يىغلىدى.

## ئىككىنچى قېتىملىق ساياھەتتە ئاسىياغا كەلدى

1867 - يىل ياز، پاسسازىرلار پاراخوتى مالايسىيادىكى مۇھىم پورت — مېلاكاغا يېتىپ كەلدى، ئاتمىش ئىككى ياشقا كىرگەن پىيېرسمۇ شۇ پاراخوت بىلەن ئۆزى بىر بېرىشنى ئۇزۇندىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئاسىياغا بىرىنچى قېتىم كەلدى. بۇ ئامېرىكا تارىخىدا مەيلى ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ياكى ۋەزىپىدىن بوشانغان بولسۇن، ئىشقىلىپ ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ تۇنجى قېتىم ئاسىياغا كېلىشى ئىدى.

پىيرسنىڭ چاچلىرى پۈتۈنلەي ئاقىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۇزۇن يىللىق ھەمراھى جېئاننېنى كانكاندى شەھەر ئەتراپىدىكى جامائەت قەبرىستانلىقىدىكى بۇنىڭدىن كۆپ يىللار ئىلگىرى قازا قىلغان ئىككى ئوغلىنىڭ يېنىغا قويدى. ئۇ زۇڭتۇڭ لىنكولنغا قارشى چىقىپ يېڭى خامپىشىردىكى پۇقرالارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغانلىقتىن، كانكاندىدىكى داچىدا بىر كۈن تۇرۇش ئۇنىڭغا بىر يىلدەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كانكاندىدا تارتىشقۇدەك ھېچنېمىسى قالمىغانىدى.

پىيېرس ئاقسارايدىن يېڭى قايتىپ كەلگەن چاغلاردا دېموكراتلار پارتىيىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەر پىيېرسقا قارىتا ياخشى تەسىراتتا ئىدى. ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى ئىشلارنى چۈشەنمەي سابىق زۇڭتۇڭلۇق سالاھىيىتى بىلەن ھازىرقى زۇڭتۇڭنىڭ سى-

ياسىي سەۋەبلىكلىرى توغرۇلۇق يېزىلغان ماقالىلىرى گېزىتلەر-
گە بېسىلغاندىن كېيىن، پارتىيە ئىچىدىكى سانى ئاز ئاشۇ قوللى-
غۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈدى. پىيېرس ئۆمرى-
نىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە، بولۇپمۇ خوتۇنى جېنىنىڭ ۋاپاتىدىن
كېيىن شەھەر سىرتىدىكى داچىسىغا كېلىپ چاي - پاي ئىچكەچ
ئۇنىڭ بىلەن سىياسىي ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭلىشىدىغان
ئادەم — ئىلگىرى پارلامېنتتا بىللە ئىشلىگەن سىردىشى خاۋتورن
ئىدى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا تالا - تۈزگە چىقماي،
كىشىلەرگىمۇ ئارىلاشماي ياشاش پىيېرسقا ھەقىقەتەن ئېغىر
كەلدى.

«سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن، سىزنىڭ لىنكولنغا
ئۆز مەنپەئىتىڭىزنى كۆزلەپ ئەمەس، بەلكى مەسىلىگە قانداق
قىلغاندا ئىچكى ئۇرۇشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ دېگەن يۈكسەك
نىشان بىلەن مۇئامىلە قىلىپ قارشى چىققانلىقىڭىزنى بىلىمەن.
شۇڭا سىز، سىز بىلەن ئوخشاش قاراشتا بولمىغان نۇرغۇن
كىشىلەرنى رەنجىتىپ قويدىڭىز.»

خاۋتورن قاراڭغۇ چۈشكەن مەھەلدە پىيېرسنىڭ بوران ئۇ-
چۇپ تۇرىدىغان سۆرۈن تۇرالغۇسىغا كېلەتتى، جىمغۇر پىيېرس
بىلەن قەھۋە ئىچكەچ ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە سەۋەبلىك بىلەن
تۇلغان ھايات مۇساپىلىرى توغرۇلۇق قانغۇچە پاراڭلىشاتتى.

— بەزىلەر ئۇ لىنكولنغا ھۇجۇم قىلىپ قايتىدىن سىياسىي
سەھنىگە چىقماقچى بولۇۋاتىدۇ دېيىشتى، بۇ مېنىڭ غۇرۇرۇمغا
قىلىنغان ھاقارەت! — پىيېرس خاۋتورننىڭ ئالدىدىلا زۇۋانغا كى-
رىپ دەرد - ئەلىمىنى ھەم ئىچ پۇشۇقىنى تۆكەتتى.

— بىلىمەن، سىز ئاخىرقى ئۆمرىڭىزدە شەخسىي مەنپەئى-
تىڭىزنى كۆزلىمىدىڭىز، سىز بۇرۇنقى زۇڭتۇڭلارغا ئوخشاش-
مايسىز، سىياسىي جەھەتتە ھېچقانداق قارا نىيىتىڭىز يوق! —
خاۋتورن قېرىغان چېغىدا سىياسىي جەھەتتە يېتىم قالغانلىقىنىڭ

سەۋەبىنى سۆزلەپ كېلىپ پېيرسقا ھەققانىي باھا بەردى. ئۇنىڭ مۇنداق دېيىشى ھەرگىزمۇ ئورۇنسىز ماختاش ئەمەس ئىدى. پېيرس ئاقسارايدىن قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي نورغۇن پارتىيە - گورۇھلارنىڭ ۋەكىللىرى پېيرسنىڭ كانكاندىدىكى تۇرالغۇسىغا كەينى - كەينىدىن كېلىپ، تۈرلۈك ئاساسلارنى كۆرسىتىپ سابىق زۇڭتۇڭنى ئۆزلىرىگە ۋەكىل بولۇپ مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان كېلەر نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ سايلىمىغا قاتنىشىشقا دەۋەت قىلغانلىقىنى خاۋتورن بىلەتتى. بىر قىسىم پارتىيە - گورۇھلار پېيرسنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن تۆت يىل ئىچىدە جەنۇبتىكى قۇلدارلارغا چاپان يېپىپ شىمالدىكىلەرنىڭ ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم بولغانلىقىنى بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار پېيرسنى ياشقا چوڭ ئەمەس، ھوقۇق تۇتقان مەزگىلدە نام - مەنپەئەتكە ئىنتىلمىگەن، تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى ئورناتمىغان، ناۋادا قايتىدىن تەختكە چىقسا ئۇنىڭ بەلگىلىك تەسىر كۈچى بولىدۇ دەپ قارىغان. شۇڭا ھەممىسى ئۇنىڭ قايتىدىن ئوتتۇرىغا چىقىشىنى ئۈمىد قىلىشقان. لېكىن پېيرس ھەممىسىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىۋەتتى. ئۇ شىمالدىكىلەرنىڭ قارشى تۇرۇشىدىن قورقۇپ ئەمەس، بەلكى سىياسىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئائىلىسىنى زىيانغا ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنىڭ سىياسىي سەھنىگە يېڭىۋاشتىن چىقمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ئالدىنقى قېتىم زۇڭتۇڭ بولغان چاغدا ئوغلى ئېچىنىشلىق قازا قىلدى، خوتۇنى نېرۋىسىدىن ئاداشتى. پېيرس مەنسەپ ئۈچۈن خوتۇن - بالىلىرىنى ئۇنتۇيدىغان قارا نىيەت ئادەم ئەمەس ئىدى.

خاۋتورن پېيرسنى تازا ياخشى چۈشەنمەيتتى. پېيرسنىڭ بېكىنمىچىلىك سىياسىتى ئۇنى سىرتقى دۇنيادىن ئايرىۋەتتى. شىماللىقلار بىر ئېغىزدىن لىنكولننىڭ سىياسىتىنى ھىمايە قىلىغان چاغدا، پېيرس ئىناۋىتى يۇقىرى ھازىرقى زۇڭتۇڭنى سۆكىدىغان ماقالىلەرنى كۆپلەپ ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ يۈزىگە

ئۆزى قارا سۇركىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەممە ئادەم نەپرەتلىنىد-
دىغان سەلبىي ئەربابقا ئايلىنىپ قالدى.

پيېرس جېئاننى ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە خاۋتورن بىلەن ناھايىتى يېقىن ئۆتتى. خاۋتورن ئۇنىڭ ھېسسىيات ئالماشتۇرىدىغان ئەڭ قەدىناس دوستى ئىدى، كانكاند-
دىدا خاۋتورن بولغاچقىلا، ھېچكىم كۆزگە ئىلمايدىغان پيېرس ئاز - تولا ياشاش ئىستىكىگە ئىگە بولغانىدى. ئەمما پيېرسنىڭ ھەسرەتلىنىدىغان يېرى شۇكى، رەھىمسىز پەرۋەردىگار ھەتتا سىرداش دوستىنىمۇ ئۇنىڭ يېنىدىن ئەكەتتى. ئۆتكەن يىل قىش قاتتىق سوغۇقتا خاۋتورن ھاراقنى ھەددىدىن ئارتۇق ئىچكەنلىك-
تىن سەكتە بولۇپ ۋاپات بولدى. خاۋتورننىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان پيېرس ئۆيىدە ئاغزىغا سۇ چاغلىق نەرسە ئالماي بىر كېچە - كۈندۈز سۈكۈتتە ئولتۇردى. ئۇ ھەقىقەتەن چوڭقۇر قايغۇغا چۆمدى.

خاۋتورننىڭ مېيىتى ئۇزىتىلغان چاغدا تەزىيە بىلدۈرۈپ شەخسەن ئۆزى بارماقچى بولدى. بىراق باشقىلارنىڭ ئۆزىگە سو-
غۇق مۇئامىلە قىلىشىدىن قورقۇپ تالا - تۈزگە چىقمىدى، مەر-
ھۇم دوستى ئۈچۈن ئىبادەت قىلىپ، سۈكۈتتە تۇرۇپ مەرھۇم-
نىڭ روھى بىلەن مۇڭداشتى. ئۇ بىر قىشنى ناھايىتى تەستە چىقاردى. ھاۋا بارا - بارا ئىللىپ كېتىۋاتقان بىر چاغدا پيېرس كانكاندىدىكى دىمىق مۇھىتنى تاشلاپ، سىرتلاردا ساياھەت قىلىش خىيالىغا كەلدى.

پيېرس يەنە ياۋروپاغا باردى.

ئۇ ياۋروپادا گېرمانىيە بىلەن فرانسىيىدە چۆرگىلەپ يۈر-
دى. چۈنكى بۇ جايلاردا خوتۇنى جېئاننى بىلەن ئىككىسىنىڭ قەدەم ئىزلىرى قالغانىدى. سەھرالاردىكى گۈزەل مەنزىرىلەر ھەمىشە ياشانغان پيېرستا نۇرغۇنلىغان بەختلىك ئەسلىمىلەرنى ئويغىتاتتى. جېئاننى گەرچە ناھايىتى قېرىپ كۆرۈمسىز بولۇپ

كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مۇھەببىتى پېيرس ئۇچۇن قە-
دىرلەشكە ئەرزىيتتى. ئۇ ئاقسارايغا كىرىپ ھوقۇق تۇتقان مەز-
گىللەردە، ئۇنىڭ ئەتراپىدا شۇنچىلىك كۆپ چىرايلىق قىزلار
چۆرگىلەپ يۈرەتتى. لېكىن پېيرس باشقىلارغا كۆڭۈل بېرىشنى
خالىمىدى. جېئاننى قېرى ھەم قوپال بولسىمۇ، ئۇنىڭ پېيرسقا
بولغان مۇھەببىتى ساپ ھەم قىزغىن ئىدى. مانا ئەمدى پېيرس
خوتۇنى بىلەن ياۋروپادا بىللە تۇرغان سەھرالارغا يەنە بىر قېتىم
كەلدى، ئۇنىڭ غەمكىن ھەم مۇڭلۇق كۆزلىرىدە ئۇچمەيدىغان
يېقىملىق مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرى جىلۋە قىلاتتى!

ئۇنىڭ ياۋروپاغا قىلغان زىيارىتى يازنىڭ بېشىدا
ئاخىرلاشتى.

پېيرسنىڭ ئامېرىكىغا، كۆڭلى سوۋۇپ كەتكەن كانكاندىدى-
كى داچىسىغا دەرھال قايتقۇسى كەلمىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ ئاسىياغا
قاراپ يولغا چىققان پاراخوتقا چىقتى. ئامېرىكا قىتئەسىدىن يى-
راقتا تۇرۇۋاتقان پېيرسقا ئاسىيا قىتئەسى ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆت-
كەن نەچچە نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭلارغا تۇيۇلغاندەك قول يەتمەيدىغان
بىر جايدەك تۇيۇلۇپ كەلگەنىدى. پېيرسنىڭ كۆز ئالدىدا،
مىلادىيە XIV — ئەسىردە قۇرۇلغان شەرقتىكى قەدىمىي پادىشاھلىق
دۆلىتىنىڭ بۇ دېڭىز بويى شەھىرى، قەدىمىي ھەم سىرلىق
قەلئەنىڭ دەرۋازىسى ئايان بولدى، ئاسىيا قىتئەسىگە بىرىنچى
قېتىم كەلگەن بۇ سابىق زۇڭتۇڭ شەرق بىلەن غەربنىڭ ئورتاق
تەرەپلىرى بارلىقىنى ھېس قىلدى. چۈنكى ئۇنىڭ نەزىرىدە شەرق-
تىكى مىلادىيكى قەدىمىي قەلئە بىلەن غەرب بىناكارلىقىدا پەرق
چوڭ ئەمەس ئىدى.

«مەن ھوقۇق تۇتقان مەزگىلدە ئامېرىكا دىپلوماتىيىسىگە
كۆپ تۆھپە قوشقانىدىم!» پېيرس مىلادىيكى مەشھۇر سان يو-
ھان قەلئەسىدە تاغنىڭ ئايغىدا يېيىلىپ ياتقان كۆپكۆك دېڭىزغا

قاراپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تىنچسىز كۆڭلىگە مۇشۇنداق تەسەللى بېرەتتى. پېيرس مېلاكانىڭ دېڭىز بويىدا دېڭىزنىڭ ئۇپۇق بىلەن تۇتاشقان يېرىگە نەزەر سالاتتى. ئۇ گويا بۇ يەردىن ئانچە يىراق بولمىغان جۇڭگونىڭ تەيۋەن ئارىلىنى كۆرگەندەك بولدى. پېيرس كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ تۆھپىلىرىنى ساناشقا باشلىدى. ئۇ ئاقسارايدىكى ئەڭ يۇقىرى سىياسىي مۇنبەرگە چىققاندىن كېيىن، ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن زۇڭتۇڭلارنىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياسەتنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ئارزۇ - ئۇمىدلىرى ئۇنىڭ قولىدا چېچەك ئاچتى. پېيرس شۇنداق قىلغاندىلا ئۆزىنى تەختكە يۆلەپ چىقارغان سايلىغۇچىلارغا يۈز كېلەلەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا پېيرس ئالدى بىلەن ئىسپانىيىنىڭ قولىدىن كۇبانى تارتىۋېلىشقا، ئاندىن قولىنى ئوتتۇرا ئامېرىكا قىتئەسىگە ئۇزىتىشقا ئۇرۇندى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئاسىيا قىتئەسىدىكى ياپونىيە بىلەن سودا ئالاقىسى ئورناتتى، ياپونىيىنىڭ سىياسىي ئىشلىرىنى رازۋېدكا قىلىدىغان كونسۇلخانىنى قۇردى، ياپونىيىنىڭ دەرۋازىسىنى ئاستا ئاچقان كىشى — دەل پېيرس ئىدى.

پېيرس بۇ ئىشلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئاچ كۆزلۈك بىلەن نەزىرىنى ئوكياننىڭ ئۇ يېقىدىكى — يىراق شەرقتە جايلاشقان ئاسىيادىكى قەدىمىي مەدەنىيەتلىك دۆلەت — جۇڭگوغا تىكتى.

پېيرس يېنىدىكى سىياسىي مەسلىھەتچىلەرنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن ئىبلىس قولىنى جۇڭگوغا سۇنۇش غەرىزىدە بولغانىدى. ئەمما ئۇ كېيىن دۇنيا خەرىتىسىنى ھەقىقىي تەتقىق قىلىپ، جۇڭگوغا قارىتا كېڭەيمىچىلىك قىلىشنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان قۇرۇق خىيال ئىكەنلىكىنى ھەيرانلىق ئىلكىدە بايقىدى. زېمىنى كەڭ جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئارىلىقى تولىمۇ يىراق ئىدى، بۇ زېمىننى يۇتۇۋېلىشقا ئامېرىكا ئاجىزلىق قىلاتتى. پېيرس دۆلىتىنىڭ جۇڭگونى يۇتۇۋېلىشقا مادارى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىل ئىچىدە

يىراقتىكى جۇڭگونى ئېپىنى تاپسىلا بىر ئامال قىلىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. ئۇ 1854 ـ يىلى ئەنگلىيە، فرانسىيە ئىككى دۆلەت ئارقىلىق جۇڭگودا ئورتاق تاموژنا ۋاستىسى قۇرۇپ، ناھايىتى زور تاموژنا بېجىغا ئېرىشتى. كېيىنكى يىلى باخ ئىد-سىملىك دىپلوماتىيە ئەمەلدارىنى جۇڭگوغا ئەۋەتتى. باخ قاتتىق-يۇمشاق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى بۇرۇنقى «ۋاڭشيا شەرتنامىسى» نى ئۆزگەرتىشكە ماقۇل كەلتۈر-دى. پەۋقۇلئاددە ئەلچى باخ بېيجىڭغا كىرىپ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىرىگە دۆلەت خېتى تاپشۇردى ھەم تەھدىت سالغان تەلەپپۇزدا: «مەزكۇر دۆلەت ‹ۋاڭشيا شەرتنامىسى› نى ئۆزگەرتىشكە قوشۇلمىسا، ئۇنداقتا بىزنىڭ پىيېرس جانابلىرى زۆرۈر تېپىلغاندا نۇرغۇن ئەسكەر ئەۋەتىپ مەزكۇر دۆلەتنىڭ تەيۋەن ئارىلىنى ئىشغال قىلىدۇ. قانداق قىلىسىلەر، دەرھال بىر قارارغا كېلىڭلار!» دېدى. ئامېرىكا پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى-نىڭ ھەيۋىسى بىلەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاخىر پىيېرس ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان چاغدا دۆلەتكە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان «تيەنجىن شەرتنامىسى» نى تۈزدى!...

ۋەزىپىسىدىن بوشانغىنىغا ئۈزۈن يىل بولغان پىيېرس مىلا-كادىكى سان يوھان قەلئەسىدە تۇرۇپ يىراقلارغا نەزەر سېلىپ كۆڭلىدە بىر خىل قانائەتلىنىشنىڭ مەۋج ئۇرۇۋاتقانلىقىنى سەز-دى. «مەن ھەر ھالدا قولۇمدىن كېلىدىغان، قىلمىسا بولمايدى-غان ئىشلارنى قىپتىمەن. مەن ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تەيۋەن ئارىلىغا ئېرىشەلمىگەن بولسام-مۇ، لېكىن ئامېرىكىلىقلار پەخىرلىنىدىغان جۇڭگو ـ ئامېرىكا ‹تيەنجىن شەرتنامىسى› گە ئېرىشتىم!...»

دېڭىز شامىلىدا ئۇنىڭ سارغۇچ چاچلىرى پاخپىيىپ كەتتى، ئۇ ئەسلىدە مۇشۇ پاراخوت بىلەن ياپونىيە ۋە جۇڭگوغا بارماقچى-ىدى. ئەمما سىرتتا ئۇيان ـ بۇيان چېپىپ يۈرگىنىگە بىر يىلدىن

ئاشقان بولغاچقا، سالامەتلىكى يار بەرمەي قالغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېلىۋالغان پۇلىمۇ چەكلىك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مالايسىيادىكى مېلاكادا ئون نەچچە كۈن تۇرۇپ، ئاندىن ئامېرىكىغا قايتتى.

## ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە «ئىنجىل» بىلەن هاراققا بېرىلىپ كەتتى

سان پاۋلو چېركاۋى كۆز پەسلىنىڭ گۈگۈم كۈنلىرى ئاددىي هەم ئازادە كۆرۈنەتتى. قوڭغۇراق ئاۋازى سوغۇق كەچكى شامالدا ياڭرايتتى.

غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان چېركاۋ ئىشىكىدىن دەلدەڭلەپ چىققان پېيرس قېرىپ كەتكەنىدى.

بۇرۇن قەددىنى تۈتۈپ يۈرىدىغان پېيرس بىر يىل ئىچىدىلا مۈكچىيىپ، راۋان ماڭالمايدىغان بوۋايغا ئايلىنىپ قالغانىدى. پاخپايغان، ئاپئاق چېكە چاچلىرى كەچكى شامالدا ئەنسىز يەلپۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قورايدەك ئىنچىكە سول قولىدا قېلىن «ئىنجىل» تۇراتتى. ئۇ سېمونت يول ياقىسىدىكى چىرايلىق ئېچىلىپ كەتكەن رەڭگارەڭ گۈللەرنى دەسسىۋېتىشتىن ئەنسىرەپ ئاۋايلاپ مېڭىپ كېتىۋاتاتتى.

پېيرس بىر يىل بۇرۇن تىنچ ئوكياندىن هالقىپ ئۆتۈپ ياۋروپاغا — ياۋروپادىن يىراقتىكى ئاسىياغا سەپەر قىلغانىدى، شۇ چاغدا بۇ سابىق زۇڭتۇڭ كۆڭلىگە تەسەللىي ئىزدەپ، ئۆزىگە ناتونۇش بولغان باشقا ئەللەرنىمۇ كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغانىدى. لېكىن مالايسىياغا بېرىپ ئۆزىنى تېخىچە ياش هېسابلاپ يۈرگەن پېيرس بىرىنچى قېتىم قېرىپ قالغانلىقىنى هېس قىلدى.

پېيرس يۇرتى — يېڭى خامپشىر شتاتىدىكى كانكاندىغا قايتىپ كېلىپ، بوران ئۇچۇپ تۇرغان تۇرالغۇسىنى كۆرۈپ

بىردىنلا ھەممە نەرسىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ ئۆزىنى تاشلىۋەتتى. كېيىن يۈقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بىر پوپ ئۇنىڭ ئىشىكىنى چەكتى. ئۇ چۈشكۈنلەشكەن پيېرسقا كەلگۈسى تۇرمۇشتىن ئۈمىد ئۈزمەسلىك توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىپ، ناۋادا ئۇ ئۆزىنى رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان مەزھەپكە قاتناشسا، مەنىۋى جەھەتتىن يېڭى ھاياتلىققا ئېرىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

پيېرس پوپنىڭ مەسلىھىتىگە كۆندى.

پيېرس بۇرۇنقى زوڭتوڭلۇق كىبىرىنى تاشلاپ ئاددىي دىن مۇخلىسى سۈپىتىدە كانكاندى شەھىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان، تاملىرى كۈل رەڭ خىش بىلەن قوپۇرۇلغان، ئۆگزىسىگە كاھىش ياتقۇزۇلغان چېركاۋغا ئېھتىيات بىلەن قەدەم قويدى. ئۇ بۇ يەردىن بىر سىرلىق مەنىۋى دۇنيانى تاپتى. ئۇ سىرلىق بوش يەر ئىدى. «ئىنجىل» ئەسلىدە دۇنيادىكى ئەڭ مۇكەممەل كلاسسىك ئەسەر، پيېرس ئۆزىنىڭ «ئىنجىل»غا ئەزەلدىن دىققەت قىلمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى.

يېڭى خامپشىر شتاتى شىرسبال كەنتىدە كەمبەغەل ئائىلىدە تۇغۇلغان بۇ بالا ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىدى. ئۇمۇ ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدە بۇنداق يۇقىرى سىياسىي سەھنىگە يامىشىپ چىقىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى. دېھقانچىلىق ۋە قويۇق ئورمانلىقلاردا ئوۋچىلىق بىلەن مەشغۇل بولغان پيېرس ئون نەچچە ياشقا كىرگەندە، دەسلەپكى قېتىم ئىنگلىزچە دەرسلىك بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ ھانكوك باشلانغۇچ مەكتىپىدە، ئاندىن فرانس تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇدى، ئوقۇش نەتىجىسى ئادەتتىكىدەك ئىدى. چۈنكى پيېرس مۇلكىي ئەمەلدار بولۇشنى ئەمەس، گېنېرال بولۇشنى ئىستەيتتى. ئەمما قېرىشقاندەك تەقدىر ئۇنىڭ بىلەن قارشىلاشتى، كېيىن ئۇ بوردىن ئىنستىتۇتىدا كەسپىنى ئۆزگەرتىپ قانۇن ئوقۇدى، شۇنىڭ بىلەن شانلىق سىياسىي سەھنىگە قاراپ قەدەممۇ قەدەم يۇقىرى ئۆرلىدى.

پيېرس غازاڭ بىلەن تولغان چوڭ كوچىدا دەلدەڭلەپ كېتىۋېتىپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ: «قانۇن دېگەن نېمە ئۇ؟ ھەم، مەن بۇرۇن قانۇن دۇنيادىكى ئەڭ مۇقەددەس نەرسە دەپ قاراپ كەلگەن، كېيىن بىلدىمكى، قانۇن ئەسلىي ساختا نەرسە ئىكەن، چۈنكى مۇقەددەس قانۇننى كىشىلەر ئىدارە قىلىدىكەن ئەمەسمۇ! دۇنيادىكى ئەڭ ساپ ۋە ئەڭ گۈزەل يېزىق قايسى؟ پەقەت ‹ئىنجىل›...» دېدى.

پيېرس ئىچ پۇشۇقىنى ھاراقتىن ئېلىشقا باشلىدى.

پيېرس ھەر كۈنى نامازشامدا، قاراڭغۇ چۈشۈپ تۈن پەردىسى تارتىلغان چاغدا، ئۆزىنىڭ شەھەر سىرتىدىكى داچىسىدا ياۋروپانىڭ داڭلىق مادېئىرا ھارىقىنى ئىچەتتى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىغان ئەھۋالدا مۇساپىرلاردەك ئۆتۈپ كېتىشۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ھېچنېمىدىن خىجالەت تارتماتتى. ئۇ ئاقسارايدىكى چېغىدا مائاشىنى ئىقتىساد قىلىپ قالغان، ئادۋوكات بولغاندا ئادۋوكاتلىق ھەققى ئالغان، پۇقرا بولغاندىن كېيىن گېزىتلەرگە ماقالە بېرىپ قەلەم ھەققى تاپقانىدى.

پيېرس ھاراقنى كۆپ ئىچىدىغان بولۇۋالدى. 1869 - يىل كەچ كۈز ئايلىرىدا، ئۇنىڭ ھاراق ئىچىشى تېخىمۇ قورقۇنچلۇق دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. دەرد - ئەلەمنى ھاراقتىن ئېلىپ، «ئىنجىل» نى ئوقۇش ئۇنىڭ بىردىنبىر ئەرمىكى بولۇپ قالدى. ئىچىپ خۇشال بولۇپ كەتكەندە ئەر خىزمەتكارنىڭ كۆيۈنۈپ تۇرۇپ قىلغان مەسلىھەتلىرىمۇ كار قىلمايتتى.

1869 - يىل 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى، پيېرس يەنە قاتتىق مەست بولدى. ئۇ يېرىم كېچىدە ئىسپىرتتىن زەھەرلىنىپ ئەس - ھوشىنى يوقاتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە كانكاردىدىكى تۇرالغۇسىدا ۋاپات بولدى.

ئۇ شۇ يىلى ئاتمىش تۆت ياشتا ئىدى!

## ئون بەشىنچى باب

# ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە كىتاب يېزىپ ئۆزىنى ئاقلىغان

## —— ئون بەشىنچى زۇڭتۇڭ جامېس بۇخانان



جامېس بۇخانان 1791 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى پېنسىلۋانىيە شتاتىغا قاراشلىق موسېرسبول كەنتىدە كەمبەغەل ئائىلىدە تۇغۇلغان. بوۋىسى شوتلاندىيىلىك، دادىسى دۇكاندا ئىمكار بولغان، بۇخانان كىچىككىدىن ئەقىللىق، ئوۋ ئوۋلاشقا خۇشتار بولۇپ، مەرگەن دەپ نام چىقارغان؛

1809 ـ يىلى پېنسىلۋانىيە شتاتىدىكى دىككىنسون ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن؛

1812 ـ يىلى خوپكىنىس ئادۋوكاتلار ئىش بېجىرىش ئورنىنى پۈتتۈرۈپ يۇرتىدا ۋەۋسىكا ئېسىپ تىجارەت باشلىغان؛

1814 ـ يىلى پېنسىلۋانىيە شتاتلىق پارلامېنتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان؛

1821 ـ يىلىدىن 1831 ـ يىلىغىچە ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى بولغان ھەمدە ئەينى چاغدىكى زۇڭتۇڭ جېكسوننىڭ چوقۇنغۇچىسىغا ئايلانغان؛

1832 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ روسىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى بولغان، ئەلچى بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە جېكسوننىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى پائال ئىجرا قىلىپ، روسىيە بىلەن تۈنجى قېتىم «ئامېرىكا ـ روسىيە سودا ئەھدىنامىسى» نى تۈزگەن؛

1834 ـ يىلى دۆلەتكە قايتىپ پارلامېنت كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان، كېڭەش پالاتاسى دىپلوماتىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن؛

1844 ـ يىلى زۇڭتۇڭ سايلىمى رىقابىتىدە دېموكراتلار پارتىيىسى تەرىپىدىن كۆرسىتىلمىگەنلىكى سەۋەبلىك تۇنجى قېتىم زۇڭتۇڭ سايلام رىقابىتىدە مەغلۇپ بولغان؛

1845 ـ يىلى دۆلەت ئىشلىرى كاتىپلىقىغا تەيىنلەنگەن؛

1848 ـ يىلى زۇڭتۇڭ سايلام رىقابىتىدە يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ بولۇپ، پېنسىلۋانىيە شتاتىدىكى يۇرتىغا قايتىپ پىنھان ياشىغان؛

1852 ـ يىلى زۇڭتۇڭ سايلام رىقابىتىدە ئۈچىنچى قېتىم مەغلۇپ بولغان؛

1853 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ ئەنگلىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىلىكىگە تەيىنلەنگەن؛

1856 ـ يىلى دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن زۇڭتۇڭ نامزاتى بولغان ھەم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، ئىككىنچى يىلى ئاقسارايغا كىرىپ، ئون بەشىنچى زۇڭتۇڭ بولغان؛

1860 ـ يىلى ئۇدا ۋەزىپە ئۆتەش چوڭ سايلىمىدىن ئۆزلۈكىدىن چېكىنىپ چىقىپ، ياندۇرقى يىلى يۇرتىغا قايتىپ كەتكەن؛

1869 ـ يىلى يۇرتىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

## ۋەتلان بازىرىدىكى ئىخلاسى قايتقان كىشى

ئاتمىش توققۇز ياشلىق بۇخانان قايتىپ كەلدى!

بۇخانانىنىڭ شالاڭ، ئاپئاق چاچلىرى تاقىر چېكىسىدە رەتسىز يېپىلىپ ياتاتتى. ئەمەلدارلىق سورۇنىدا تالاي بوران ـ چاپقۇننى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بۇخانان ئايرىلىپ كەتكىنىگە ئۇزۇن بولغان يۇرتى — پېنسىلۋانىيە شتاتى لانكاستېرنىڭ غەر-

بىي جەنۇبىغا جايلاشقان ۋىتلان بازىرىغا ئاخىر قايتىپ كەلدى.
قەدىمىي بازار ئۆزگەرمىگەن، بۇرۇنقىدەك ھالەتتە تۇراتتى. بۇخانانىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولغان بازاردا دۇكانلار رەتسىز سېلىنغان بولۇپ، كوچىلاردا ئادەملەر شالاڭ ئىدى. ئۇ ئون سەككىز ياش چېغىدا ئادۋوكات بولغان چېغىدىكىگە ئوخشاش ھېچبىر ئۆزگەرمىگەن پاكار ئۆيلەر ئۇنى بىسەرەمجان قىلىپ قويدى. بۇخانان كىچىك چېغىدا، دادىسىمۇ شۇ كوچىدىكى بىر دۇكاندا ياللىنىپ ئىشلەيتتى، دادىسى قازا قىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ مۇشۇ كوچىدا، ئىشىكى كوچىغا قارايدىغان دۇكاندىن بىرنى تېپىپ «بۇخانان ئادۋوكاتلار ئىش بېجىرىش ئورنى» دېگەن خەتلەر يېزىلغان ۋىۋىسكىنى ئاسقانىدى. ئۇنىڭ ئادۋوكاتلىق كەسپىنىڭ ناھايىتى روناق تاپقانلىقى ھېلىمۇ ئۇنىڭ يادىدا ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ناتىقلىقى، قانۇن ماددىلىرىنى پىششىق بىلىدىغانلىقى بىلەن ناھايىتى تېزلا ۋىتلان بازىرىدىكى پۇقرالارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. نەچچە ئون يىلنىڭ ئالدىدىكى كېلىشكەن ياش — بۇخانان سىياسىي سەھنىگە نامى چىقمىغان مۇشۇ بازاردىن قەدەم قويغانىدى. ئۇنىڭ ھېلىمۇ يادىدا، ئۇ يىگىرمە ياشقا كىرگەن يىلى ۋىتلاندىن لانكاستېر شەھىرىگە بېرىپ، پېنسىلۋانىيە شتاتى بويىچە ئەڭ ياش پارلامېنت ئەزاسى بولغانىدى.
مانا ئەمدى قىرىق نەچچە يىللىق مىسلىسىز ئۆزگىرىشلەر ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كەتتى. ئامېرىكىنىڭ ئون بەشىنچى زۇڭتۇڭى بولغان بۇخانان تۆت يىللىق ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىنى شەرەپ بىلەن تاماملاپ، خۇددى ئالدىنقىلارغا ئوخشاش ئۇلۇغۋار ئىشلىرىنىڭ يۇقىرى پەللىسىدىن تۇيۇقسىز موللاق ئېتىپ پۇقرا-لار ئارىسىغا قايتىپ كەلدى.
— مەن سىياسىي مۇنبەردە ئىجتىھات بىلەن قىرىق يىلدىن ئارتۇق ئىشلىدىم. مەن ئامېرىكا زۇڭتۇڭلىرىنىڭ ئىچىدىكى يې-شى ئەڭ چوڭ زۇڭتۇڭ. ئاتمىش ياشتىن ئاشقاندا تەلىيىم ئوڭ-

دىن كېلىپ زۇڭتۇڭ بولدۇم، ئۇنىڭدىن بۇرۇن مۇشۇ ئورۇن ئۈچۈن نەچچە ئون يىل كۇرەش قىلدىم، ئۈچ قېتىملىق چوڭ سايلامدا مەغلۇپ بولۇپ ئاندىن ئاقسارايدىكى ئېللىپىس شەكىل-لىك ئىشخانىغا كىرەلىدىم. لېكىن بەزىلەر مېنىڭ ئۇدا زۇڭتۇڭ بولۇشۇمنى ئىلتىماس قىلىۋاتىدۇ، مەن سىزگە دەپ قوياي، ئۇدا ۋەزىپە ئۆتەش ئۈچۈن ھەرقانداق ئادەمنىڭ مېنى كۆرسىتىشىنى رەت قىلىمەن! — ئۇ ۋەزىپە ئۆتىگەن ئۈچىنچى يىلى، 1860 - يىل ئەتىياز كۇنلىرىنىڭ بىر ئاخشىمى ئۇ ئۆزى بىلەن ياخشى ھەمكارلاشقان مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ برېككېنرىج بىلەن مەخپىي ئۇچ-راشتى. جىمجىتلىق ھۆكۈم سۇرگەن ئاقسارايىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە ياشانغان زۇڭتۇڭ تۇنجى قېتىم باشقىلارغا قەلبىنى ئىزھار قىلدى.

زۇڭتۇڭنىڭ سۆزلىرىنى توغرا تاپمىغان برېككېنرىج:

— ياق، يەنە ئىشلەش خىيالىڭىز بولسا، مەن ئىشىنىمەن-كى، دېموكراتلار پارتىيىسى سىزنى يەنە زۇڭتۇڭ نامزاتلىقىغا كۆرسىتىدۇ. چۇنكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن چېغىڭىزدا يولغا قويغان سىياسەتلىرىڭىزگە قارىتا پارتىيە ئىچىدە بىزار بولۇش خاھىشلىرى يوق! — دېدى.

— ياق، ياق، نېمىلا دېگەنىبىلەن ئۇدا ۋەزىپە ئۆتىمەي-مەن! — ئويلىمىغان يەردىن سىياسىي مۇنبەردىكى يۇقىرى ئو-رۇننى كۆزلەپ بىر ئۆمۈر بەدەل تۆلەشتىن ئايانمىغان بۇخانان كۆڭلى سوۋۇپ كەتكەن ئادەمدەك جاھىللىق بىلەن بېشىنى چايقىدى. مادارى قۇرۇغان بۇخانانىنىڭ ئاقسارايدا داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتەشتىن خۇشى كەتكەنىدى. بۇخانان 1857 - يىل 3 - ئايدا ئاقسارايغا كىردى، ئاتمىش ياشقا كىرگەن بۇخانان قەلبىگە ئۇ-لۇغۋار ئىستەكلەرنى پۈكۈپ ھاكىمىيەت سوراشقا ئاتلانغانىدى. چۇنكى ئۇ ئۆزىنىڭ مۆتىدىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ۋاستىسىنى ناھايىتى ياخشى قوللىنالىسا، ئامېرىكىنى تالاش - تارتىشتىن

خالىي دۆلەتكە تامامەن ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ دەپ قارايتتى. بۇخانانمۇ قانۇن ئۆگەنگەن، پارلامېنتتا ئۇزۇن يىل پارلامېنت ئەزاسى بولغان ئەرباب ئىدى. ئامېرىكىدا يېقىندىن بۇيان يۈز بېرىۋاتقان جەنۇب - شىمال ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن تالاش - تارتىشلارنى تولا كۆرگەن بۇخانان پېشقەدەم سىياسەتچى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇنداق تالاش - تارتىشلارنى ماسلاشتۇرۇشنىڭ قىيىنغا توختىمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ئۆزى ھوقۇق تۇتقان مەزگىلدە ئىچكى جەھەتتە ھېچپاققا يان باسمايدىغان سىياسەتنى قوللانسا، جەنۇب ۋە شىمال ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى شەكىللەنگەن ئىختىلاپنى ماسلاشتۇرغىلى، يۈز بېرىش ئېھ-تىمالى بولغان توقۇنۇشلارنى قانۇنىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئادىل بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ دەپ قارايتتى، شۇنداق قىلالىسا ئۇ يېڭى بىر دۆلەت ئىستىلىنى ياراتقان بولاتتى!

ۋەزىپىگە ئولتۇرغان تەنتەنىلىك مىنۇتلاردا ئاقسارايىنىڭ جە-نۇبىدىكى چىملىقتا گۈلدۈرلەپ ئېتىلىۋاتقان ھۆرمەت توپلىرىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىپ تۇرغان بۇخانانىنىڭ كۆڭلى نېمىشقىمۇ مەمنۇنىيەتكە تولمىسۇن؟ ئۇ شۇ چاغدا ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش نۇت-قىنى ئۆزىگە مەسئۇل بولغان ھالدا مۇنداق باشلىدى:

— ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەرلىك خاراك-تېرنى ئالغان تەڭپۇڭلۇق بولسىلا، دۆلەت ئىچىدىكى كرىزىسنى تۈگەتكىلى، قانۇنىي يول بىلەن كىشىلەرنى قايىل قىلغىلى بولى-دۇ! — دېدى.

ناھايىتى ئەپسۇسكى، گەرچە بۇخانان قىرىق يىلنى ئەمەلدار-لىق سورۇنىدا ئۆتكۈزگەن، تەجرىبىلىك بولسىمۇ، لېكىن مەم-لىكەتنىڭ سىياسىي چوڭ ھوقۇقىنى تولۇق تۇتالمىدى. ئۇ ۋەزى-پىگە ئولتۇرۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆزىدىن ئىلگىرى ۋەزىپە ئۆتىگەن زۇڭتۇڭلارغا ئوخشاش كەسكىنلىشىپ كېتىۋاتقان جەنۇب - شىمال ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ئالدىدا ئىلاجسىز قالدى.

«بۇ ئىش بەك بېشىمنى ئاغرىتىۋەتتى، ئىلگىرىكى زوڭتۇڭ-
لارنىڭ نېمىشقا ئاقسارايدا مەزمۇت ئولتۇرالمىغانلىقىنى مانا ئەم-
دى ھەقىقىي تونۇپ يەتتىم! ئەسلىدە جەنۇب - شىمال ئوتتۇرد-
سىدىكى چىگىش مەسىلە زوڭتۇڭلارنى قىينايدىغان ئىبلىس ئى-
كەن ئەمەسمۇ!» بۇخانان تەختكە چىقىپ كۆپ ئۆتمەي مۇئاۋىن
زوڭتۇڭ برېككىنرىجقا مۇشۇنداق دەرد تۆككەنىدى.

ھىيلىگەر ۋە پىشقان بۇخانان تەختكە چىقىپلا، باشتا ئۆزىگە
ناھايىتى ئەرزىمەس تۇيۇلغان توقۇنۇش تۇپەيلىدىن قىيىن ئەھۋال-
دا قالدى. ئۇ كىچىككىنە ئۇچقۇندىن تاقابىل تۇرماق قىيىن
بولغان يالقۇن ھاسىل بولىدىغانلىقىنى پەقەت ئويلىمىغانىدى.

شۇ چاغدا ئالىي سوت بىر دېلونى قاراپ چىقىۋاتاتتى، بۇ
كېيىن بۇخاناننى ئاۋارە قىلغان ھەم جەنۇب - شىمال توقۇنۇشىغا
پىلتە بولغان «سكوت ئەنزىسى» ئىدى. سكوت نېگىر قۇل ئىدى،
ئۇ تۇرلۇك ھوقۇقا ئىگە بولغان پۇقرا بولۇش ئۈمىدىدە ئەركىن
شتاتقا بىراقلا بېرىۋالغانىدى. بۇ ئىش دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ
قارشىلىقىنى قوزغىدى. ۋاشىنگتون ئالىي سوتىنىڭ باش سودى-
يىسى روجېر تانى «سكوت دېلوسى»نى قاراپ چىقىۋاتقان چاغدا،
زوڭتۇڭ بولغان بۇخانان بۇ دېلونى سۇرۇشتە قىلمىدى ھەم ئىچ-
كى ئەھۋالدىنمۇ خەۋەر تاپمىدى. بىراق مەزكۇر دېلو ئېلان
قىلىنىپ، سكوت ئىسىملىك نېگىر قۇلنىڭ ئەركىن رايوندىن
دەرھال چىقىپ كېتىپ، مەڭگۈ قۇل بولۇشى توغرۇلۇق ھۆكۈم
چىقىرىلغاندا، ناھايىتى چوڭ بەس - مۇنازىرە قوزغالدى.

بۇ ھۆكۈمگە شىماللىقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قارشى
چىقتى. ئۇلار ۋاشىنگتوننىڭ سكوت دېلوسىغا مۇشۇنداق ھۆكۈم
چىقىرىشتىكى مەقسىتى: «قۇلدارلىق تۈزۈمىنى يەنىمۇ كېڭەيت-
كەنلىك ھەم جەنۇبتىكى قۇلدارلارغا يەل بەرگەنلىك» دەپ قارد-
دى. شىماللىقلارنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان» دېموك-
راتلار پارتىيىسى تەنتەنىلىك بايانات ئېلان قىلىپ، ھاكىمىيەت

يۇرگۈزۈۋاتقان بۇخانان ھۆكۈمىتىدىن ئالىي سوتنىڭ «سكوت دېلوسى» ئۈستىدىن چىقارغان ھۆكۈمىنى دەرھال ئۆزگەر-تىشنى تەلەپ قىلدى.

شىماللىقلارنىڭ مەيداندا تۇرۇپ ئالىي سوتقا «سكوت دېلو-سى» ئۈستىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈمنى ئۆزگەرتىش تەلىپى قو-يۇش بۇخانانغا ناھايىتى تەس كەلدى، ناۋادا شۇنداق قىلسا، شى-ماللىقلارنىڭ غەزەپلىك كەيپىياتىنى تىنچىتقان بىلەن جەنۇبلۇق-لارنىڭ قەھر - غەزىپىنى قوزغاپ قوياتتى.

بۇخانان ئۆزىنىڭ ئەمدىلا تەختكە چىقىپ تۇرۇشىغىلا ئۆزىنى چەتكە ئالالمايدىغان بۇنداق چىگىش ئىشقا چېتىلىپ قالىدىغانلىقى-نى پەقەتلا ئويلىمىغانىدى. ئۇ يا ئالدىغا، يا كەينىگە ماڭالمايدى-غان قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. بۇخانان كېيىن ئالىي سوتنىڭ ھۆكۈمىنى ھىمايە قىلىدىغان مەيداندا تۇرۇپ ئۆشتۆم-تۇت پەيدا بولغان جېدەل - ماجىراغا تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلان-دى. يىراقنى كۆزلەيدىغان بۇخانانغا شۇ نەرسە ئايان ئىدىكى، يېڭىلا تەختكە چىقىپ شىماللىقلارنىڭ جېدىلىگە مۇرەسسە قىلىش مەيداندا تۇرسا ئۇزۇنغا سوزۇلغان تۇت يىللىق ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىنى قانداق ساقلاپ قالالىسۇن؟

ئېگىر قۇل سكوت ئۆلگەندىن كېيىن «ئەركىن پۇقرا» دەپ ئېتىراپ قىلىنمىدى، سوت ئۇنى قۇلدارنىڭ شەخسىي مۈلكى، ئەرز قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ، دەپ ھۆكۈم چىقاردى. بۇ ھۆكۈم بۇخانانىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى، شۇنىڭدىن باشلاپ تۆت يىل داۋاملاشقان ئىچكى نىزانىڭ پەردىسى ئېچىلدى.

بۇخانان ۋىتلاندا تۇرۇپ ئۇدا زۇڭتۇڭ بولۇش ئىشتىياقىدىن نائىلاج كېچىپ، تۇزۇكرەك ئولتۇرالمىغان زۇڭتۇڭلۇق ئورۇن-دۇقنى كېلەر نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ لىنكولنغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن دەقىقىلەرنى ئويلاپ تولىمۇ ئازابلاندى.

«ھەي، يەنىلا ۋىتلانغا قايتىپ كەلگىنىم ياخشى بوپتۇ!

چۈنكى مەن بۇ يەرگە قايتىپ كېلىپ كىرىزىستىن ھەقىقىي قۇتۇل-دۇم، بولمىسا ئاشۇ شىماللىقلار مېنى ئاقسارايدا سارالڭ قىلىۋەت-كەن بولار ئىدى! » ياشانغان بۇخانان 1861 - يىل 3 - ئايدا ئىللىق كۈن نۇرلىرىغا چۆمۈلگەن ۋىتلاندىكى دەريا بويىغا تۇتاش-قان شېغىللىق يولدا دەلدەڭلەپ كېتىۋېتىپ ئۆز - ئۆزىگە تەسەل-لى بەردى.

## ئېقىنغا قاراپ: «ھەقىقەت نەدە!» دەپ ئىلتىجا قىلدى

«ھەي، نېمە ئامال؟ ئۇرۇش ئاخىر پارتىلىدى» دېدى ئۆزى ئۆزىگە بۇخانان ئېقىن بويىدا يالغۇز كېتىۋېتىپ. ئۇنىڭغا مىلتىق ۋە زەمبىرەكلەردىن ئېتىلغان ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلانمايتتى. چۈن-كى جەڭگاھ بۇخانان تۇرۇۋاتقان ۋىتلاندىن تولىمۇ يىراقتا ئىدى. ئۇ ھەر ۋاقىت جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ ھامان بىر كۈنى كېلىپ، پېنسىلۋانىيىگە يېقىنلاپ كېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى، لېكىن ئەمەلىيەتتە بۇخانانىڭ ئەندىشىلىرى ئو-رۇنسىز ئىدى.

«مەن ئاقساراي بىلەن ھەسرەت ئىچىدە خوشلاشتىم. كەلگۈ-سىدىكى يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىدا ئۇرۇشنى قوبۇل قىلىشتىن باشقا يول يوق. » 1861 - يىلى ھېلىقى قاتتىق سوغۇق بىلەن باشلانغان ئەتىياز پەسلى ئۇنىڭ يادىدا ئىدى، ئۇ ئۇنىڭ سىياسىي ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئالدىدا تۇرغان چاغ ئىدى. ئۇ بىر قېتىم ئاقسارايدا مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، سى-ياسەتچىلەرگە خاس سەزگۈرلۈك بىلەن ئۆزى ئاقسارايدىن ئايرىل-غاندىن كېيىن يېڭى ھۆكۈمەت دۇچ كېلىدىغان خەتەرلىك ئەھۋال-لارنى ئالدىن ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاقسارايدىكى ھاياتىنى بالدۇرراق ئاخىرلاشتۇرغانلىقى ئۈچۈن ئېچىنمىدى. ۋە-

زىپىسگە ۋارىسلىق قىلغۇچى كىشى يولۇقمىدىغان ئۇرۇش ئۇچۇن خۇشال بولمىدى. شۇ چاغدا سىياسىي مۇنبەردىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغان بۇخانان كەلگۈسىدىكى قورقۇنچلۇق ئۇرۇشنى ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن تەسۋىرلەپ مۇنداق دېدى: «ناۋادا ئۇرۇشتىن ھەقىقەتەن ساقلانغىلى بولمىسا، شىماللىقلار ھۆكۈمەتنى بىر ئادىمى قالغۇچە قوللايدۇ، بۇ يولدا ئۇلار ھەرقانداق خەۋپ - خەتەردىن قورقمايدۇ!...»

بۇخانان ۋىتلان بازىرىغا قايتىپ دادىسىدىن قالغان ياغاچ بىناغا ئورۇنلىشىپ ئۈچىنچى كۈنى — 1861 - يىل 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئىچكى ئۇرۇش پارتلىدى!

بۇخانان ۋىتلاندىكى بىناسىدا ئۆزۈندىن بۇيان پىلانلانغان جەنۇب - شىمال ئۇرۇشىنىڭ سۇمتېر زەمبىرەك سۇپىسىدا مۇقەددىمىسى باشلانغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ تاماق ئۇستىلىگە مەيدىسىنى يېقىپ ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

ئاق كۆڭۈل بۇخانان بوۋاينىڭ قەلبى تەسۋىرلىگۈسىز دەرد - جىدە ھەسرەتكە تولغانىدى. ئۇ پارتلاش ئالدىدا تۇرغان جەنۇب - شىمال ئۇرۇشىدىن داجىپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى قىلچىلىكمۇ بەختلىك ھېس قىلمىدى. بۇخانان زۇڭتۇڭ بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن ۋەزىپىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ زۇڭتۇڭ بولغىنىغا نەچچە كۈنلا بولغان لىنكولىنىڭ مۇشۇنداق مۇشكۈل ئەھۋالغا قالغانلىقىنى ئويلىغىنىدا ئۇنى سۇر بېسىپ كېتەتتى.

ئۇرۇش باشلانغاندىن بېرى ئۇ بىرەر كۈنمۇ خاتىرجەم ئۇخلاپ باقمىدى. «ئەمىلى يوقنىڭ غېمى يوق» دېگەن گەپ ئۇرۇش پارتلاش ئالدىدا تەختتىن چۈشكەن بۇخانانغا تـوغرا كەلمىدى، ئۇ ئۆز - ئۆزىگە كايىيتتى.

بۇخانان قاتتىق قوغدىلىدىغان، مۇھاپىزەتچىلىرى كۆپ، كۆركەم ئاقسارايدىن بىردىنلا ۋىتلاندىكى كونا تۇرالغۇسىغا قايتىپ كېلىپ يېتىمسىرەپ قالدى. بۇ ياغاچ بىنانى بۇرۇن دادىسى

ھايات ۋاقتىدا سالدۇرغانىدى. بۇخانان ھوقۇق تۇتقان مەزگىلدە بەزىلەر ئۇنى «ياغاچ بىنا زۇڭتۇڭى» دەپ ئاتىغانىدى. ئۇ كىشى-لەرنىڭ تايلورنى بىرىنچى نومۇرلۇق «ياغاچ بىنا زۇڭتۇڭى» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى بىلەتتى.

بۇخاناندىن ئاۋۋال ئۆتكەن زۇڭتۇڭلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇ-نىڭدەك غېرىبلىق ۋە ئىچ پۇشۇقى تارتمىغانىدى. بۇ ھال بۇخانانغا ناھايىتى ئېغىر كەلدى. ئۇلار گەرچە سىياسىي ساھەدىكى ھەقەم-سايىلىرىدىن ئايرىلغان تەقدىردىمۇ، خوتۇن ـ بالىلىرى تەختتىن چۈشكەن بۇ سىياسەتچىلەرگە جەننەت ھۇزۇرى ئاتا قىلغانىدى. بۇنداق ھـۇزۇر ـ ھالاۋەتـتـىن بەھـرىمەن بـولـۇش بۇخانانغا نېسىپ بولمىدى!

ئۇ ئۆيلەنمىگەن بولغاچقا، پەرزەنتلىرى يوق ئىدى. بۇخانان ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە غېرىبچىلىق تارتقان چاغلاردا كۆ-ڭۈلسىز ئۆتمۈشنى ئەسلىمەي تۇرالمايتتى. ئۇ بەزىدە غۇۋا چىراغ يورۇقىدا نەپىس ئەينەك رامكىغا ئېلىنغان چىرايلىق بىر قىزنىڭ سارغايغان سۈرىتىگە قاراپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. سۈرەتتىكى بۇ سېرىق چاچلىق قىزنىڭ ئىسمى — كورمان ئات ئىدى. بۇخانان 1819 ـ يىلى يۇرتى — ۋىتلاندىن ئون نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان شەھەر لانكاستېردا پېنسىلۋانىيە شتاتلىق پارلامېنتنىڭ ئەزاسى بولغان چاغدا، بۇ چىرايلىق ۋە مۇلايىم قىز بىلەن ئادەتتىكى بىر قېتىملىق تانسىدا تاسادىپىي تونۇشۇپ قالغانىدى.

ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن تولىمۇ كېچىكىپ تونۇشقانلىقىدىن ئەپسۇسلانغانىدى. مۇھەببەت تورىغا چىرمىلىپ قالغان بۇخانان ئۆزىنىڭ رىئاللىقتا ئايلىنىش مۇمكىنچىلىكى بول-مىغان مۇھەببەت ساھىلىغا قەدەم قويغانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغا-نىدى. تۆۋەن قاتلامدىن كېلىپ چىققان بۇ ئاددىي ئادۋوكات كورمان خېنىمـىـنىڭ چـىراي جەھەتـتـىلا يېگانە بولۇپلا قالماي، بەلكى يەرلىك بىر دۆلەتمەن ئائىلىنىڭ ئەتىۋارلىق خېنىمى ئى-

كەنلىكىنى بىلمەيتتى. بوخانان كورمان خېنىمنىڭ ئالاھىدە ئائىلە ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان چاغدا، ئاشقلىق كوچىسىدىن ئۆزىنى تارتالمايدىغان ھالغا چوشوپ قالغانىدى.

بوخانان ئۆزىنىڭ تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى بىلەتتى. لېكىن گۆزەل كورمان خېنىم ئۇنىڭدىن باشقا بىرىگە تەگمەيدىغانلىقى توغرىسىدا قەسەم ئىچىپ، بوخاناننى ئەركەكلەرگە خاس شىجائەت بىلەن يۈرەكلىك ھالدا ئائىلىسىگە بېرىپ، ئۆزىگە توي قىلىش تەكلىپى قويۇشقا رىغبەتلەندۈردى. ئىش دەرۋەقە بوخاناننىڭ ئويلىغىنىدەك چىقتى، كورمان خېنىمنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بوخاناننى قەتئىي رەت قىلدى. دۆلەتمەن ئەر ـ خوتۇن بوخاناننى رەھىمسىزلەرچە رەت قىلغىنى بىلەن قىزىنىڭ قەلبىنى چىرمىۋالغان مۇھەببەت رىشتىنى ئۈزۈۋېتىشكە ئامالسىز ئىدى. ئارىدىن يېرىم ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ھەشەمەتلىك قەسىردە قاتتىق ئازاب تارتىۋاتقان كورمان خېنىم ئىشق ئوتىدا سەدپارە بولغان ئاشىقىنىڭ لانكاستېردىن جاھان كەزگىلى پېنسىلۋانىيىگە يالغۇز كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، يۈرىكىگە ئۇششۇك چۈشتى. پىراق ئوتىدا ئەقلىدىن ئاداشقان كورمان خېنىم چەكسىز ئۈمىدسىزلىك ئىلكىدە زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋېلىش يولىنى تاللىدى. بوخانان پېنسىلۋانىيىدىن ئالدىراش قايتىپ كېلىپ كۆرگىنى — سوۋۇپ قېتىپ كەتكەن جەسەت بولدى!

مەشۇقىنىڭ ئۆلۈمىدىن ئۇنىڭ يۈرەك ـ باغرى ئېزىلىپ كەتتى. ئۇ كورمان خېنىمنىڭ قەبرىسى ئالدىدا شۇنداق قەسەم بەردى: «سىزدەك بىر ناتىۋان قىز سىزدىن باشقا بىرىگە تەگمەيمەن دېگەن يەردە، مەن نېمىشقا سىزدىن باشقا بىرىنى ئالغۇدەكمەن؟»

شۇڭا بوخانان ئۆمرىدە ئايال زاتىغا يېقىن يولىمىدى. كېيىن ئامتى ئوڭدىن كېلىپ مەنسەپ تۇتقان چاغلاردا نازىنىن قىزلار ھەمىشە ئۇنىڭ ئەتراپىدىن ئايلىنىپ كېتەلمەي قالاتتى، بوخانان

مۇشۇنداق چاغلاردا مۇزدەك يەر قوينىدا ياتقان مەشۇقى — كورمان خېنىمنى ئۇنتۇپ كېتىشكە ئامالسىز ئىدى!

بۇخانان سەھرادە تۇرغان مەزگىلىدە ھەدېسىلا ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى، چۈنكى ئۇ ئاقسارايدا تۆت يىل ھوقۇق تۇتۇپ يېڭى ۋەزىپىگە ئولتۇرغان چاغدا ئويلىغان خاتىرجەم ۋەزىيەت يارىتىش مەقسىتىگە يەتمەكتە يوق، ئورنىغا ئولتۇرغان لىنكولنغا ئېغىر بوپىنى — ئۇرۇش خەۋپىنى قالدۇرۇپ كەتتى.

بۇخانان بوران ئۇچۇپ تۇرىدىغان زېرىكىشلىك ياغاچ بىنادا چەكسىز دەرد - ئەلەمگە چۆمەتتى. جەنۇب - شىمال ئۇرۇشى ناھايىتى كەسكىنلىشىپ كەتكەن كۈنلەردە ئۇنىڭ ئۇيقۇسىمۇ ئۇيقۇ بولمىدى. بۇخانان كېچىلىرى چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتەتتى، قاراڭغۇدا نۇرسىز كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ تامچىلاپ ئېقىۋاتقان قىپقىزىل قانلارنى كۆرگەندەك بولاتتى! قاندىن ھاسىل بولغان كۆلچەكلەردە جەسەتلەر قالايمىقان يېتىپ كەتكەن، بەزى نېگىر قۇللار لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتتا كۆيۈپ كوسەيگە ئايلانغان، سۇنغان قىلىچ ۋە مىلتىقلار بىلەن كۆيگەن جەڭ ئەلەملىرى قوشۇلۇپ قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈش ھاسىل قىلغانىدى. بۇخانان يۈرىكىنى جىغىلدىتىدىغان بۇ مەنزىرىلەرنى كۆرۈشنى ئەسلا خالىمايتتى.

«ھەي، ھوقۇق تۇتقان چېغىمدا جەنۇب - شىمال ئوتتۇردىسىدىكى ئۇزۇن يىللىق كىرىزىسنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلغان بولسام، مۇشۇ پاجىئە يۈز بەرگەن بولارمىدى؟» جەنۇب - شىمال ئۇرۇشى ئەۋجىگە چىقىپ، ئۇرۇشنىڭ قورقۇنچلۇق خەۋىرى ئۇزۇلمەي ئۇنىڭ ۋىتلاندىكى ياغاچ بىناسىغا يەتكەندە، تالاي قېتىم مۇشۇنداق دەپ ئۆزىدىن قاتتىق نەپرەتلەنگەنىدى.

ئۇرۇش توپتوغرا بىر يىل داۋام قىلدى.

كۈمۈش چاچلىق بۇخانانغا بىر كۈن بىر يىلدەك بىلىنەتتى. ئۇ گەرچە ياغاچ بىناسىدىن چىقمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئۇرۇش

خەۋەرلىرىنى توختىماي يەتكۈزۈپ تۇرىدىغانلار بار ئىدى. جەنۇب-
لۇق قۇلدارلار قوزغىغان بۇ ئۇرۇش باشتىلا كىشىلەرنىڭ كۆڭلى-
گە ياقمىغانىدى، بىراق ھازىرقى زۇڭتۇڭ لىنكولىن باش قوما-
دانلىقىدىكى شىمال ئارمىيىسى قوشۇنلىرى سەرخىل، ئۇرۇش
تەجرىبىسى مول جەنۇب ئارمىيىسىگە تەڭ كېلەلمەي نەچچە قې-
تىملىق جەڭدە ئۇدا يېڭىلىپ، ناھايىتى تېزلا پاسسىپ ئەھۋالغا
چۈشۈپ قالدى. شىمال ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇشقانسېرى يېڭىلىشى
ۋىتلاندىكى بۇخانانىنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئۆرتىۋەتتى.

«بۇ ئۇرۇشنى شىماللىقلارغا كىم تاڭدى؟ بالايىئاپەتنىڭ
يىلتىزى بۇخانان!»

«بۇخانان ئۇرۇشنىڭ باش جىنايەتچىسى!»

«ئۇ ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئوتىنى ئۇلغايتىۋېتىپ، ئېغىر بوي-
نى لىنكولنغا تاشلاپ بېرىپ ئۆزى ئالدىراش تەختتىن چۈشۈپ
كەتتى!...»

شىمال ئارمىيىسىنىڭ كەينى - كەينىدىن مەغلۇپ بولغانلىق
خەۋىرى شىمال ئارمىيىسىنى چىن كۆڭلىدىن قوللايدىغان بۇخا-
نانىنىڭ جاراھەتلەنگەن يۈرىكىگە خۇددى زەھەرلىك يىڭنە بولۇپ
سانجىلغانىدى.

ۋاشىنگتون ۋە شىمالدىكى شتاتلاردا چىقىدىغان گېزىتلەردە
ئۇرۇش سەۋەبى ۋە ئۇرۇشنىڭ باش جىنايەتچىسىنى سۈرۈشتە
قىلىپ يېزىلغان ماقالىلەر بېسىلىشقا باشلىدى. ئامېرىكا تارىخىدا
بۇنداق قانلىق ئۇرۇش ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغاچقا، ئۇرۇشنى
كەلتۈرۈپ چىقارغان مەسئۇلىيەتنى ھېچكىم تەن ئېلىشنى خال-
مايتتى. ئۇرۇشنى جەنۇبلۇق قۇلدارلار قوزغىغانىدى، ئۇرۇش-
نىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلگەن چاغدا ئۇلار ئۆزلىرى-
گە سۇ يۇقتۇرمىدى؛ ئۇرۇشنى پىلانلاش ۋە ئۇنى قوزغاش مەسئۇ-
لىيىتىنى شىمال ئارمىيىسى ئۈستىگە قەتئىي ئالمىدى، ئۇلار
مەسئۇلىيەتنى جەنۇبقا ئارتتى. تەختكە چىقىپ نەچچە كۈن

بولار ـ بولمايلا ئۇرۇشنى كۈتۈۋالغان زۇڭتۇڭ لىنكولن ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمىتى بۇ جاۋابكارلىقنى تېخىمۇ ئۇستىگە ئالمايدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنداق قىلىپ بىر تۈركۈم ئەدىبلەر قوللىرىغا قەلەم ئېلىشىپ پېنسىلۋانىيە شتاتى ۋىتلاندىكى ياغاچ بىنادا پىنھان ياشاۋاتقان سابىق زۇڭتۇڭ بۇخانانغا گېزىت يۈزىدە لەنەت ۋە نەپرەت ياغدۇرۇشتى!

بۇخانان بىر كېچىدىلا قېرىپ كەتتى.

ئۇ ياشىنىپ قالدى، تۇرۇۋاتقان ياغاچ بىنا كونا ھەم ۋەيرانە ئىدى. شۇڭا بۇخانان يۇرتى — ۋىتلانغا قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي رېماتىزىم كېسىلى بولۇپ قالدى. پۇتلىرىنىڭ ئۇگىلىرى ئاغرىپ كەتسە ئاغرىق ئازابىغا چىدىيالماي قالاتتى، بەزىدە دەل-دەڭلەپ ماڭاتتى، ناۋادا قېرىلىق كېسىلى بۇخاناننى جىسمانىي جەھەتتىن قىيناۋاتىدۇ دېيىشكە توغرا كەلسە، ئۇنداقتا جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشى تۈپەيلى ئۇنىڭغا شىددەت بىلەن قىلىنىۋاتقان جامائەت پىكرى ھۇجۇمى بۇخانانغا تېخىمۇ زور روھىي ئازاب ئەكەلدى دېگەن تۈزۈك ئىدى. جىسمانىي جەھەتتىكى ئازابقا چىدىغىلى بولغان بىلەن روھىي ئازابقا چىداش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

بۇخانان ۋەزىپىسىدىن بوشانغاندىن كېيىنكى ھەسرەتلىك كۈنلەرنى ئەسلەپ بەزىدە ئۆز ـ ئۆزىدىن نەپرەتلىنىپ يالغۇز يىغلاپ كېتەتتى.

«ماڭا ئۇۋال بولدى! ماڭا ئۇۋال بولدى!…» بۇخانان ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىل ئىچىدە جەنۇب ـ شىمال ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي بۆلۈنۈش مەسىلىسىنى ھەل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆز ـ ئۆزىنى تالاي قېتىم ئەيىبلىگەنىدى. مانا ئەمدى شۇنچە كۆپ كىشىلەر ئۇنى ئەيىبلەۋاتاتتى، ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈۋاتاتتى، ھەتتا ھۇجۇم قىلىپ ھاقارەتلەۋاتاتتى، جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى ئۇنىڭغا ئارتىپ قويۇۋاتاتتى. بۇخا-

نان بۇنىڭغا چىداشلىق بېرەلمەيتتى. چۈنكى بۇخانان ھەم پۈتۈن
ئامېرىكىلىقلارغا مەلۇم ئىدىكى، قېلىن مۇز بىر كۈندىلا قاتقان
ئەمەس، جەنۇب ۋە شىمال ئارىسىدىكى غايەت زور ئىختىلاپ ۋە
زىددىيەت بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇن تايلور زۇڭتۇڭ بولۇپ
تۇرغان ۋاقىتتىن تارتىپلا مەۋجۇت ئىدى. چۈنكى قۇلدارلىق
تۈزۈمىنى بىكار قىلىش بىلەن قۇلدارلارنىڭ مەنپەئىتىنى ھىمايە
قىلىش كۈرىشىنى ھەتتا تېخىمۇ ئۇزاق ۋاقىتقا سۇرۇشكە بولىدۇ.
شۇنداق ئىكەن، جەنۇب - شىمال ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇندىن بۇيان
مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان زىددىيەت تۈپەيلى پارتلىغان ئۇرۇشنى
ھېچبىر سەۋەبسىزلا ئارانلا تۆت يىل ۋەزىپە ئۆتىگەن بۇخانانغا
ئارتىپ قويسا قانداق بولىدۇ؟

شۇڭا بۇخانان ئۆزىنىڭ ئۇۋالچىلىققا قالغانلىقىنى، ئۆزىگە
ئادالەتسىزلىك قىلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى!

پۇقرالارنىڭ قىلغان ھۇجۇمىغا بۇخانان پەرۋا قىلمىدى.
چۈنكى گېزىتلەرگە بېسىلغان ئەيىبلەش ماقالىلىرى ھامان بىر
تەرەپلىمىلىكتىن خالىي ئەمەس ئىدى، پۇقرالار ۋە ئۇرۇشتىن
يىرگەنگەن ئەدىبلەر ئۇرۇشنىڭ جاۋابكارلىقىنى بۇخانان رەھبەر-
لىكىدىكى سابىق ئىچكى كابىنىتقا ئارتىپ قويغان بولسىمۇ، بۇخا-
نان بۇنى توغرا چۈشىنەتتى. ئەمما ۋاشىنگتوندىكى پارلامېنتتىكى-
لەرنىڭ زەھەرخەندىلىك بىلەن قىلغان ھۇجۇمىنى، بولۇپمۇ پارلا-
مېنتتىكى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىگە تەۋە پارلامېنت ئەزالى-
رىنىڭ ھوقۇق تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان مەزكۇر پارتىيىسىنىڭ رەھبى-
رى لىنكولنغا كۆيۈنۈپ، تەختتىن چۈشكەن دېموكراتلار پارتىيى-
سىدىن بولغان سابىق زۇڭتۇڭ بۇخانانغا تەپ تارتماستىن رەھىم-
سىزلىك بىلەن قىلغان ھۇجۇمى ئۇنىڭغا تولىمۇ ئېغىر كەلدى.
ئۇلار مەقسەتلىك ھالدا ئۇرۇش جاۋابكارلىقىنى بۇخانانغا ئارتىپ
ئۇنى قۇربانلىق قوي قىلىشتىن سىرت، دېموكراتلار پارتىيىسىنى
سېسىتىۋەتمەكچى بولۇۋاتاتتى!

پارلامېنت تېغىدىكىلەرنىڭ ئەيىبلەشلىرى بۇخانانىنى تېخىمۇ ئازابلىدى:

«بۇخانان سېسىق نامى پۇركەتكەن ‹سكوت دېلوسى› نىڭ پەردە كەينىدىكى پىلانلىغۇچىسى!»

«‹سكوت دېلوسى› جەنۇب - شىمال ئۇرۇشىنىڭ پىلتىسى!»

«بۇخانان توپىلاڭنى قوللىدى، برووۋن ئىسيانىنىڭ پىلانلىغۇچىسى!»

«بۇخانان ئۇرۇشقا جاۋابكار بولۇشى كېرەك، ئۇ برووۋن توپىلىڭىغا قاتناشقان ئىچكى ئەھۋاللارنى تاپشۇرۇشى كېرەك!...»

بۇخانان بۇ جىنايى تۆھمەتلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خاپا بولدى، غەزەپلەندى، ھەسرەتلىنىپ يىغلىدى.

تۇرالغۇسىدا يالغۇز تۇرۇۋاتقان بۇخانان ھوقۇق تۇتقان مەزگىلىدىكى تۆھپىسى بىلەن خاتالىقى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلاندى. جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىدىكىلەرنىڭ پارلامېنت تېغىدىكى سەلتەنەتلىك مۇنبەردە ئۆزىگە قىلغان ھاقارەتلىك ھۇجۇمىنىڭ ئۆزى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى بۇخانان بىلەتتى. ۋاشىنگتوندىكى ئالىي سوت مىسسۇرى شتاتلىق نېگىر قۇل سكوتنىڭ دېلوسىنى قاراۋاتقان چاغدا، ئۇنىڭ ئاقسارايدىكى باشلىقلىق تەختىگە چىققىنىغا ئەمدى ئىككى كۈن بولغانىدى. سوتنىڭ سكوتنى سوت قىلىشىغا ئۇ ئارىلىشالمايتتى، بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرۈش پۇرسىتىمۇ يوق ئىدى، شۇڭا بۇخانانىنىڭ دىلى قاتتىق ئازار يېدى؛ كېيىنكى ئىشقا كەلسەك، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىدىن بولغان پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ ئاتالمىش «برووۋن توپىلىڭى ۋەقەسى» بىلەن ئۇنى ئەيىبلىشى تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرگەنلىك ئىدى. بۇخانانىنىڭ بۇ دېلو بىلەن قىلچە چېتىشلىقى يوق ئىدى.

«پەرۋەردىگار، ئاقنى قارا قىلىپ كۆرسىتىدىغان مۇشۇنداق ئىشلار نېمىشقا يۈز بېرىدىغاندۇر؟ گۇناھ ئارتاي دېسەڭ، باھانە تېپىلماسمۇ!» بۇخانان ئاغرىق پۇتلىرىنى سۆرەپ دەلدەڭلىگەن پېتى ئېقىن بويىغا قاراپ ماڭدى.

بۇخانان ئاتالمىش «بىروۋن توپىلىڭى ۋەقەسى»نى مەڭگۈ ئۇنتۇمايتتى. ئۇ 1859 - يىل كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ تەختكە چىققىنىغا بىر يىل بولغان چاغ ئىدى، «سكوت ۋەقەسى»دىن كېيىن ۋىرگىنىيە شتاتىنىڭ ھابوس كېچىكىدە بۇ-خاناننى ھاڭ - تاڭ قالدۇرغان بىر ئىش يۈز بەردى.

بۇخانانىنىڭ ھېلىمۇ ئېسىدە، بىروۋن ئىسىملىك نېگىر قۇل ئۇ زۇڭتۇلۇق بولغان مەزگىلدە كۆرگەن قەلبى قىساس ئوتى بىلەن يالقۇنجىغان نېگىر قۇللارنىڭ داھىيسى ئىدى. بۇ نېگىر قۇل جەنۇبتىكى قۇلدارلارغا ئىچ - ئىچىدىن ئۆچ ئىدى، شۇڭا ئۇ نېگىر قۇل جەنۇبلۇقلارغا چاپان ياپىدىغان ھەرقانداق زۇڭتۇڭغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايتتى. «سكوت دېلوسى» بىر ياقلىق قىلىندى-غاندىن كېيىن بىروۋن بۇخانان ھۆكۈمىتىگە تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كەتتى. بىروۋن ئوچۇق - ئاشكارا: «سكوتنىڭ قىساسىنى ئې-لىش، بارلىق قۇللارنى ئۇزۇل - كېسىل ئازاد قىلىش ئۈچۈن قانلىق قارشىلىق بىلدۈرۈش كېرەك!» دەپ تەرغىبات ئېلىپ باردى. بىروۋن دېگىنىنى قىلدى. ئۇ نېگىر قۇللار جازا لاگېرىغا ئانچە يىراق بولمىغان ھابوس كېچىكىدە توپىلاڭ كۆتۈردى. ئۇ ھەم ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بىر قىسىم ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن قوز-غىلاڭ تۇغىنى كۆتۈرۈپ، ھابوس كېچىكى ئەتراپىدىكى بىر قورال - ياراغ ئىسكىلاتىنى پارتلىتىۋەتتى!

بۇخانان دەرھال زور بىر تۈركۈم قوشۇن ئەۋەتىپ بىروۋن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى قولغا ئالدى. بۇ 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئىدى. غەليان كۆتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان نېگىر قۇللارنى تەلتۆكۈس بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن، بۇخانان شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ

2 ـ كۈنى باشقا نېگىر قۇللارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن توپىلاڭ-
نىڭ باشلىقى برووۋننى ئاشكارا دارغا ئېسىشقا پەرمان چۈشۈردى!
بۇخانانىنىڭ شۇ يىلى برووۋن توپىلىڭىنى مۇشۇنداق شەپقەت-
سىزلىك بىلەن باستۇرۇشى جەنۇبلۇقلارنىڭ نارازىلىقىنى تىنچىد-
تىش ئۈچۈن ئىدى. ئەمما بۇگۈنكى كۈندە بىرەيلەن پارلامېنتنىڭ
مۇقەددەس مۇنبىرىدە ئاقنى قارا قىلىپ كۆرسىتىپ، بۇخانانىنى
نېگىر قۇل برووۋن بىلەن يەڭ ئىچىدە سودىلاشقان دەۋاتاتتى،
بۇخانان بۇنداق بولۇشىنى چۈشىدىمۇ ئويلىمىغانىدى!
«بىمەنىلىك! ھەقىقەتەن ئۈچىغا چىققان بىمەنىلىك، ناۋادا
مەن ھەقىقەتەن برووۋن بىلەن يەڭ ئىچىدە سودىلاشقان بولسام
ياكى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىدىكىلەر دېگەندەك پەردە كەينى-
دىكى پىلانلىغۇچىسى بولسام، ئۇنداقتا مەن ئۇنى ئاشكارا ئۆلتۈ-
رۈۋەتكەن بولارمىدىم؟» بۇخانان لۆمۈلدەپ ئېقىۋاتقان ئېقىنغا
ئۆزىنىڭ دەرد ـ ئەلىمىنى تۆكۈۋاتاتتى.
ئېقىن كەچكى شەپەق نۇرىدا شەرققە قاراپ دولقۇنلىنىپ
ئېقىۋاتاتتى. سوغۇق كەچكى شامال بۇخانانىنىڭ شالاڭ ئاق چاچلى-
رىنى قالايمىقان قىلىۋەتتى. ئۇ قولىدا ھاسا، چىرايىنى مۇڭ
باسقان ھالدا ئېقىن بويلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قەلبى تەختتىن
چۈشكەندىن كېيىنكى چۈشكۈنلۈك ئازابى ۋە ئۇرۇش پارتلىغاندىن
بۇيان كەينى ـ كەينىدىن كېلىۋاتقان شۇم خەۋەرلەر بىلەن پارا-
كەندە ئىدى. بولۇپمۇ ئۆكتىچىلەرنىڭ ھۇجۇمى ئۇنى گەپ قىلال-
ماس قىلىپ قويغانىدى. شىماللىقلارنىڭ ھۇجۇمىنى ئۇ ھەرھالدا
توغرا چۈشىنەتتى. چۈنكى، ئۇ ھوقۇق تۇتقان مەزگىلدە نېگىر
قۇللارنىڭ داھىيسى — برووۋننى دارغا ئاسقانىدى. ئەمما جەنۇب-
لۇق كاتتا قۇلدارلارنى مەركەز قىلغان ئىسيانچىلارمۇ ئۇرۇشنىڭ
جاۋابكارلىقىنى بۇخانانغا ئارتىپ قويۇۋاتاتتى. بۇ بۇخانان ئۈچۈن
تولىمۇ ھەسرەتلىك ئىش ئىدى.
«ۋادەرىخا، مەن راست گەپنى نەگە بېرىپ دەيمەن؟» ناھايى-

تى چوڭ ئۇۋالچىلىقتا يولۇققان بوخانان كەچكى شامالدا دوغلى-
نىپ ئاستا ئېقىۋاتقان دەرياغا قاراپ، ھاسىسىغا تايىنىپ تۇراتـ-
تى. تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن چەككەن رىيازەت ۋە ئۆمرىنىڭ
ئاخىرقى كۈنلىرىدىكى مىسكىنلىكنى ئويلاپ ئۇنىڭ شىكەستىلەنـ-
گەن كۆڭلىگە قورقۇنچلۇق بىر ئوي كەلدى، بۇ ئۆلۈۋېلىپ
روھىي ئازابتىن قۇتۇلۇش ئويى ئىدى!
بوخانان ئېقىنغا ئۆزىنى ئاتماقچى بولدى. ئۇ كەچكى شامالغا
ۋە بارغانسېرى قارىيىپ كېتىۋاتقان كۆككە قاراپ ئەلەم بىلەن:
«پەرۋەردىگارىم، ئادالەت نەدە؟!...» دەپ ئىلتىجا قىلدى.

## ۋاپات بولۇشنىڭ ئالدىدا كىتاب يېزىپ ئۆزىنى ئاقلىدى

بوخانان ئۆزىنى ئېقىنغا تاشلاپ ئۆلۈۋالمىدى!
ساناقلىق كۈنلىرى قالغان بۇ بوۋاي قەيسەر ئىرادىسى بىلەن
ياشاپ كېتىۋاتاتتى.
1864 - يىل ئەتىياز كىرىشى بىلەن بوخانان ۋىتلاندىكى
ياغاچ بىناسىدىن چىقماي، ھېچكىم بىلەنمۇ باردى - كەلدى
قىلىشماي يالغۇز ئۆتتى. ئۇنىڭ خوتۇن - بالىلىرى يوق، ئۆزى
يەتمىش ياشتىن ئاشقان بولغاچقا، ئۇ يېمەك - ئىچمەك
ۋە يېتىپ - قوپۇشىدىن خەۋەر ئالىدىغانغا شۇ بازاردىكى كېيىنى
ئىسىملىك بىر قىزنى خىزمەتكارلىققا ياللىۋالدى.
كېينى كۆرۈنۈشتە ساددا ۋە ياۋاش قىز ئىدى. ئۇ غېرىب
بوخانانى شان - شەرەپ قازانغان زوڭتۇڭ ئورنىدا كۆرمەيتتى.
ئۇنىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ كارى بولۇش - بولماسلىقى بىلەنمۇ
پەرۋايى پەلەك ئىدى، بىر پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغان بوخانانى
ئۇ بوۋىسى ئورنىدا كۆرۈپ، ئۇنىڭ ھالىدىن ھەر ۋاقىت خەۋەر
ئالاتتى. ئاق كۆڭۈل خىزمەتكار كېينىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن

سىياسىي جەھەتتە يېتىم قالغان بۇخانان قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يو-رۇقلۇققا ئېرىشكەندەك بولدى!

بۇخانانىنىڭ جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشى تېخى ئاخىرلاشمىغان چاغدا، قولىقىنى يوپۇرۇپ سىرتقى دۇنيادىن بىخەۋەر بېكىنمە ھالەتتىكى تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تاللىشى، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ كۆڭ-لىنى پەرىشان قىلىدىغان تىل ھۇجۇمىنى ئاززاق ئاڭلاش، ئېغىر رېماتىزىم كېسىلى تۇپەيلى يول مېڭىشتا قىينىلىدىغانلىقىدىن ئەمەس ئىدى؛ ئۇنىڭ ھەر كۈنى دادىسىدىن قالغان ياغاچ بىنادىن چىقماسلىقىدىكى سەۋەب: ئۆزى ئۇچۇن ئىنتايىن مۇھىم بولغان چوڭ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۇچۇن ئىدى!

بۇخانان كىتاب يېزىپ ئۆزىنىڭ كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش نىيىتىگە كەلگەنىدى! ئۇ ئىچ ـ باغرىنى ئۆرتەۋاتقان سۆزلىرىنى كىشىلىك دۇنياغا جاكارلىۋېتىپ، بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشماقچى بولۇۋاتاتتى. بولۇپمۇ 1861 ـ يىلى جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشى پارتلىغاندىن بۇيان ئۇ ئۇچرىغان تۈرلۈك ھۇجۇم ھەم ئۇنىڭغا ئارتىلغان تۆھمەتلەرنىڭ سىرىنى كىتاب يېزىش ئارقىلىق ئېچىپ تاشلاپ، پاك پېتى كەلگەن دۇنيادىن پاك پېتى كېتىش — بۇ بۇخانانىنىڭ ئارزۇسى ئىدى!

بوۋاينىڭ يېزىق ئۇستىلىنى قېلىن ماقالە قەغەزلىرى، لۇ-غەت ۋە سىياھ قاتارلىق نەرسىلەر ئىگىلىگەنىدى. بۇخانان پېن-سىلۋانىيە شتاتىدىكى دىككىنسون ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان چې-غىدا ماقالە يېزىشقا ئۆچ ئىدى. كېيىن ئادۋوكات بولغاندىن كېيىن نۇتۇق قابىلىيىتىنى يېتىشتۇرۇپ، يېزىقچىلىق قابىلىيە-تىنى يېتىشتۇرمىدى. ئۇ ۋاشىنگتوندا ئۆمرىنىڭ قىرىق يىلىنى ئەمەلدارلىق سورۇنىدا ئۆتكۈزدى، شۇ چاغدىمۇ جاپالىق يېزىقچى-لىقنى ياخشى كۆرمىدى. بۇخانان ئوقۇيدىغان ماقالىلىرىنى كاتى-پىغا يازدۇراتتى. مانا ئەمدى كىتابنى مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئۆزى يېزىشقا مەجبۇر بولدى. يەتمىش ياشتىن ئاشقان بوۋاي

ئۈچۈن كىتاب يېزىش ئېغىر ئىش ئىدى، بەزىدە ۋەزىنلىك بىرەر جۈملىنى يېزىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا جەزمەن لۇغەت ئاختۇرۇش زۆرۈر ئىدى. بەزىدە كۆڭۈل توختىتالمىغان سۆز - ئىبارىلەرنى لۇغەتكە مۇراجىئەت قىلىپ بىر تەرەپ قىلاتتى.

«كانساس كرىزىسىنى پەيدا قىلغان باش جىنايەتچى دېگەن بەتنامىنى ئېتىراپ قىلمايمەن. مەن ئاللىبۇرۇن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن، لېكىن مەنمۇ مەندىن بۇرۇن ئۆتكەن رەھبەرلەرگە ئوخشاش بۇ كرىزىسنى بىر تەرەپ قىلىشقا قۇربىم يەتمىدى!» بۇخانان ئۆز كىتابىدا كانساس كرىزىسىنى تىلغا ئېلىپ ئۇرغۇلۇق ۋە غەزەپلىك سۆز - ئىبارىلەر ئارقىلىق ئۆزىنى كۈچەپ ئاقلىدى.

چاچلىرى كۈمۈشتەك ئاقىرىپ كەتكەن بۇخاناننىڭ قەلبى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز دەرد - ئەلەمگە تولغانىدى. ئاتالمىش كانساس كرىزىسى بۇنىڭدىن خېلى يىللار ئىلگىرىكى ئىش ئىدى، فىلمور ئاقسارايدا باشلىق بولۇپ تۇرغان چاغدا كانساس جەنۇب - شىمال ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىشنىڭ مەركىزى نۇقتىسى ئىدى. چۈنكى كانساستا بىر - بىرىگە كەسكىن قارىمۇ قارشى ئىككى ھۆكۈمەت — قۇلدارلىق تۈزۈمىنى قوللايدىغان لېكومپت ھۆكۈمىتى بىلەن، قۇلدارلىق تۈزۈمىگە قارشى توپېكا ھۆكۈمىتى مەۋجۇت ئىدى. فىلمور دەۋرىدە شۇ چاغدىكى ھۆكۈمەت توپېكا ھۆكۈمىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتمەكچى بولغانىدى، لېكىن ئىككى تەرەپكىلا ياخشىچاق بولىدىغان مۇرەسسە قىلىش سىياسىتىنى قوللانغان فىلمور فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى تەستىقلىمىغان توپېكا ھۆكۈمىتىنىڭ چىشىغا تېگىشكە پېتىنالمىدى. شۇنداق قىلىپ كانساس باشتىن - ئاخىر يوشۇرۇن زىددىيەتنىڭ پارتلايدىغان نۇقتىسى بولۇپ قېلىۋەردى.

بۇخانان ئاقسارايغا كىرگەندىن كېيىن ھەر ئىككىلا تەرەپ قوبۇل قىلالايدىغان كېلىشتۈرمىچىلىك ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، كانساسنى فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئاشكارا ئېتىراپ قىلىشىغا

ئېرىشكەن شتاتقا ئايلاندۇرماقچى بولغانىدى. لېكىن قۇلدارلىق تۈزۈمنى ياقلىغۇچىلار تەرىپىدىن تۈزگەن قانۇنغا مۇناسىپ ئىش كۆرمەي بولمايتتى. بۇخانان كانساسنى ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇز تۆ- تىنچى شتاتى قىلىشنى قارار قىلغان چاغدا، ئۇ مۇشۇ قارارغا قارشى پىكىردە بولغان دېموكراتلار پارتىيىسىدىكى دوۋگلاس بى- لەن مەسلىھەتلەشكەن، ئەمما بىردەكلىك ھاسىل قىلالمىغانىدى. بۇخانان مۇشۇنداق ئەھۋالدا بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ھەل بول- ماي كېلىۋاتقان كانساس كرىزىسىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن تىرىشتى. بۇخاناننىڭ قارىشىچە، ئۇنىڭ بۇ تەدبىرى جەنۇب بىلەن شىمالنى ياراشتۇرۇش يولىدا قوشقان تۆھپىسى ئىدى، بىراق ئۇ تەختتىن چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن بىرى مۇشۇ ئىشنى باھانە قىلىپ ئۇنىڭغا ئۇرۇشنى تېزلەتتى دەپ ھۇجۇم قىلدى!

بۇخانان كىتابىنى يېزىۋېتىپ پات - پاتلا ئۇۋۇلچىلىققا ئۈچ- راپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن غەزىپىنى باسالماي ھۆكۈرەپ يىغ- لاپ كېتەتتى. «ماڭا ھەقىقەتەن بەك ئۇۋال بولدى! جەنۇب - شىمال ئۇرۇشىنىڭ پىلتىسى دېگەن نېمە گەپ؟ مېنىڭچە، جۇمھ- ھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى لىنكولننى تەختكە چىقىرىشى بىلەن ئۇرۇش پارتلىدى، بۇ ئۇرۇشنىڭ مەن بۇخانان بىلەن نېمە ئالاقى- سى؟»

1860 - يىل ئەتىياز يامغۇر - يېشىن كۆپ، كۆڭۈلسىز پەسىل بولدى. ئاقسارايدىكى ئېللىپس شەكىللىك ئىشخانىدا ئولتۇرغان بۇخانان جەنۇب - شىمال ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىنلى- شىپ كېتىۋاتقان توقۇنۇشتىن پات ئارىدا ئۇرۇش پارتلايدىغانلى- قىنى ھېس قىلدى. مۇشۇنداق خەتەرلىك پەيتتە ئۇدا ۋەزىپە ئۆتەش خىيالىدا بولۇش بۇخانان ئۈچۈن شەك - شۈبھىسىزكى بىر خىل خېيىمخەتەر ئىدى. تەدبىرلىك بۇخانان ئىشەنچلىك مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ برېككېنرىجنى ئۆزىگە ۋەكالىتەن سايلام رىقابى-

تىگە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدى.
لېكىن برېككېنرىج يىلىنىڭ ئاخىرىسىدىكى چوڭ سايلامدا ناھايىتى تېزلا ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى كۆرسەتكەن لىنكولن ئىسمىلىك بىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سايلىغۇچىلارنى بىردەمدىلا ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. چۈنكى نامرات ئائىلىدىن كېلىپ چىققان لىنكولن زور بىر تۈركۈم قۇللارنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى، لىنكولننىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمىگە قارشى شوئارى شىماللىقلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك قوللىشىغا ئېرىشتى.
ئەمما جەنۇبتىكى ھەرقايسى شتاتلار لىنكولننىڭ تەختكە چىقىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىگە نىسبەتەن ئەندىشىدە بولدى. كېيىن جەنۇبتىكى قۇلدارلار لىنكولن تەختكە چىقسا، ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە خەۋپ يېتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ كەينى - كەينىدىن ئىسيان كۆتۈردى. لىنكولننىڭ كېلەر نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ بولىدىغانلىقى مۇقىملىشىپ قالغاندىن كېيىن، قۇلدارلىق تۈزۈمىگە تايىنىپ ياشاۋاتقان جەنۇبتىكى بىر قىسىم شتاتلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆزۈل - كېسىل زەربىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى ئېنىق تونۇپ يەتتى. شۇڭا جەنۇبتىكى ھەرقايسى شتاتلار فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىدىن چېكىنىپ بۆلەك ھۆكۈمەتكە تەھدىت پەيدا قىلدى.
ئۆزىنىڭ بىر يىلدىن كېيىن تەختتىن چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلگەن بۇخانان ئاقسارايدىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى سۈپىتىدە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش مەيدانىدا تۇرۇپ، جەنۇبتىكى بىرنەچچە شتاتتا يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان توپىلاڭنى قەتئىي تەدبىر قوللىنىپ توسۇشى كېرەك ئىدى. جەنۇبلۇقلار بۇخانانىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش يولىدىكى تەدبىرى بىلەن كارى بولمىدى. ئۇلارغا قوللانغان يۇمشاق ياكى قاتتىق، يارىشىش ياكى تەھدىت قاتارلىق تەدبىرلەرنىڭ ئۈنۈمى بولمىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇخانان ئامال بولمىغان ئەھۋالدا ئەسكەرلىرىنى

جەنۇبتىكى سومتېر قەلئەسىگە يۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى، ئۇ خىيالىدا ھۆكۈمەتنىڭ قورال كۈچى بىلەن توپىلاڭ قىلماقچى بولغان جەنۇبلۇقلارغا تەھدىت سالماقچى بولغانىدى، كىم بىلسۇن، ئۇنىڭ بۇ قاتتىق قوللۇق ۋاستىسى جەنۇبتىكى توپىلاڭچىلارنى باستۇرۇش بۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك بىر ئىش بولدى.

1866 - يىلى پېنسىلۋانىيە شتاتىغا باھار يېتىپ كەلگەندە، ئىككى يىلنى ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆتكۈزگەن بۇخانان رازىمەنلىك بىلەن قولىدىكى قەلەمنى تاشلىدى. چۈنكى بۇ چاغدا نەچچە يىلغا سوزۇلغان جەنۇب - شىمال ئۇرۇشى ئاخىر بېسىققان، ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاقلاش پۇرسىتى كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ يازغان كىتابى «توپىلاڭنىڭ ئالدىدىكى بۇخانان ھۆكۈمىتى» دېگەن ئىسىم بىلەن ئاشكارا دۇنياغا كەلدى!

بۇخانان ۋىتلان بازىرىدىكى ياغاچ بىناسىدا كىتابى تارقىتىلغاندىن كېيىن پەيدا بولغان ئىنكاسلارنى ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن ئاڭلاپ تۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىلغان ھەممە ئىشلىرىنىڭ جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى كىتابىدا نۇرغۇن تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق بايان قىلدى. ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن پۇقرالارنىڭ كاللىسى ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكىگە ئوخشاش قىزىپ كەتمىگەن بولسا كېرەك، بۇرۇن بۇخانانىنى ئۇرۇشنىڭ باش جىنايەتچىسى دەپ ئەيىبلىگەن كىشىلەر ئۇزۇن يىل پىنھان ياشىغان سابىق زۇڭتۇڭغا ھېسداشلىق نەزىرى بىلەن قاراپ ئۇنى ئاخىر چۈشەندى.

بىر قىسىم تارىخچىلار ئىچكى ئۇرۇش تارىخىغا ئومۇمىي باھا بەرگەن چاغدا، ئۇرۇشتىن ئىلگىرى ھوقۇق تۇتقان بۇخانان ۋە ئۇ رەھبەرلىك قىلغان فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىگە بىرقەدەر ئادىل مۇئامىلە قىلدى.

مانا بۇ «توپىلاڭنىڭ ئالدىدىكى بۇخانان ھۆكۈمىتى» ناملىق كىتاب ھاسىل قىلغان ئۇنۇم!

1868 - يىل ئەتىياز، ئەتىيازنىڭ شاملى ۋىتلان بازىرىدىكى مۇز تۇتۇپ كەتكەن دەريا يۈزىنى سىيپاپ ئۆتكەن چاغدا، يەتمىش يەتتە ياشقا كىرگەن بۇخانان بوۋاي بۇرۇنقىغا ئوخشاش ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ، ياغاچ بىناسىدىن دەلدۈگۈنۈپ چىقىپ، يېقىن ئەتراپتىكى بازارنى ئايلىنىپ ئاقىدىغان ئېقىن بويىغا بېرىپ باھارنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن ئەمدى بەھرىمەن بولالمايتتى! بۇخانان كۆكىرىشكە باشلىغان ئېقىن بويىنى، ساناقسىز ئاپئاق مۇزلارنى ئېلىپ لۆمۈلدەپ ئېقىۋاتقان ئېقىننى كۆرۈشتىن مەھرۇم بولغانىدى.

ئۇ پالەچ بولۇپ قالغانىدى!

بۇخانان بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ۋىتلانغا قايتىپ كەلگەن چاغدا زەي ھەم قاراڭغۇ ياغاچ بىنادا تۇرۇپ ئېغىر رېماتىزىم كېسىلىنى تېپىۋالدى، بۇنىڭغا شۇنچە يىلدىن بېرى تارتىپ كېلىۋاتقان ئازاب قوشۇلدى، داۋالىنىشقا پۇلى يوق بولغانلىقتىن، كۆڭلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇخانانىنىڭ رېماتىزىم كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كەتتى. ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىلى رېماتىزىم پۈتىدىن بېلىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئاجىز يۈرىكىگە تەسىر قىلغانلىقتىن، ئۇ رېماتىزىم خاراكتېرلىك يۈرەك كېسىلى بولۇپ قالدى.

بۇخانان پۈتى باسماس بولۇپ قالغاندىن كېيىن ئۇششاق - چۈششەك ئائىلە ئىشلىرى خىزمەتكار قىزغا قاراشلىق بولۇپ قالدى.

— قىزچاق، رەھمەت سىزگە، سىزنى نەۋرەم قىلىۋالغۇم كېلىدۇ. بولامدۇ؟— ھاۋا ئىسسىق بىر گۈگۈم مەزگىلى تالاي كۆڭۈلرىنى ئۇيقۇ بىلەن ئۆتكۈزگەن بۇخانان بىردىنلا سەگەكلىشىپ خىزمەتكار قىزغا شۇنداق دېدى. ئۇ چىراغنىڭ ئاجىز

يورۇقىدا ساپ ھەم سەمىمىي قىزنىڭ كارىۋات ئالدىدا ئەلەڭلەپ تۇرغان سايىسىگە قارىدى. ئۇ بۇخانان ئاخىرقى ئۆمرىدە بىر - بىرىگە پاناھ تارتىپ كېلىۋاتقان خىزمەتكار قىز كېنىپ ئىدى.

— مېنى... نەۋرە قىلىۋالامسىز؟ — خىزمەتكار قىز ھەيران بولغان ھالدا كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى. ئۇنىڭ چىرايى ئاپتاپپەرەستەك ئېچىلدى.

— شۇنداق! بىلمەيمەن... رازىمۇ سىز؟ — بۇخانان بوغۇق ئاۋازدا شۇنداق دەپ قىزدىن ئۆتۈندى. ئۆمرىدە ئۆيلەنمىگەن، يېنىدا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمۇ بولمىغان بۇخانانىنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قەلبى خىزمەتكار قىزغا بولغان چوڭقۇر مىننەتدارلىققا ۋە قاتتىق خىجالەتچىلىككە تولغانىدى. ئۇ خىزمەتكار قىزدىن شۇنىڭ ئۈچۈن مىننەتدار بولاتتىكى، ماڭالماس بولۇپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن چىقالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا مۇشۇ سادda قىز ھەر كۈنى ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، دوختۇر چاقىرىپ، دورىسىنى ئىچۈرۈپ، ئاش - تامىقىنى ئېتىپ بەرمىگەن بولسا، ئۇ بۈگۈنكى كۈنگىچە ياشىيالمىغان، ئۆزنى ئاقلاپ يازغان «توپىلاڭ ئالدىدىكى بۇخانان ھۆكۈمىتى» ناملىق كىتابىنى پۈتتۈرۈپ، تارقىتالمىغان بولاتتى. ئۇ خىزمەتكار قىزدىن شۇنىڭ ئۈچۈن قاتتىق خىجالەت بولاتتىكى، ئۇ ئىككى يىلدىن بېرى كېسەل تۈپەيلى كارىۋاتتىن چۈشەلمەي پۈتۈن بەدىنى يېغىر بولۇپ كەتكەنىدى، داۋاملىق قان - يىرىڭ ئاقاتتى. تېخى توي قىلمىغان خىزمەتكار قىز دوختۇر چاقىرىشتىن باشقا ئۇنىڭ چوڭ - كىچىك تەرىتىنى تۆكەتتى. بۇخانان ساغلام بولغان بولسا، بۇنداق ئىش ھەرگىز يۈز بەرمىگەن بولاتتى. پەزىلەتلىك ھەم تەلەپچان بۇخانان يېتىپ - قوپۇش ئىشلىرىدىن بىر قىزنىڭ خەۋەر ئالىدىغان بۇنداق رېئاللىقنى ناھايىتى تەستە قوبۇل قىلدى، ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن باشقا يول يوق ئىدى.

بۇخانان ئۆمرىنىڭ ساناقلىق كۈنلىرى قالغانلىقىنى بىلەت-

تى. مۇشۇ ساناقلىق كۈنلىرىدە ئۆزىنىڭ سەگەك ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئوبدانراق ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئويلىدى.

بۇخانان ئۆزىنى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى چېكىگە يەتكۈزۈپ قويغان بۇ خىزمەتكار قىزغا پۈتۈن مال - مۈلكىنى مىراس سۈپىتىدە قالدۇرۇپ قويۇش قارارىغا كەلدى. شۇندىلا ئۇ باقىي دۇنياغا خاتىرجەم كەتكەن بولاتتى. بولمىسا ئۇ ئۆزىنى دەم كۈلدۈرۈپ، دەم يىغلىتىپ كەلگەن بۇ ۋاپاسىز دۇنيادىن ئارماندا كېتەتتى.

— قىزچاق، ئىلتىماسىمنى قوبۇل كۆرەمسىز؟ بالام، ماڭا جەزمەن جاۋاب بېرىڭ…، — بۇخانانىنىڭ بوغۇق ئاۋازىدىن ئۇنىڭ ئاخىرقى ئارزۇسى ۋە ئۈمىدى ئەكس ئېتەتتى.

كېيننې گەپ قىلمىدى.

— مەندەك… ئەبگار قېرىدىن سىزمۇ بىزارمۇ؟!

كېيننې ئاخىر ئېغىز ئاچتى:

— سىزگە شۇنداق نەۋرە بولغۇم بار، لېكىن… بىزنىڭ ئائىلىمىز بەك نامرات، مەن قانداقمۇ دۆلەتمەن ئائىلىگە بالا بولالايمەن؟

بۇخانان ئېچىنىشلىق كۈلۈپ:

— مۇنداق دەڭ، بالام، مەن قانداقمۇ دۆلەتمەن بولاي؟ مەنمۇ سىزگە ئوخشاش نامرات!…، — دېدى.

— ئۇنداق ئەمەس، دادامدىن ئاڭلىسام، سىز ئىلگىرى زوڭتوڭ بولغانىكەنسىز، بىراق مەنچۇ، مەن پەقەت يوقسۇلنىڭ بالىسى!…

— ياق، ياق، بىز ئوخشاش! كېيننې، مېنى بوۋا دەپ چاقىرىڭە؟ ماقۇلمۇ؟ — بۇخانان تىترىگەن ئاۋازدا ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلىۋاتاتتى.

— بوۋا!…، — خىزمەتكار قىز كېيننې ئاخىر ئۆزىنىڭ بۇ بوۋايغا نەۋرە بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن بۇ ياغاچ بىناغا بىر ئادۋوكات كەل-
دى. ئۇ كارىۋاتتا ياتقان سابىق زۇڭتۇڭ بۇخانانىڭ تەلىپىگە
ئاساسەن قانۇنىي كۈچكە ئىگە بىر پارچە ۋەسىيەتنامىنى ناھايىتى
تېز لا پۈتتۈردى.

بۇخانانىڭ ۋەسىيەتنامىسىدە بۇ ياغاچ بىنادىكى پۈتكۈل
مال - مۈلۈك، كىتاب، ئاسارئەتىقە، كىيىم - كېچەك ھەممىسى
كېنىنېگە تەۋە بولۇپلا قالماي، ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى بىرنەچچە
يىل ئىچىدە يازغان «توپىلاڭ ئالدىدىكى بۇخانان ھۆكۈمىتى»
دېگەن كىتابىنىڭ نەشر ھوقۇقى ۋە قەلەم ھەققىنىڭ كېنىنېگە تەۋە
بولىدىغانلىقى قەيت قىلىندى.

ئارىدىن يېرىم ئاي ئۆتۈپ يازنىڭ ھاۋا تازا ئىسسىغان كۈنلى-
رىنىڭ بىرى چۈشتىن كېيىن — 1868 - يىل 6 - ئاينىڭ
1 - كۈنى بۇخانان يۇرتى ۋىتلاندىكى دەريا بويىغا سېلىنغان
بىناسىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاشىنگتون ھۆكۈمىتى پېنسىلۋانىيە شتاتى-
نىڭ لانكاستېر شەھىرىدە بۇخانان ئۈچۈن تەنتەنىلىك دەپنە مۇرا-
سىمى ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ مېيىتى مەزكۇر شتاتتىكى لانكاستېر
جامائەت قەبرىستانلىقىغا قويۇلدى.

# ئون ئالتىنچى باب

# غايىب ئوق بېشىغا تەگكەن

## — ئون ئالتىنچى زۇڭتۇڭ ئابراخام لىنكولن



ئابراخام لىنكولن 1809 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى كېنتۇكىكى شتاتىنىڭ كىنىۋر كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسى — توماس بوز يەر ئاچقۇچى دېھقان، ئائىلىسى نامرات؛ ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ نېگىر قۇللارغا يېقىنلاشقان ھەم ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلغان؛

1816 ـ يىلى دادىسى بىلەن ئىندىئانا شتاتىغا كۆچۈپ كېلىپ، تېرىقچىلىق قىلغان. 1830 ـ يىلى ئائىلە قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن ئىللىنوئىس شتاتىنىڭ كولس ناھىيىسىگە ئورۇنلىشىپ، نىمكار بولغان؛

1832 ـ يىلى دېھقانچىلىقنى تاشلاپ ئەسكەر بولغان. ئىندىئانلار بىلەن بولغان جەڭلەردە باتۇرلۇق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن كىچىك ئەترەت باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن. ياندۇرقى يىلى 5 ـ ئايدا لىنكولن ھەربىيلىك ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ يېزىدا پوچتىكەش بولغان؛

1834 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئىللىنوئىس شتاتى يېڭى سورېم بازىرىدا پوچتىخانا باشلىقى بولغان ھەم شتات پارلامېنتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان؛

1837 ـ يىلى پولېنفىردا ئادۋوكاتلار ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇپ

نامراتلارنىڭ دەۋا - دەستۇر ئىشلىرىنى ھەقسىز سورىغان؛

1842 - يىلى مارىي تود خېنىم بىلەن توي قىلغان؛

1847 - يىلى ۋىگ پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە پارلامېنت ئەزاسى سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىپ، يۇقىرى ئاۋازغا ئېرىشكەنلىكتىن شۇ يىلى يىل ئاخىرى ۋەزىپە ئۆتەش ئۈچۈن ۋاشىنگتونغا بارغان؛

1848 - يىلى يېڭى قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىگە كىرىپ، مەزكۇر پارتىيىنىڭ داھىيسى بولغان؛

1856 - يىل 6 - ئايدا، مەزكۇر پارتىيە تەرىپىدىن زۇڭتۇڭ نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلگەن، ئەمما زۇڭتۇڭ بولالمىغان؛

1860 - يىلى چوڭ سايلامدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، 1861 - يىلى ئاقسارايغا كىرگەن، تەختكە چىقىپ بىر ئاي بولماي تۇرۇپلا جەنۇب - شىمال ئۇرۇشى باشلانغان، باتۇرلۇق بىلەن شىماللىق قوللار تەرەپتە تۇرۇپ، جەنۇبلۇق قۇلدارلارغا قارشى تۇرغان؛

1862 - يىل 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى دۇنياغا مەشھۇر تۇنجى «ئازادلىق خىتابنامىسى»نى ئېلان قىلغان؛

1863 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «ئاخىرقى ئازادلىق خىتابنامىسى»نى ئېلان قىلغان، بۇ ئىككىنچى «ئازادلىق خىتابنامىسى»؛

1864 - يىل 11 - ئايدىكى يېڭى بىر نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ سايلىمىدا كۆپ ئاۋازغا ئېرىشىپ رەقىبى ماك كلېللاندنى (دېموكراتلار پارتىيىسى ئەزاسى) يېڭىپ داۋاملىق ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بولغان؛

1865 - يىل 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى كېچىدە تىياتىرخانىدا ئويۇن كۆرۈۋېتىپ قاتىلنىڭ ئوقىدا قازا قىلغان.

## ئاخىرقى بىر قېتىملىق ئىچكى كابىنېت يىغىنى

1865 - يىل 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ئۇدا زۇڭتۇڭ بولغىنىغا ئەمدىلا بىر ئاي بولغان لىنكولن ئۈچۈن ھەممە تەرەپكە كىرىزىس يوشۇرۇنغان قارا كۈن بولدى.

ۋاشىنگتون شەھىرىنىڭ پېنسىلۋانىيە كوچىسىغا جايلاشقان ئاق بىنانىڭ چىراغلىرى گۇگۇم مەھەلدىلا چاراقلاپ يېنىپ كەتكەنىدى.

تۆت يىل داۋام قىلغان جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشى ئاخىر ئاياغلاشقانىدى. 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى لىنكولن ئۇچۇن ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۈن ئىدى. ئۇ تەختكە چىقىپ نەچچە كۈن بولماي پارتلىغان بۇ ئۇرۇش ئۇنىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدا جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئەگرى ـ توقايلىقلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، پېتېرسبۇرگدا شىمال ئارمىيىسىنىڭ قاتمۇقات مۇھاسىرىسىدە قالغان جەنۇب قۇلدارلار ئارمىيىسى پۈتۈن سەپ بويىچە تىرپىرەن بولۇپ، نائىلاج ئاق بايراق چىقىرىپ، شىمال ئارمىيىسىگە تەسلىم بولغانلىقىنى جاكارلىدى!

بۈگۈن ئاخشام ئاقسارايدىكى پۈتۈن چىراغلار ياندۇرۇلغان ئىدى. تەستە قولغا كەلگەن بۇ غەلىبىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن زۇڭتۇڭ لىنكولن كاتتا زىياپەت ئۇيۇشتۇرغانىدى. ئەللىك ئالتە ياشقا كىرگەن، قىرانلىق دەۋرىگە قەدەم قويغان لىنكولن بۈگۈن ئاخشام ناھايىتى خۇشال ئىدى. ئۇ ئاقسارايىنىڭ ئىككىنچى قەۋەتىدىكى ھۇجرىسىدىن يېپيېڭى كەرشىنۋاي كاستۇم ـ بۇرۇلكا، قىزىل بانتىك تاقىغان ھالدا چىقتى، لىنكولن ئۇرۇش باشلانغاندىن بۇيان ھېچقاچان بۇنداق سالاپەتلىك كۆرۈنۈپ باقمىغانىدى.

لىنكولن ئالدى تەرەپتىكى ئىچكى كابىنېت يىغىن زالىدا بىر قېتىملىق جىددىي يىغىن چاقىرىپ، ئىچكى كابىنېت تەركىبىدىكى مۇھىم ئەمەلدارلار بىلەن ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن جەنۇبنى قانداق قۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بارغانىدى. ئۇرۇش ـ تۇرۇشلىرى سالماق لىنكولن بۈگۈن ئاخشام تۆت يىلدىن بۇيان تۈرۈلگەن قوشۇمىسىنى ئاچقانىدى، چىرايىدىن خۇشاللىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. نامرات ئائىلىدىن كېلىپ چىققان لىنكولن 1861 ـ يىل باھاردا بىرىنچى قېتىم سەلتەنەتلىك بۇ بىناغا قەدەم قويغان كۈندىن باشلاپ كۆڭلىدە ئۆز ـ ئۆزىگە مۇنداق قەسەم قىلغانىدى: «مەن ئۆزۈمدىن بۇرۇن ئۆتكەن ھەرقانداق زۇڭتۇڭغا ئوخشاشمايمەن، چۈنكى مەن كىچە-

كىمدىن تارتىپ جاپاكەش نىگىر قۇللار بىلەن بىللە بولۇپ كەل-
دىم، شۇڭا، ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلىمدە ئاۋۋال ئاشۇ
بىچارە نىگىر قۇللارنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈن
كۈچۈمنى ئايىمايمەن! » كىم بىلسۇن، لىنكولن بۇيۇك مەقسەد-
تىنى ئىشقا ئاشۇرۇش پەيتىنى تاپماي تۇرۇپلا، شۇنچە يىلدىن
بېرى پارتلىيالماي تۇرغان ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇرۇش ئا-
خىر پارتلاپ قورقۇنچلۇق ئۇرۇش يالقۇنىغا ئايلاندى.
«ئۇرۇش قاش - كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا تۇرۇۋاتىدۇ، زۇڭ-
تۇڭ بولۇش سۇپىتىم بىلەن ماڭا ئەمدى ھەققانىيەت يولىدىن
قايتماي ئۇرۇشنى كۈتۈۋېلىشتىن باشقا تاللاش يوق! » يوپيورۇق
كارىدوردا ئالدىراش كېتىۋاتقان لىنكولن خانىمى مارىي تودنىڭ
ھۇجرىسىدىن، ئاندىن شەرتنامە ئىشخانىسى، خەرىتە ئىشخانىسى
ۋە چىراغلىرى يېنىق كاتىبات ئىشخانىلىرىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ
سول تەرەپكە قايرىلدى، ئۇ ياقتا ئۇنىڭ ئېلىپىس شەكىللىك
ئىشخانىسى ۋە ئىككى كۆادرات مېتىر كېلىدىغان يىغىن زالى بار
ئىدى.
لىنكولنغا بۇ يول ئانچە ئۇزۇن بىلىنمەيتتى، ئۇنىڭ پىكرى
چېچىلىپ كەتكەنىدى. گويا ئەللىك نەچچە يىللىق ئەگرى -
توقاي ھايات مۇساپىسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولغاندەك قىلات-
تى. باللىق چاغلىرىدا تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلەر ئۇنى تاۋلاپ،
ئۇنىڭدا زۇڭتۇڭ بولغاندىن كېيىن نامراتلارغا كۆيۈنىدىغان، ھەت-
تا ھېچكىم كۆزگە ئىلمايدىغان نىگىر قۇللارغا ياردەم بېرىدىغان
ئادەتنى يېتىلدۈرگەنىدى. ئۇ ئوتتۇز ياشتىن ئىلگىرى ئامېرىكا
سىياسىي مۇنبىرىدە باشتىن - ئاياغ سۇكۇت قىلىپ تۇردى،
كېيىن ۋىگ پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى سۈپىتىدە سىياسىي ساھەدد-
كىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. لېكىن ئۇ چاغدا
لىنكولن گەرچە قۇلدارلىق تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس
قىلغان بولسىمۇ، ئاددىي كېڭەش پالاتا ئەزاسى، ئانچىكى بىر

پوچتىخانا باشلىقى بولغانلىقتىن گەپ - سۆزلىرىنىڭ كۆچى يوق ئىدى. شۇڭا سىياسىي ساھەدىكىلەر ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئىلىككە ئېلىپ كەتمەيتتى. لىنكولن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيە-سىنىڭ ئەزاسى بولدى، 1856 - يىل 6 - ئايدا فىلادىلفىيىدە ئېچىلغان مەزكۇر پارتىيىنىڭ قۇرۇلتىيىدا مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلدى، شۇنىڭدىمۇ لىنكولن جامائەتچىلىك-نىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمىدى.

بۇنداق سوغۇق ئەھۋال 1860 - يىلغىچە داۋاملىشىپ، ئاندىن ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى. لىنكولن شۇ يىلى ئېلىپ بېرىلغان يېڭى بىر نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ سايلىمىدا ئامېرى-كىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆپ قېتىم نۇتۇق سۆزلەپ: «كۆز-لەرنىڭ بىر كۈنى زۇڭتۇڭ بولۇپ قالسام، ئالدى بىلەن قۇللارنى ئازاد قىلىدىغان مۇشۇ ئىشنى كۆزلەيمەن! پۈتۈن مەملىكەتتىكى نېگىر قۇللارنى قۇلدارلارنىڭ قامچىسىدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن قۇربان بولۇپ كېتىشكە، جۇملىدىن ھاياتىم ئارقىلىق بەدەل تۆلەشكە رازىمەن!» دېدى.

لىنكولننىڭ سايلام رىقابىتىدە قىلغان دەۋر بۆلگۈچ ئەھمى-يەتكە ئىگە باياناتى دەرھال شىمالدىكى بارلىق سايلام رايونىدىكى-لەرنىڭ قىزغىن ئاۋاز قوشۇشىغا ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى. شىمال-دىكى ھەرقايسى شتاتلار لىنكولننىڭ تەختكە چىقىشىنى بىر ئې-غىزدىن تەۋسىيە قىلىشتى. ئامېرىكىدا ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىنىۋاتقان ھەر نۆۋەتلىك چوڭ سايلامدا بۇنداق بىردەكلىك ھېچقاچان كۆرۈ-لۈپ باقمىغانىدى. لېكىن، ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا قۇلدارلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيە ھەرۋا-قىت ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچرىتىش ئېھتىمالى بول-غان لىنكولننىڭ تەختكە چىقىشىدىن ھەزەر ئەيلەپ ئەلپازىنى بۇزدى. جەنۇبلۇقلار ئاۋۋال «نيۇيورك پېشۋالار گېزىتى» گە تەھ-دىت ئارىلاش ماقالە يېزىپ، ۋەزىپە ئۆتەش ئۈچۈن سىپرىڭفىلدتىن

ۋاشىنگتونغا قاراپ يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرغان لىنكولنغا قورققاق سېلىپ ئۇنى تەختكە چىقماسلىقا ئۇندىدى. راستىنىلا قاراملىق قىلىپ تەختكە چىقسا، جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشى پارتلاپلا قالماي، لىنكولنىڭمۇ قەستكە ئۇچراپ ھاياتىدىن ئايرىلىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

لىنكولن سپرىڭفىلدتىن يولغا چىققاندا مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى ئاشكارا قوبۇل قىلىپ مۇنداق دېدى: «مەن ھوقۇقنى مۇرەسسەگە تېگىشمەيمەن، چۇنكى مېنى زۇڭتۇڭلۇققا ئامما سايلىغان، شۇڭا مەن قۇربان بېرىش ئارقىلىق بەدەل تۆلەشكە رازىمەنكى، جەنۇبلۇق قۇلدارلارنىڭ تەھدىتىگە ھەرگىز تەسلىم بولمايمەن! ...»

مانا ئەمدى تۆت يىللىق ئۇرۇشنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرى غايىب بولدى. جەنۇب قۇلدارلىرى سومتېر زەمبىرەك سۇپىسىدا قوزغىغان جەنۇب ـ شىمال ئىچكى ئۇرۇشى ئاخىر نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا جەنۇب ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى گېنېرال لېينىڭ پوماتوكستا قورال تاپشۇرۇپ ئەل بولۇشى بىلەن غەلىبىلىك ئاياغلاشتى! لىنكولننىڭ ئۇرۇشتا ئۆلگەنلەر ئۈچۈن ئىچى ئېچىشقان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ چىراغلار چاراقلاپ يانغان يېغىن زالىدىكى يىغىن ئەھلىگە نەزەر سالغىنىدا تولۇپ تاشقان ئىشەنچكە چۆمدى. چۈنكى لىنكولننىڭ دۆلەتنى قۇتقۇزۇش ۋە ئۇرۇش جاراھەتلىرىنى داۋالاش توغرىسىدىكى بىر يۈرۈش پىلانلىرى بار ئىدى، ئۇ تۆت يىل قانلىق ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق جەنۇبنىڭ تىنچلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ ئەرزىگۈدەك ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

«ئەپەندىلەر، مەن لىنكولن گەرچە قۇلدارلىق تۈزۈمىگە قارشى تۇرسامۇ، لېكىن قۇلدارلار بىلەن دۈشمەنلىشىش نىيىتىم يوق! » لىنكولن پات يېقىندا يولغا قويۇلىدىغان ئۇرۇشتىن كېيىنكى قۇتقۇزۇش ئىشلىرى لايىھىسىنى ئىچكى كابىنېت ئەزا-

لىرىنىڭ كۆرۈپ چىقىشىغا بەردى. ئۇ قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ
ئۇرۇش خارابىلىكلىرىنى تۈزەش تەييارلىقىغا كىرىشكەن چاغدا،
بۇنىڭدىن تۆت يىل بۇرۇن ئاقسارايىنىڭ سىرتىدىكى چىملىقتا
ئۆتكۈزۈلگەن ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىدا قىلغان دوستانە
قەسىمىنى تەبىئىيلا ئېسىگە ئالدى: «ھەرقانداق ئادەمگە يامان
نىيەتتە بولمايمەن؛ ھەممە ئادەمگە كەڭ قورساق بولىمەن؛ ھەققا-
نىيەتتە چىڭ تۇرىمەن، چۈنكى پەرۋەردىگار بىزگە ھەققانىيەتنى
تونۇتقان؛ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزنى داۋاملىق تىرىشىپ ئو-
رۇندايلى! جۇملىدىن دۆلەتنىڭ جاراھەتىنى داۋالاپ سا-
قايتايلى! ...»

لىنكولن مۇشۇ گەپلەرنى ئەسلىگىنىدە، ئۇنىڭ كەيپىياتى
سۇرلۇك تۇس ئالدى. قويۇق قاشلىرى تېگىدىكى كۆكۈچ كۆزلى-
رىدىن ئەقىل - پاراسەت نۇرلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇ شۇ دەقىقى-
دە ئۆزىنى جەنۇب ۋە شىمالىق ئىتتىپاقداشلار بىر - بىرىنى
قىرىۋاتقان جەڭگاھتا كۆرۈۋاتاتتى. ئويۇپ قالغان قانلار؛ ئىتتى-
پاقداشلارنىڭ قىلىچىدا ئۆلگەن ئەسكەرلەرنىڭ جەسەتلىرى؛ قانغا
بويالغان جەڭ تۇغى ۋە كېرەكتىن چىققان قىلىچ ۋە مىلتىقلارنىڭ
سۇنۇقلىرى، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى پۇقرالارنىڭ ئارىسىدىن
چىققان ئاق كۆڭۈل زۇڭتۇڭ لىنكولننى چەكسىز ئازابلىماقتا
ئىدى. بولۇپمۇ لىنكولن تۆت يىل داۋام قىلغان ئۇرۇش ۋەيران-
چىلىقىدا جەنۇبتىكى كەڭ رايونلار ئۇچرىغان ئىقتىسادىي زى-
ياندىن تولىمۇ بىئارام بولاتتى. ئۇرۇشنىڭ دەسلەپىدە جەنۇب
ئارمىيىسى غەلىبە قىلىشى مۇمكىن دەپ قارىغان قۇلدارلار لىن-
كولن شەخسەن ئۆزى قوماندانلىق قىلغان، قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز
ئارمىيىسىدىن تەركىب تاپقان شىمال ئارمىيىسىنىڭ جەنۇبقا بو-
راندەك باستۇرۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرۈشتى. ھالسىراپ ئارقا -
ئارقىدىن چېكىنىپ كېتىۋاتقان جەنۇب ئارمىيىسى ئاچچىقىغا چى-
دىماي بارغانلىكى يېرىدە ئوت قويۇپ، ئۆي - ئىمارەتلەرنى

كۆيدۈرۈۋەتتى. قۇلدارلار لىنكولن ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇرۇش خىراجىتىنى كۆپەيتىپ، خەلقلەرنى تۈزەش ئىشىغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇش مەقسىتىدە
مال - مۈلۈكلەرنى نابۇت قىلىۋەتتى.

«ئەپەندىلەر، بىز ئۇرۇش پەيدا قىلغان بارلىق جاراھەتلەردىن قورقماسلىقىمىز كېرەك. بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز — خەلقنى باشلاپ ئۇنى داۋالاش، تۆت يىل داۋامىدا ئۇرۇش ئازابىنى يەتكۈچە تارتقان جەنۇب خەلقىگە يېڭىۋاشتىن ئۆي - ئىمارەت ۋە تۇرالغۇ سېلىپ بېرىشىمىز كېرەك!» لىنكولن ھەرقايسى كابىنېت ئەزالىرىنى ئۆزى تۈزگەن «ئۇرۇشتىن كېيىنكى لايىھە»گە پىكىر بېرىشكە رىغبەتلەندۈرگەچ، توپىلاڭچى جەنۇب ئارمىيىسىنى قانداق تەرتىپكە سېلىش، جەنۇبنىڭ سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى تۈرلۈك پىلانلىرىنى سۆزلىدى.

لىنكولننىڭ سۆزى ۋە جەنۇبنى قايتىدىن قۇرۇش توغرىسىدىكى دوكلاتى يىغىندىكىلەرنى قاتناشقان بارلىق ئەمەلدارلارنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشتى. بۇ قېتىمقى يىغىن ئىككى سائەت داۋام قىلىپ، كەچقۇرۇن سائەت يەتتىدە ئاياغلاشتى. لىنكولن پارلامېنت ئەزالىرىنى ئىشىك تۈۋىدە ئۇزىتىپ قويۇپ يىغىن زالىدىن نەچچە قەدەم نېرىدىكى ئىشخانىسىغا ئۆزى يالغۇز كىردى.

لىنكولن شىرەنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ كالېندارغا قارىدى، كاتىپ قىز كالېندارغا بىر كۈنلۈك پائالىيەتنى يېزىپ قويغاندى. لىنكولن بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشلارغا قاتتىق ئەمەل قىلاتتى.

مانا بۈگۈن، 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى لىنكولن بىر كۈنلۈك ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە پائالىيەتلەرنى تەرتىپلىك تۈگەتتى. ئاخىرقى بىر تۈرلۈك ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى. كالېندارغا: «سەككىزدىن ئوتتۇز مىنۇتتا ‹فورد› تىياتىرخانىسىدا جەنۇب ئارمىيىسىنى يەڭگەنلىك غەلىبىسىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلىدۇ، كۆڭۈل ئېچىش

كىچىلىكىدە شېكىسپىرنىڭ داڭلىق تىياتىرى ‹ ھەممە بىر دەك خۇش بولماق، قويۇلىدۇ! ...» دەپ يېزىلغانىدى.

«ئوھۇي، ئۇنتۇپ قالغىلى قىل قاپتىمەن!» لىنكولن ئا-خىرقى بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشقا كۆلۈۋاتقان چاغدا، كاتىپ قىز ئاستا كىرىپ كەلدى ۋە «فورد» تىياتىرخانىسىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك لوژىنىڭ بېلىتىدىن بىرنەچچىنى ھۆرمەت بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ كەينىگە ياندى.

— ماقۇل، مۇھاپىزەتچىلىرىمگە ئۇقتۇرۇپ قويۇڭ، خانىمىم بىلەن دەل ۋاقتىدا «فورد» تىياتىرخانىسىغا بارد-مەن! — لىنكولن تولىمۇ خۇشال ئىدى، ئۇ كاتىپ قىزغا ئىشلا-رنى تاپىلاپ بولۇپ ئىشخانىدىن ئالدىراش چىقىپ ئاستىنقى قەۋەت-تىكى ئاشخانىغا قاراپ ماڭدى.

## ئاخىرقى كەچلىك تاماقتا دەردىنى ئېيتتى

ئاشخانا ھەيۋەتلىك ھەم كۆركەم ئىدى. نەپىس تام چىراغلى-رىنىڭ ھەممىسى يېنىق ئىدى. چىراغلارنىڭ نۇرلىرى پولدا ئويناپتتى.

لىنكولن ئاشخانا ئىشىكىنىڭ تۈۋىدە تۇردى، بۇ يەردىن چىراغلارنىڭ يورۇقىدا كارىدورنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان ئۆيلەرنى ئوچۇق كۆرگىلى بولاتتى. ئۇنىڭغا تونۇش بولغان يې-شىل زال، كۆك زال ۋە قىزىل زال شۇ تەرەپتە ئىدى. كارىدور-دىن ئاقسارايىنىڭ ئالدى ئىشىكىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان پېنسىل-ۋانىيە كوچىسى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. گۇگۇم چۈشۈشىگە ئەگىشىپ ساناقسىز كوچا چىراغلىرى يۇلتۇزلاردەك چاراقلاپ يېنىشقا باشلايتتى. قەلبى غەلىبە شادلىقىدىن ئۆركەشلىنىپ تۇر-غان مۇشۇ پەيتتە ئۇنىڭ خىيالىغا نۇرغۇن ئەسلىمىلەر كەلمەكتە ئىدى. جۈملىدىن ئۇ ئۆتكەن يىل ئېلىپ بېرىلغان زوڭتۇڭلۇق

ۋەزىپىسىنى ئۇدا ئۆتەش سايلام رىقابىتىنى ئۇنتۇلالمايتتى، ئەس-
لىدە ئۇ تۆت يىللىق ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئاخىرلاشقاندىن
كېيىن سابىق زۇڭتۇڭ بۇخاناندەك ھالقىلىق پەيتتە باتۇرلۇق
بىلەن چېكىنىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى!
لىنكولن راستىنلا تەختتىن چۈشۈپ كەتسە، بۇ نېمىدىن
دېرەك بېرىدۇ؟ جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشىنىڭ داۋام قىلىۋاتقىنىغا
تۆت يىل بولغان بولسىمۇ، ئۇرۇش تىركىشىش باسقۇچىدا تۇرات-
تى. لىنكولن ھالقىلىق پەيتتە غەربىي لىنىيە ئارمىيىسىنىڭ
باش قوماندانى فىرمېنتنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ ۋەزىيەتنى
ئوڭشىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇش ئەڭ شەپقەتسىز باسقۇچتا
ئۆتكەندە گۋېررانتنى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ گېنېرال لېيتې-
نانتلىقىغا تەيىنلىدى. شۇڭا باشتا ئېغىر تالاپەت تارتىپ ئوسال
ئەھۋالدا قالغان شىمال ئارمىيىسى ناھايىتى تېزلا ئۆزىنى رۇسلى-
ۋالدى. ئۇرۇش ئۈچىنچى يىلغا قەدەم قويغاندا، لىنكولن فېدې-
راتسىيە ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى ماك كلېللاندنى ئەمەل-
دىن قالدۇرۇۋەتتى، چۈنكى لىنكولن ماك كلېللاندنىڭ ئۇرۇشقا
قوماندانلىق قىلىپ كەينى ـ كەينىدىن يېڭىلىشىگە چىداپ تۇرال-
مىدى. ئەسكەر ئىشلىتىشكە ماھىر لىنكولن شىمال ئارمىيىسى-
نى ئاستا ـ ئاستا مەغلۇپ ئارمىيىدىن غالىب ئارمىيىگە ئايلان-
دۇردى. شۇنداق قىلىپ كۈچلۈك كۆرۈنگەن جەنۇب ئارمىيىسى
تىرىپىرەن بولدى.
جەنۇب ـ شىمال ئوتتۇرىسىدىكى ھايات ـ ماماتلىق مەسىلى-
سى ھەل بولمىغان ئەھۋالدا، لىنكولنىنىڭ تەختتىن چۈشۈش
قارارىنى ئۇنىڭ ھاكىمىيەت يۇرگۈزۈشىنى قوللاۋاتقان شىماللىق-
لار بىلەن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى قەتئىي ھىمايە قىلمىدى.
شۇڭا لىنكولن ئىنتايىن جىددىي ۋەزىيەت ئاستىدا، 1864 ـ يىل
قىشتا ئۆتكۈزۈلگەن زۇڭتۇڭ سايلىمىغا قاتناشتى. ئۇ يەنە بىر
قېتىم غەلىبە قىلدى. گەرچە شۇ قېتىملىق سايلامدا لىنكولنغا

ئاساسەن شىماللىقلار ئاۋاز بېرىپ، جەنۇبلۇقلارنىڭ ھېچقايسىسى ئاۋاز بەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن لىنكولننىڭ قەلبى ئوخشاشلا ھاياجانغا تولغانىدى!

لىنكولن ۋاشىنگتوننىڭ ناھايىتى چوڭ ماي بوياق رەسىمىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئۇدا زوڭتۇڭ بولۇشتا غەلىبە قىلغانلىقىنى، بۇ غەلىبىنىڭ شىمالدىكى ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ غەلىبىسى ئىكەنلىكىنى ئويلاپ ئولتۇراتتى. جەنۇبلۇق قۇلدارلار ئۇنىڭغا جېنىنىڭ بارىچە ھۇجۇم قىلدى ۋە ھاقارەتلىدى. لىنكولن ئامېرىكا ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ قوللىشىغا ۋە ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. ئۇنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمىگە قارشى تەشەببۇسىغا خەلقئارا جەمئىيەت يۇكسەك باھا بەردى. بولۇپمۇ ماركسنىڭ ئەۋەتكەن تەبرىك تېلېگراممىسىنى لىنكولن ھەرگىز ئۇنتۇپ قالالمايتتى. غەربتىكى بۇ مەشھۇر پەيلاسوپ لىنكولننىڭ سايلام رىقابىتىدە ئۇدا ۋەزىپە ئۆتەش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىنى تەبرىكلەپ مۇنداق دېگەنىدى: «بىرىنچى قېتىم زوڭتۇڭ بولۇپ سايلانغاندا ئوتتۇرىغا قويغان قۇلدارلارنىڭ ھوقۇق ۋە كۈچىگە قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى شوئارىڭىزنى قالتىس جايىدا بولدى دېسەك، ئىككىنچى قېتىم يەنە زوڭتۇڭ بولۇپ سايلانغان چېغىڭىزدە، ئوتتۇرىغا قويىدىغان كۈرەش شوئارىڭىز: قۇلدارلىق تۈزۈمىنى يوقىتىش بولسۇن! ...»

«توغرا، ماركس تەبرىك تېلېگراممىسىدا ناھايىتى توغرا ئېيتقان. مېنىڭ ئەمدىكى نىشانەم — ئامېرىكىدا قۇلدارلىق تۈزۈمىنى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىش!» لىنكولن ئاجايىپ يوغان ئاسما چىراغنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى، تاماق شىرەسىدە تائام مول ئىدى. ئالدىدا خوتۇنى مارىي تود ئولتۇراتتى. كېنتۇكىكى شتاتلىق پارلامېنت ئەزاسىنىڭ بۇ قىزى يىگىرمە بىر يېشىدا لىنكولن بىلەن تۇرمۇش قۇرغانىدى، ئۇ نەچچە ئون يىللىق بوران - چاپقۇندا جاپا - مۇشەققەتنى لىنكولن بىلەن تەڭ تارتىپ

لىنكولنغا ھەمدەم بولۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ يېقىملىق چىراغ نۇرىدا بۇرۇنقىدەك لىۋەن ۋە جەزبىدار كۆرۈنەتتى.

— ئابراخام، بۇگۈن چىرايىڭىز ئەجەب باشقا كۈنلەردىكىگە ئوخشىمايدىغۇ؟ — دېدى مارىي ئېرىنىڭ تەخسىسىگە قورۇما ئۇسقاچ، ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇنغان كۆكۈچ كۆزلىرىنى لىنكولنغا تىكىپ. نېمىشقىدۇر ئېرىنىڭ ئاشخانىغا كىرگەن چاغدىكى تەشۋىشلىك چىرايىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ خۇددى ئاقسارايغا بىرىنچى قېتىم كىرگەندەك ئەتراپىدىكى ھەربىر نەرسىگە قىيالماسلىق نەزىرى بىلەن قاراۋاتاتتى.

— ياق، مەن بالىمىزنى ئويلاۋاتىمەن! — لىنكولن باشقا ھېچقانداق چاغدىكىگە ئوخشىمايدىغان چوڭقۇر مېھىر - مۇھەب-بەت بىلەن تاماق ئۈستىدە مارىيېنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان كىچىك ئوغلى توماس لىنكولنغا تىكىلىپ قاراپ قالغانىدى. ئەمدىلا ئون ئىككى ياشقا كىرگەن بۇ ئوغۇل بالا لىنكولنغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. ئۇ شۇ تاپتا ھېچنېمىدىن غېمى يوق ھالدا ۋىلكا بىلەن بىر خىلدا قېلىن توغرالغان كالا گۆشىنى يەۋاتاتتى.

مارىيېنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى. بۇ سۆزنىڭ چوڭقۇر مەنە-سى ئۇنىڭغا مەلۇم ئىدى. ئەسلىدە لىنكولن بىلەن مارىي توي قىلغاندىن كېيىن تۆت بالىلىق بولغانىدى، ئىككىنچى ئوغلى ئىدۋارد سەبىي ھەم ئوماق چوڭ بولۇۋاتقانىدى، ئەمما تۆت ياشقا كىرگەن يىلى ئېغىر كېسەل بولۇپ سپرىڭفىلدتىكى كونا تۇرالغۇ-سىدا ئۆلۈپ كەتتى. بۇ ئىش ھەر قېتىم يادىغا يەتكەندە، لىنكولننىڭ ئىچى ئاچچىق بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ۋىرس ئون ئىككى ياشقا كىرگەن يىلى لىنكولن بىلەن مارىي سپرىڭفىلدتىن ۋاشىنگتوندىكى ئاقسارايغا كۆچۈپ كەلدى، ئۇلار-نىڭ ۋاشىنگتونغا ئەمدىلا كېلىشىگە جەنۇب - شىمال ئۇرۇشى پارتلىدى، ۋىرس داۋالىسا ناھايىتى تېزلا ساقىيىپ كېتىدىغان

كېسەل بىلەن ئاغرىغانىدى، ئەمما لىنكولن ئۆرۈش بىلەن ئالدىراش بولۇپ، ۋېرسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمىدى، نەتىجىدە ۋېرس قازا قىلىپ كەتتى. مارىي تۇغقان تۆت ئوغۇلدىن تۇنجى ئوغۇل بىلەن كەنجى ئوغۇللا قالدى. ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، ئۆرۈش ئېھتىياجىغا ئاساسەن زۇڭتۇڭ بولغان لىنكولن ئۆرۈش ناھايىتى جىددىيلىشىپ كەتكەن چاغدا، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى يېڭىلا پۈتتۈرگەن چوڭ ئوغلى روبېرتنى ئارمىيىگە ئەۋەتىپ ئاددىي ئەسكەر قىلىپ قويىدى. روبېرت ھېلىمۇ ئارمىيىدە ئىدى، پەقەت كەنجى ئوغلى توماسلا ئۇلارنىڭ قېشىدا ئىدى.

لىنكولن بىر رومكا سېرىق ئۈزۈم ھارىقىنى بىراقلا ئىچىۋەتتى، ئۇ ئاغزىنىڭ چۆرىسىنى ئېرتىپ تۇرۇپ:

— ھەي، روبېرت قايتىپ كېلىپ بىز بىلەن ھەمداستىخان بولسا، تېخىمۇ ئوبدان بولاتتى! — دېدى.

مارىي لىنكولنىنىڭ بوغۇن ئاخشام قىلىۋاتقان ھەسرەتلىك گەپلىرىنى چۈشىنەلمەي ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ:

— ئۆرۈش ئاياغلاشتىمۇ؟ روبېرتمۇ پات ئارىدا قايتىپ كېلىدۇ! — دېدى.

— شۇنداق، ئۆرۈش تەستە ئاياغلاشتى، ئۆرۈشتا تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ھايات قالغان ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاتا - ئانىلىرى بىلەن جەم بولىدۇ! — لىنكولنىنىڭ كۆڭلى ھاياجانغا تولغانىدى، ئۇ قايغۇلۇق ئۇھسىنىپ يەنە، — بىلمەيمەن، مەن سۆيۈملۈك ئوغلۇم روبېرت بىلەن يۈز كۆرۈشەلەمدىم، يوق، ئۇ بالا بوي تارتقان بولۇشى مۇمكىن! — دېدى.

مارىي داڭقېتىپ قالغانىدى، شۇبھىلىك نەزىرىنى ئاغزىنى ئۇششۇتۇپ ئولتۇرغان ئېرىگە تىكتى. ئۇ ئالدىراش ئېرىنىڭ گېپىگە تۇزىتىش بېرىپ:

— ئابو، نېمىلەرنى دەۋاتىسىز؟ روبېرت ئۆرۈشتىن ئامان - ئېسەن چىققانىكەن، دادا - بالا ئىككىڭلار نېمىشقا

كۆرۈشەلمەيدىكەنسىلەر؟ — دېدى.
چىرايىدىن كۈلكە ئۆچكەن لىنكولن:
— ئىلاھىم دېگىنىڭىز كەلگەي! — دېدى.
مارىي ئېرىنىڭ رومكىسىغا هاراق قۇيۇپ:
— ئابو، كېلىڭ، ئاپەتنىڭ ئاخىر ئاياغلاشقانلىقىنى تەبرىكلەپ ماۋۇ بىر رومكىنى خۇشال ئولتۇرۇپ ئىچىۋېتەيلى! — دېدى.
لىنكولن رومكىسىنى خوتۇنىنىڭ رومكىسى بىلەن ئۇرۇشتۇرۇپ تۇرۇپ:
— بۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئامېرىكىدا ئىچكىرىشلىق ئۇرۇش بولمايدۇ، چۈنكى جەنۇب - شىمال ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇن يىل داۋامىدا شەكىللەنگەن تارىخىي زىددىيەت مەن هوقۇق تۇتقان مەزگىلدە ئاخىر هەل قىلىندى، مانا بۈگۈن هەققانىيەت رەزىللىك ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى! تىنچلىقنىڭ يېڭى بىر دەۋرى يېتىپ كەلدى! — دېدى.
مارىي هاراقتىن چىرايى قىزارغان ئېرىگە قاراپ، رومكىدىكى هاراقنى خۇشاللىق بىلەن ئىچىۋەتتى. مۇشۇنداق بەختلىك مىنۇتلاردا مارىي هۆرمەتكە سازاۋەر ئېرى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى هەم تېپىلغۇسىز بىر قېتىملىق كەچلىك تاماقتا ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى، ئەلۋەتتە!

## غەلىبىگە يوشۇرۇنغان كرىزىس ئەڭ قورقۇنچلۇق بولىدۇ

تەبىئەتنى تۇن پەردىسى ئۆز قوينىغا ئالغانىدى.
هەيۋەتلىك هەم كۆركەم ئاقساراي چىراغلارنىڭ يورۇق نۇرىدا كۆزنى چاقنىتىپ تۇراتتى. XVIII ئەسىردىكى ئەنگلىيە سەھرالىرىدىكى داچا ئۇسلۇبىدا سېلىنغان سەلتەنەتلىك بۇ قورۇلۇش

«فورد» تىياتىرخانىسىغا مېڭىش ئالدىدا تۇرغان زۇكتۇك لىن-
كولنغا ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك بۇنداق سېھرىي كۈچكە تولغان
ھالەتتە كۆرۈنمىگەنىدى.

— ئابو، پاتراق ماڭايلى، نېمىگە قاراپ تۇرىسىز؟ — مارىي
ۋە ئۇنىڭ ئوغلى توماس ئاللىبۇرۇن كىيىنىپ تەق بولۇپ تۇرغا-
نىدى. ئۇلار لىنكولن بىلەن بىللە جەنۇب - شىمال ئۇرۇشىنىڭ
ئاخىرلاشقانلىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن «فورد» تىياتىرخانى-
سىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان كەچلىك كۆڭۈل ئېچىش نومۇرلىرىنى
كۆرگىلى بېرىشقا تەرەددۇت قىلىشقانىدى. لېكىن مارىي ئىككىن-
چى قەۋەتكە چۈشۈپ كېتىۋېتىپ، بىرىنچى قەۋەتتىكى ئالدى
ئىشىككە قاراپ كېتىۋاتقان لىنكولنىنىڭ ھەممە نەرسىگە قىيال-
ماسلىق نەزىرى بىلەن سەپسېلىپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قال-
دى.

لىنكولنىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرى ناھايىتى بىنورمال ئى-
دى، چۈنكى ئىلگىرىكى چاغلاردا ئېرى سىرتلارغا چىققاندا قەدەم-
لىرىنى تېز ئېلىپ ئالدىراش چىقىپ كېتەتتى. ھەرگىزمۇ شەر-
قىي زال، دۆلەت زىياپىتى زالى، قىزىل زال، كۆك زال ۋە
يېشىل زاللارغا قىيالماسلىق نەزىرى بىلەن قارىمايتتى. بۇ نېمە
ئۈچۈن؟

لىنكولن بۈگۈن ئاخشامدىكى پائالىيەتنى ئۆزىمۇ چۈشەن-
مەيتتى. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭغا ئۆزى تۆت يىلدىن بېرى تۇرۇپ
كېلىۋاتقان ئاقسارايىنىڭ ھەممىلا يېرى ئىسسىق كۆرۈنۈپ كېتى-
ۋاتاتتى. ھەرخىل رەڭدە بېزەلگەن، ئۇسلۇبى ئۆزگىچە زاللار
لىنكولنىنىڭ يادىغا تۈرلۈك ئەسلىمىلەرنى سالاتتى. ھەتتا ھەربىر
ئاسارئەتىقە، فارفۇر بۇيۇم، كىتاب، تام رەسىمى، گىلەم، تام
مەش، ئاسما چىراغلار ئۇنىڭغا بىباھا بۇيۇم سۈپىتىدە بىلىنەتتى.
لىنكولن بولۇپمۇ XVIII ئەسىردىكى مەشھۇر رەسسام گىلبېرت
ستۇئارت كۆڭۈل قويۇپ سىزغان ۋاشىنگتوننىڭ پورترېتىدىن

مېھرىنى ئۆزەلمەي قالدى. ئۇ ئۆزىنى دۆلەت قۇرغۇچى تۆھپىكار زۇڭتۇڭنىڭ ۋارىسى ھەم ئىخلاسمەن چوقۇنغۇچىسى ھېسابلايتى. لىنكولن ۋاشىنگتوننىڭ پورترېتى ئالدىدا خىيال سۈرۈپ ئۇزاق تۇردى ۋە كۆڭلىدە ئۆز ـ ئۆزىگە قەسەم بەردى: «ئۇرۇش ئاخىر ئاياغلاشتى. مەن جانابىڭىزنىڭ فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىنى بەرپا قىلغاندا بېكىتكەن دۆلەت قۇرۇش توغرىسىدىكى ‹ خەلقنىڭ ھەممە نەرسىسى تەل بولۇش، خەلق ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىش، خەلق بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولۇش باش پرىنسىپىغا سادىق بولدۇم! › فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى جانابىڭىز ئەينى يىللاردا كۆرسىتىپ بەرگەن يولدا غەلىبىسېرى ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ! ...»

سائەت سەككىزدىن ئون مىنۇت ئۆتكەندە لىنكولن ئاخىر بىر تۈركۈم مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا خوتۇنى مارىي ۋە ئوغلى توماس بىلەن ئايرىم ماشىنىدا پېنسىلۋانىيە كوچىسىدىن قوزغىلىپ ۋاشىنگتون شەھىرى مەركىزىگە جايلاشقان «فورد» تىياتىرخانىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

تۆت يىلدىن بۇيان لىنكولن يېڭى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشىغا ئۇرۇش مالىمانچىلىقى باشلىنىپ كەتكەنلىكتىن، خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن ھەشەمەتلىك تىياتىرخانىلارغا بېرىپ كۆڭۈل ئېچىش پۇرسىتىگىمۇ ئېرىشەلمىگەنىدى. بۈگۈنكى بۇ پۇرسەت كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان پۇرسەت ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى ياخشى ئىدى. ئۇنى تۆت يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئاۋارە قىلغان ئۇرۇش ئۇنىڭ قوماندانلىقىدا ناھايىتى تەستە غەلىبىلىك ئاياغلاشتى، شۇڭا لىنكولن غەلىبىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن «فورد» تىياتىرخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىگە شەخسەن ئۆزى قاتنىشىش قارارىغا كەلگەنىدى.

گۆلدۈراس ئالقىش ياڭرىدى!

لىنكولن خوتۇنى مارىي بىلەن بۇ قەدىمىي ھەم سەلتەنەتلىك

تىياتىرخانىنىڭ ئۆدۆل تەرىپىدىكى لوژىدا پەيدا بولغان چاغدا، ئادەم بىلەن تولغان تىياتىرخانا لەرزىگە كەلدى. كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىگە كەلگەن ئەمەلدارلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ئۇرۇشتا بەدەل تۆلىگەن ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ لوژىدىكى قەددى ـ قامەتلىك ھەم ئىستىداتلىق زۇڭتۇڭ لىنكولنغا ئالقىش ياڭراتتى!

لىنكولن تاماشىبىنلارغا پات ـ پات قول ئىشارىسى قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈردى. بۈگۈن ئاخشام ئۇنىڭ قەلبى ھاياجان ۋە خۇشاللىققا تولغانىدى. كۆپ يىللاردىن بېرى كۆڭلىرى جىددىيچىلىك ھەم پەرىشانلىقتا ئۆتكەن لىنكولنغا بۈگۈنكىدەك خۇشاللىق ئاز نېسىپ بولغانىدى. لىنكولن «تۆۋەندىكى تاماشىبىنلار مېنى مەن زۇڭتۇڭلۇقتىن ئىبارەت ئالىي ۋەزىپىنى ئۈستۈمگە ئالغانلىقىم ئۈچۈن مۇشۇنداق قارشى ئېلىۋاتىدۇ» دەپ ئويلىمايتتى. ئۆزىدىن ئاۋۋال ۋەزىپە ئۆتىگەن زۇڭتۇڭلارمۇ ئاممىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغاندا، ئادەتتە ئۇ ئېرىشكەن بۈگۈنكىدەك قارشى ئېلىشقا ناھايىتى تەستە ئېرىشكەنىدى. لىنكولن شىمالدىكى قۇللارنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلغاچقا، ئامما ئۇنىڭغا تەنتەنە بىلەن مۇشۇنداق ھۆرمەت كۆرسەتتى. قۇلدارلىق تۈزۈمىنى تەلتۆكۈس يوقىتىش مەقسەت قىلىنغان، ئۇ قوماندانلىق قىلغان ئۇرۇش ئاخىر غەلىبىگە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن، لىنكولننىڭ ئاۋام قەلبىدىكى ئىناۋىتى چەكسىز كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

«ياشىسۇن لىنكولن!»

«ياشىسۇن ‹ئازادلىق خىتابنامىسى›!»

«قۇلدارلىق تۈزۈمىنى ئۈزۈل ـ كېسىل يوقىتىپ، قۇلدارلىق تۈزۈم بولمىغان ھالەتنى مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشۇرايلى!»

تاماشىبىنلار لوژىدىكى لىنكولنغا قىزغىن ئالقىش ياڭرىتاتتى. تەسىرلىك كۆرۈنۈشتىن لىنكولن قايناق ھېسسىياتىنى بېسىۋالالماي، تەختكە چىققاندىن بۇيان ئۆز دۆلىتىدە يىرگىنچلىك

قۇلدارلىق تۈزۈمىنى مەڭگۈ يوقىتىش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشىـ
چانلىقلىرىنى ئەسلىدى!
1862 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، لىنكولن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان تۈنجى «ئازادلىق خىتابنامىسى» نى ئوچۇق ئېلان قىلدى ۋە مەملىكەت خەلقىنىڭ قارشى ئېلىشىغا نائىل بولدى. شۇ چاغدا پۈتۈن مەملىكەتتە كۆتۈرۈلگەن ھەيۋەتلىك تەبرىكلەش پائالىيەتلىـ
ـرى ھېلىمۇ لىنكولننىڭ يادىدا ئىدى. كىچىكىدىن تارتىپ نېگىر قۇللارغا ئارىلاشقان ھەم ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلغان، نېگىر قۇللار بىلەن تاغلاردا ئىشلىگەن لىنكولن ئاقسارايغا قەدەم قويغان كۈندىن باشلاپ نېگىر قۇللارنى تەلتۆكۈس ئازاد قىلىش قارارىغا كەلگەنىدى. ئەمما بۇ ئىش بىر زۇڭتۇڭ ئۈچۈن شۇنداق ئاسانمۇ؟ ئامېرىكىدا يۈز يىلدىن بېرى شەكىللەنگەن نېگىر قۇللارنى ئېزىش تۈزۈمى چوڭقۇر يىلتىز تارتقانىدى، بۇ ھەرقانداق بىر ئادەم «شاققىدە» قارار چىقىرىپ ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىدىغان ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى.
لىنكولن جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشى تازا كەسكىنلەشكەن بىر ۋاقىتتا «ئازادلىق خىتابنامىسى» نى ئېلان قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. جۈملىدىن نېگىر قۇللارنىڭ ئارمىـ
يىگە قاتنىشىپ، قوللىرىغا قورال ئېلىپ ئۆزلىرىنى ئەزگەن جەنۇب قۇلدارلىرى بىلەن ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىشىغا يول قويدى. لىنكولن نېگىر قۇللارنىڭ ئەسكەر بولۇشىغا رۇخسەت قىلدى، ئۇلارغا ئادەم بولۇش ئەركىنلىكىنى بەردى! بۇ ئىشلار تەدرىجىي پىشقاندىن كېيىن لىنكولن ئۆزىنىڭ قۇللارنى ئۇزۇل ـ كېسىل ئازاد قىلىش توغرىسىدىكى تەشەببۇسىنى شەرھـ
لەپ بېرەلەيدىغان «خىتابنامە» ئېلان قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى، بۇ خىتابنامە بىرىنچى قېتىم لىنكولننىڭ «قۇللارنى ئۇزۇل ـ كېسىل ئازاد قىلىش» تىن ئىبارەت يۈرەك ساداسىنى ئاشكارا ياڭراتتى. بىراق شۇ چاغدا ئۇرۇش بولۇۋاتقان ھەم لىنكولن بۇ

تەشەببۇسنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقانلىقى سەۋەبلىك كابىنتىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنىڭ ھەرخىل يوللار بىلەن توسقۇنلۇق قىلىشىدىن خالىي بولالمىدى. شۇڭا ئۇ تۇنجى قەدەم ئىدى. لىنكولننىڭ «ئازادلىق خىتابنامىسى» گەرچە نېگىر قۇل-لارنى ھۆر ئادەملەرگە ئايلاندۇرۇش نىشانىنى ھەقىقىي تۇردە ھەل قىلالمىغان بولسىمۇ، لېكىن خىتابنامىنىڭ ئەينى چاغدا ئېلان قىلىنىشى ھەقىقەتەن پۈتۈن مەملىكەتنى ھەيران قالدۇرۇۋەتتى.

«روسېلىن، ئوبدان ئاچا، ئېچىلىپراق ئولتۇرە! — دېدى سېلىيە.»

گراف:

«ھە، قىزىم، جىيەن قىزىم، بۇ يەرگە كېلىڭلار، باتۇرلار-نى كۆرۈڭلارچۇ؟ سىلەر قىزىقمايسىلەر، ئىككى ئادەمنىڭ كۈچ سىلىشتۇرمىسىدا پەرق ناھايىتى كۆپ، ماۋۇ بىچارە ياش ئۇچۇن، مەن ئۇنى مەيدانغا چۈشمەسلىككە دەۋەت قىلىمەن! قىزلار، ئۇ-نىڭغا دەڭلار، ئۇنى گەپكە كىرگۈزگىلى بولامدۇ، - يوق، قاراپ بېقىڭلار، — دېدى.»

سەھنىنىڭ قىزغۇچ پەردىسى ئاستا - ئاستا ئېچىلدى، سەھ-نىدە شېكىسپىرنىڭ مەشھۇر دىرامىسى «ھەممە بىردەك خۇش بولماق» ئوينىلىۋاتاتتى. سەھنىنىڭ ئۈستۈنكى كۆرۈش سۈپىسى بىلەن ئاستىنقى كۆرۈش سۈپىسى ئوخشاش كەيپىياتقا تولغانىدى. لوژىدا ئولتۇرغان لىنكولن نۇرغۇنلىغان پاراكەندىچىلىكلەرنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئەسلىدە ئۇ «فورد» تىياتىرخانىسىغا كۆڭلىنى ئېچىش ئارزۇسىدا كەلگەنىدى، ئەمما ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ ئۇنىڭ كۆڭلى تەسكىن تاپالمىدى. ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئازاب دېڭىزى ئىچىدە ياشاۋاتقان قۇللارنىڭ سىيماسى ھەر ۋاقىت نېرى كەتمەيتتى. ئۇ «ئازادلىق خىتابنامىسى» ئېلان قىلىنغان-دىن كېيىن ئۆز ئەتراپىدا يۈز بەرگەن تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەرنى ئويلىدى. بولۇپمۇ جەنۇب - شىمال ئۇرۇشى بۇرۇلۇش ياساپ،

ئۇنىڭغا ئۇ ئارزۇ قىلغان مۇۋەپپەقىيەتتىن ئۈمىد ئەكەلگەنىدى.
شۇنىڭ بىلەن لىنكولن 1863 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى «ئىككىنچى ئازادلىق خىتابنامىسى»نى ئېلان قىلىشقا تەييارلاندى. كىشىلەر «ئاخىرقى ئازادلىق خىتابنامىسى» دەپ ئاتىغان بۇ ھۆججەتتە لىنكولن ئاخىرى: «جەنۇبتىكى بارلىق قۇللار شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھۆر!...» دەپ جاكارلىدى!

لىنكولنىنىڭ كۆز ئالدىدا، شېكسپىرنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى جانلىق پېرسوناژلار ئوبرازى سەھنىدە ئاستا ـ ئاستا قۇللىرىنى كۆتۈرۈپ چۇقان سېلىۋاتقان نېگىر قۇللارنىڭ ئوبرازى بىلەن ئالماشتى! ئۇ، ئۇنىڭ «ئازادلىق خىتابنامىسى» ياراتقان مۆجىزە ئىدى، ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدىكى يىل بويى قامچا ئاستىدا ياشاپ كەلگەن نېگىر قۇللار ئاخىر تەكتۈكۈس ئازادلىققا چىققانىدى!

سەھنىدىكى گراف، روسېلىن، سېلىيە ۋە ئاۋلاندو قاتارلىق پېرسوناژلار سەھنىگە ئالمىشىپ چىقىۋاتاتتى. لىنكولن شۇ تاپتا دىققىتىنى سەھنىدە ئوينىلىۋاتقان دىرامىغا بۇرىدى، چۈنكى ئۇ ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلغان جىددىي كۈرەشتىن قىسقا ۋاقىت بولسىمۇ قۇتۇلۇشنى ئىستەيتتى، بىراق «ھەممە بىردەك خۇش بولماق» ناملىق بۇ مەشھۇر دىراما ئوينىلىۋاتقان بىر چاغدا، پۈتۈن مەملىكەت جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇش ھالىتىنىڭ تىنچلىق ھالىتىگە ئۆتكەنلىكىنى قۇتلۇقلاۋاتقان بىر پەيتتە، ئەرۋاھقا ئوخشاش بىر قارا سايە پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ سەھنىگە تۇتاشقان پەلەمپەيگە ياماشتى، ئۇ لىنكولن ۋە ئۇنىڭ خانىمى مارىي ئولتۇرغان لوژىغا قاراپ سىلجىدى.

لىنكولنىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى تىياتىرخانىنىڭ تىنچلىقىدىن ھوشيارلىقىنى يوقىتىپ، چارلاشنى بوشاشتۇرۇپ قويغانىدى.

ھېلىقى قورقۇنچلۇق سايە لوژىغا بارغانسېرى يېقىنلاشتى!

# لىنكولن قەستكە ئۇچرىدى

ئۇ ئېگىز بويلۇق، كېلىشكەن ئەر ئىدى.

«فورد» تىياتىرخانىسىدا بوش ئورۇن قالمىغانىدى، كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىگە تەكلىپ بىلەن كەلگەن ئەمەلدار ۋە ئەسكەرلەر سەھنىدە ئوينىلىۋاتقان شېكىسپېرنىڭ مەشھۇر دراممىسىنى بېرىلىپ كۆرۈۋاتقان چاغدا، ئۇ قارا سايە تىياتىرخانىنىڭ گىرىمخانىسىدىن يالغۇز چىقتى ۋە ھېچكىمگە تۇيدۇرماي قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىنىۋاتقان ئارقا لوژىنىڭ تۇۋىگە كەلدى.

ئۇ ئارقا لوژىنىڭ ئىچكى ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەردار ئىدى. چۈنكى ئۇ مۇشۇ تىياتىرخانىنىڭ نامى بار ئوپېرا ئارتىسى ئىدى، ئارقا لوژىغا كىرىپ - چىقىشتا ئۇ قىينىلىپ كەتمەيتتى. لوژىغا تۇتاشقان چاققانغىنە ئىشىك ئالدىدا زۇڭتۇڭنىڭ ئىككى مۇھاپىزەتچىسى قوراللىق ھالەتتە تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ «فورد» تىياتىرخانىسىنىڭ ئادىمى بولغاچقا، مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىۋېتىپ پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ لىنكولن ئەر - خوتۇن ئىككىسى دراما كۆرۈۋاتقان لوژىنىڭ كەينى ئىشىكىگە ئوخشاشلا بارالايتتى.

لىنكولن ئولتۇرغان لوژىنىڭ ئارقا ئىشىكىدە ئاقسارايىنىڭ قوراللىق بىر مۇھاپىزەتچىسى بار ئىدى، ئۇ ئارقا ئىشىكتە مۇھاپىزەتچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتاتتى. ئەمما لىنكولنغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كېلىۋاتقان نامى بار ئارتىس جىمجىت كارىدوردا پەيدا بولغان چاغدا، ھېلىقى مۇھاپىزەتچى دراما باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاق كۆڭۈل لىنكولننىڭ چاقىرتىشى بىلەن لوژىدا لىنكولن ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ دراما كۆرۈۋاتقانىدى، ئۇ بۇنى تاسادىپىي بايقاپ قالدى!

غەلىبە تەبرىكلىنىۋاتقان شۇ دەمدە كىممۇ زۇڭتۇڭ لىنكولن-

غا دۈشمەنلىك قىلىش نىيىتىدە بولسۇن؟
ھېلىقى ئاۋاق ئەر ئارتىس تېپىلغۇسىز غەنىيمەت پۇرسەتتىن خۇشال بولغان بولسىمۇ، يەنىلا يېنىكلىك قىلىشقا پېتىنالمىدى. چۈنكى ئۇ شۇ تاپتا ئالاھىدە بىر ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغانىدى، قارامىلىق قىلىشقا ھەرگىز بولمايتتى. شۇڭا ئۇ لىنكولىن ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئولتۇرغان لوژىغا نەچچە قەدەم قالغان يەردە قەدىمىنى توختاتتى.
ئۇ چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى ئىشىكنىڭ كەينىگە ئالدى. ئۇ تىنىق چىقارماستىن ئەتراپتىكى مۇھىتنى بىر مەھەل كۆزەتتى. كۆرۈش سۇپىسىدىن كېلىۋاتقان خۇشال كۈلكىلەر غالىبلارنىڭ كۈلكىسى ئىدى، بۇ كۈلكە ئاۋازلىرىدىن ئۇنىڭ يۈرىكى گويا پىچاق تىققاندەك ئاغرىدى.
ئۇ چىشىنى چىشلەپ غەلىبە خۇشاللىقىغا چۆمۈلگەن بارلىق كىشىلەرنىڭ ئارامىنى بۇزۇپ، قەدىمىنى چوڭ تاشلىغان پېتى لىنكولىن ئولتۇرغان لوژىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىپ، ئاندىن لىكولىن پەرۋاسىز ئولتۇرغان شۇ دەقىقە ئىچىدە كۆڭلىگە پۈككەن ئىشنى قىلىپ تۇگەتمەكچى بولدى. بۇنداق تەقەززالىقنىڭ تۈرتكىسىدە، ئۇ ئوڭ قولىدىكى تاپانچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قاراڭغۇدا قارىغا ئېلىشنى مەشىق قىلدى. ئۇ ئېھتىيات قىلىش ياكى كۈتۈلمىگەن ئىشلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىختىيارسىز سول قولىنى ئىشتان يانچۇقىدىن چىقاردى، ئۇنىڭ سول قولىدا سوغۇق نۇر چېچىپ تۇرغان خەنجەر تۇراتتى!
ئۇنىڭ يۈرىكى شۇئان دۈپۈلدەپ سوقۇپ، پۈتۈن بەدىنىدىكى قانلار شۇ تاپتا مەۋج ئۇرۇپ ئېقىشقا باشلىدى. ئەمما قاتىل ئۆزىنى توسۇپ تۇرغان ئاخىرقى خەتەرلىك رايوندىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، نەچچە كۈندىن بېرى رازۋېدكا قىلغان ئورۇنغا ئېتىلىپ كىرمەكچى بولغان چاغدا، نېمىشقىدۇر قاتىل بىردىنلا ئالدىغا تاشلىغان ئوڭ پۇتىنى تارتىۋالدى.

ئۇنىڭ يۈرىكى پوكۇلداپ سوقۇۋاتاتتى.

چۈنكى ئۇ نېمىلا دېگەنبىلەن ئوپېرا ئارتىسى ئىدى. ئوتتۇز يىلدىن بۇيانقى ھاياتىدا ئون يىلدىن ئارتۇق ۋاقتىنى سەھنىدە ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇ سەھنىدە ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن كېلىشكەن ئەر باش رولچى ئىدى، ئۇر ـ چاپ قىلىشلارنى كۆرگەن بولسىمۇ، شىددەتلىك قىرغىنچىلىق دراما ۋەقەلىكىنىڭ ئېھتىياجى ئىدى. ناۋادا ئۇنى شۇ تاپتا ئوق چىقىرىپ ئادەم ئۆلتۈرىدىغان ياكى ھۆكۈمەتنىڭ ئالىي رەھبىرىنىڭ يۈرىكىگە خەنجەر تىقىدىغان پېرسوناژنىڭ رولىنى ئال دېسە، ئۇ بۇنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلالارمۇ؟ ئۇ بۇ رولنى سەھنىدە ئويناۋېتىپ يېڭىلىشىپ كەتسە، بۇنىڭ كارى چاغلىق. يەنە بىر قېتىم كەلسە بولىدۇ، ئەمما رېئال تۇرمۇشتا قاتىلنىڭ رولىنى ئېلىش چوقۇم نەتىجىلىك بولۇشى كېرەك! مۇۋەپپەقىيەتلىك بولماي قالسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۆزى مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ئوقىدا جېنىدىن جۇدا بولىدۇ! راستىنلا ئاشۇنداق قورقۇنچلۇق ئاقىۋەت يۈز بەرسە قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ مۇشۇلارنى ئويلاپ دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرىكىنى تۇتتى. چۈنكى ئۇ ھاياتىدا بىرىنچى قېتىم مۇشۇنداق خەتەرلىك رولنى ئېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ قەستلەيدىغان ئوبيېكت — ھەممە كىشىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان ئامېرىكىنىڭ زۇڭتۇڭى لىنكولن ئىدى! بۇ ھەرگىز ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى!

بۇنداق قورقۇنچنىڭ ئورنىنى ناھايىتى تېزلا چىدىغۇسىز غەزەپلىك كەيپىيات ئىگىلىدى. قاتىلنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنى چاقناپ كەتتى. ئۇ خۇددى ئۆزىگە تونۇش بولغان جەنۇبنى كۆرگەندەك بولدى، ئۇ يەر ئۇنىڭ يۇرتى ئىدى. شىمال ئارمىيىسى زىرائەتلەر پىشىپ كەتكەن ئېتىزلىقلارنى دەسسەپ، ئالتۇن باشاقلارنى چەيلەپ قۇيۇندەك كېتىۋاتاتتى؛ يېزا ـ كەنتلەر ئوت دېڭىزى ئىچىدە قالغان؛ غەزەپلەنگەن شىمال ئارمىيىسى بىر

توپ قولدارلارنى چەمبەرچاس باغلاپ، مىلتىقلىرىنىڭ پاينەكلى-
رى بىلەن جىنىنىڭ بارچە ئۇرۇۋاتاتتى؛ قەد كۆتۈرگەن كور-
مىگلىغان نىگىر قوللار يارقىن قوياش نۇرىدا بايرام تەنتەنىسىگە
چۆمگەنىدى... بۇ پارچە - پۇرات مەنزىرىلەر ئۇنىڭ لىنكولننى
قەستلەش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشىغا غايەت زور تۇرتكىلىك
كۈچ بولدى. ئۇنىڭدىكى بايامقى قورقۇنچ قاياقلارغىدۇر يوقالدى.
ئۇ ئەمدى قانداق ئاقىۋەتلەر بولىدىغانلىقىنى كۆپ ئويلىمايتتى،
ئۇنىڭدا پەقەت بىرلا مەقسەت بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ لوژىدا
ئولتۇرۇپ غەلىبە تەنتەنىسى يۈزىسىدىن قويۇلۇۋاتقان نومۇرلارنى
كۆرۈۋاتقان لىنكولننى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئىدى، چۈنكى لىنكولن
ئۇنىڭ يۇرتى بولغان جەنۇبنى ئوت دېڭىزىغا تاشلىغان باش جىنا-
يەتچى ئىدى!

ئۇ ئېتىلىپ چىقتى! لىنكولن ئولتۇرغان لوژىغا ئۆزىنى
ئۇردى.

ئۇ لوژىنىڭ غۇۋا يورۇقىدا تونۇش بولغان سايىنى —
زوڭتوڭ لىنكولننى كۆردى، زوڭتوڭ يوغان بىر ئورۇندۇقتا
بىمالال ئولتۇرۇپ پۈتۈن دىققىتى بىلەن سەھنىدىكى ئويۇننى
كۆرۈۋاتاتتى. خوتۇنى سول تەرىپىدە، ئوغلى ئوڭ تەرىپىدە ئول-
تۇراتتى. ئاقسارايىنىڭ قوراللىق مۇھاپىزەتچىسى بىر چەتتە شې-
كىسپىرنىڭ كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالىدىغان دىرامىسىنى
پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن كۆرۈۋاتاتتى!

بۇ تېپىلغۇسىز ياخشى پۇرسەت ئىدى!

قاتىل نەچچە قەدەم نېرىدا تۇرۇپ تاپانچىسىنى كۆتۈردى.
ئۇ تاپانچىنىڭ قاپقارا ئاغزىنى لىنكولننىڭ كەينى مېڭىسىگە توغ-
رىلاپ تەپكىنى باستى! «ۋىژ» قىلغان ئاۋاز بوغۇق ھەم بوش
ئىدى. تاماشىبىنلارنىڭ ئۈزۈلدۈرمەي ياڭرىتىۋاتقان ئالقىش سا-
داسى ئىچىدە قاتىلنىڭ ئاتقان ئوقى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوز-
غىيالمىدى. لېكىن لىنكولننىڭ يېنىدا ئولتۇرغان مارىي خانىم

بايام راۋۇرۇس ئولتۇرغان ئېرىنىڭ نېمىشقىدۇر بېشىنىڭ بىر يانغا قىيسىيىپ قالغانلىقىنى بايقاپ ھەيرانۇھەس بولدى. ئۇ سىنچىلاپ قارىدى، لىنكولنىنىڭ كەينى مېڭىسىدىن ئاققان قىپ-قىزىل قان بويىنىدىن مەيدىسىگە ساقىپ چۈشمەكتە ئىدى.

— قاتىل بار ئىكەن! — دەپ ۋارقىرىدى مارىيې خانىم.

بىر چەتتە تۇرۇپ ئويۇن كۆرۈۋاتقان مۇھاپىزەتچى ئېڭىشىپ قاراپ چۆچۈپ كەتتى. ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالمىغانلىقىنى ھېس قىلغان مۇھاپىزەتچى شۇئان تاپانچىسىنى چىقىرىپ:

— بىرى زۇڭتۇڭنى قەستلىدى! بىرى زۇڭتۇڭنى قەستلىدى! — دەپ ۋارقىراپ سىرتقا ئۆزىنى ئاتتى.

دەل مۇشۇ چاغدا مۇھاپىزەتچى ئەرۋاھقا ئوخشاش بىر قارا سايىنىڭ قاراڭغۇ كارىدوردا لوژىنىڭ كەينىدىكى تار پەلەمپەيگە قاراپ قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

— ئۇنى تۇتۇڭلار! — مۇھاپىزەتچىنىڭ ئىنچىكە ئاۋازىدىن ئاستىنقى قەۋەتتە قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ئاقسارايىنىڭ بىر تۈركۈم مۇھاپىزەتچىلىرى ھەرىكەتكە كەلدى. ئۇلار بايام بىرىنىڭ «بىرى زۇڭتۇڭنى قەستلىدى» دەپ توۋلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ تەرەپ - تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى. ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلگەن تاپانچىلىق ئون نەچچە مۇھاپىزەتچى ھېچنېمىگە قارىماي ھېلىقى تار پەلەمپەيگە ئېتىلدى.

«ۋىژ، ۋىژ، ۋىژ» «قارا سايە» گە تىياتىرخانىدىكى يوللارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن تونۇش ئىدى، ئۇ يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان مۇھاپىزەتچىلەرنى كەينىگە تاشلىۋەتتى. بىر ياقتىن ئوق چىقىرىپ، يەنە بىر ياقتىن قوغلاپ كېلىۋاتقان مۇھاپىزەتچىلەرنى تىياتىرخانىنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىگە ئاچىقتى. ئۇ يەر قاپقاراڭغۇ ئىدى، تۈرلۈك سەھنە جابدۇقلىرى مۇشۇ يەرگە قويۇلاتتى. قازانىنىڭ قارىسىدەك تۇم قاراڭغۇ يوغان ئىسكىلاتتا مۇھاپىزەتچىلەر

نەدىن قول سېلىشنى بىلەلمەي تورۇپ قېلىشتى. «ۋىژ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ «غىل - پال» يورۇقلۇق كۆرۈنۈپ قالاتتى.

تىياتىرخانىدىكى لىنكولىننىڭ قەست قىلىنغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان نەچچە مىڭ تاماشىبىن بىردىنلا پاتىپاراق بولۇپ كېتىشتى. ھەممە ئادەم سەھنىدىكى ئويۇننى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ لوژىغا قاراپ كەلكۈندەك ئېقىشقا باشلىدى. بىراق ئاقسارايىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى لوژىغا تۇتاشقان يوللارنىڭ ھەممىسىنى قاتتىق قامال قىلغانىدى. لىنكولىن قەستكە ئۇچرىغان شۇم خەۋەردىن چۆچۈپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قېلىشقان كىشىلەر بىردىنلا ئۇرۇش غەلىبىسىنىڭ شېرىن چۈشىدىن ئويغاندى، ئۇلار لىنكولىننى كۆتۈرۈپ ئاچىقسا، ئۇنى بىر كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن تىياتىرخانىنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىكى زالغا، تىياتىرخانىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا توپلاندى. لىنكولىن ھادىسىگە يولۇقماستىن ئاۋۋال كىشىلەر قۇلدارلىق تۈزۈمىگە قارشى بۇ ئۇلۇغ زۇڭتۇڭغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى يۈرەك قېتىدا ساقلاپ كېلىۋاتاتتى؛ كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي مۇھەببىتى پەقەت مۇشۇنداق پەۋقۇلئاددە ئەھۋالدا ئەڭ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلار لىنكولىندىن ئايرىلالمايدۇ!

لىنكولىن كەينى مېڭىسىگە ئوق تەگكەن زامان ھوشىنى يوقاتقانىدى. بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرھال يېتىپ كەلگەن ئاقساراي دوختۇرى لىنكولنغا ناھايىتى تېز دىئاگنوز قويدى. گەرچە ئۇنىڭ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغان بولسىمۇ، يۈرىكىنىڭ سوقۇشتىن توختىمىغانلىقىنى ئېيتتى.

— دەرھال جىددىي قۇتقۇزۇش كېرەك! — مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ ئاندورېۋ جونسون ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئالدىراش يېتىپ كەلگەن ئاقسارايىنىڭ ئەمەلدارلىرى سەكرات ئۈستىدە ياتقان لىنكولىننى نوسىلكا بىلەن ئاستىنقى قەۋەتكە ئېلىپ چۈشۈشكە بۇيرۇق قىلدى. ئۇلار غەزەپلەنگەن ئاممىنىڭ ئاللىبۇرۇن تىياتىر-

خانا ئالدىغا يىغىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، نائىلاج تىياتىرخاندىنىڭ كەينى ئىشىكىنى ئېچىپ، ئۆلۈم ھالىتىدە ياتقان لىنكولننى ماشىنىسىغا سېلىپ ئاقسارايدىكى مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا جىددىي قۇتقۇزۇش ئۈچۈن دىنىي چېركاۋ دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ ماڭدى!

«بىز لىنكولننى كۆرىمىز!»

«بىزگە لىنكولن بولمىسا بولمايدۇ!»

«كىم لىنكولننىڭ جېنىغا زامىن بولىدىكەن، شۇنىڭ مېڭىسىنى چۇۋۇۋېتىمىز!»

«فورد» تىياتىرخانىسى ئالدىدىكى كىشىلەر بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. كېيىن كوچىدا كېتىۋاتقان يولۇچىلار ھەم ئۆيلىرىدە ئۇخلاۋاتقان كىشىلەرمۇ ئۇرۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ تەرەپ - تەرەپتىن تىياتىرخانا ئالدىغا يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى. كەچ سائەت ئون بىر بولدى، لىنكولن قەستكە ئۇچراپ بىر سائەتتىن كېيىن «فورد» تىياتىرخانىسىنىڭ ئالدى ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى.

يىغا ئاۋازى، چۇقان ئاۋازى ۋە تىل - ھاقارەت بىر پەسىيىپ، بىر كۆتۈرۈلدى. كىشىلەر لىنكولننى كۆتۈرۈپ ئاچىقىدۇ دېگەن ئۈمىدتە تۇرۇشاتتى. لېكىن تۈن يېرىمىغىچە ساقلاشقان بولسىمۇ، لىنكولننىڭ سايىسىنىمۇ كۆرۈشەلمىدى. كىشىلەرنىڭ تەشۋىشلىك كەيپىياتى يۇقىرى پەللىگە چىققاندا، «فورد» تىياتىرخانىسىنىڭ ئالدى بىر دەم پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. تۇيۇقسىز بىرەيلەن ئىنچىكە ئاۋازدا:

— قاتىل تۇتۇلۇپتۇ!...، — دەپ ۋارقىرىدى.

— ھە، قاتىل...؟

— كېلە، ئۇنىڭ تېرىسىنى شۇلەيلى!

لىنكولننىڭ تەقدىرىدىن خاۋاتىرلەنگەن ئامما لىنكولننى ئۆلتۈرمەكچى بولغان قاتىلنىڭ تۇتۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ ئەسەبىي-

لەشكەن ھالدا يوپۇرۇلۇپ كەلدى. قوللىرى چەمبەرچاس باغلان-
غان ئېگىز بويلۇق بىرەيلەن ئوندەك قورالλىق ساقچىنىڭ يالىشى
بىلەن تىياتىرخانىدىن چىقتى. شۇ ئەسنادا كىشىلەر توپى ئارىسى-
دا قورقۇنچلۇق بىر قىيقاس - چۇقان كۆتۈرۈلدى. كىشىلەر
ھەرىلەردەك قاتىلغا ئېتىلىپ كەلدى، بەزىلەر يىغلىغان پېتى
تىللاپ ۋارقىرايتتى، بەزىلەر قاتىلنى چېچىدىن تۇتۇۋېلىپ جان
ئاچچىقىدا دۆشكەلەيتتى، بەزىلەر بېشىغا مۇشتلايتتى، بەزىلەر
ئاچچىقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىنچىكە بويىنىنى چىشلەپ
ئۈزۈۋالماقچى بولۇشاتتى... تىياتىرخانا ئالدىدىكى ۋاراڭ - چۇ-
رۇڭغا تولغان مەيداندا ئادەم مىغىلداپ كەتكەنىدى، قەستلەش
ۋەزىپىسىنى تۈگىتىپ ئامان - ئېسەن قېچىپ كېتىمەن دەپ
ئويلىغان ھېلىقى قاتىل ئۆزىنىڭ غەزەپلەنگەن كىشىلەرنىڭ قولى-
غا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى ھەرگىز ئويلىمىغانىدى.

## ماركس باھا بەرگەن بىردىنبىر ئامېرىكا زۇڭتۇڭى

لىنكولن دوختۇرخانىنىڭ ئوپېراتسىيە كارىۋىتىدا ياتاتتى.
لىنكولنىنىڭ چىرايى ئادەتتىن تاشقىرى تاتىرىپ كەتكەنىدى،
بۇ دوختۇرخانا تۈن نىسپىدە دوختۇر، سېستىرالارنى ھەرىكەتلەندۈ-
رۈپ كېسەل ئەھۋالى ناھايىتى ئېغىر لىنكولنىنى پۈتۈن كۈچى
بىلەن قۇتقۇزۇشقا ئاتلاندى، ئەمما ئۈنۈمى بولمىدى.
تەجرىبىلىك دوختۇر ناھايىتى تېز دىئاگنوز قويۇپ قاتىل
ئاتقان ئوق بىلەن لىنكولنىنىڭ كەينى مېڭىسىنىڭ ئۈستىخىنى
ئۆۋىلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئېنىقلىدى. قوغۇشۇن ئوق شۇ تاپتا
ئۇنىڭ مېڭە بوشلۇقىدا ئىدى، مېڭە قان تومۇرى زەخىملەنگەن،
باشنىڭ ئىچىگە قان تولغانىدى.
گەرچە لىنكولنىنىڭ كېسەل ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلىقى شۇنداق

ئېنىق بولسىمۇ، لېكىن ئەينى چاغدىكى ئامېرىكىنىڭ داۋالاش تېخنىكىسى ئوپېراتسىيە ئارقىلىق مېڭە بوشلۇقىدا تۇرۇپ قالغان ئوقنى ئېلىۋېتىپ، ئاندىن مېڭە قان تومۇرنى تىكىپ قويىدىغان سەۋىيىدە ئەمەس ئىدى. شۇڭا ھەرقانداق دوختۇرغا كېسەلنى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان لىنكولننىڭ بېشىدا ئامالسىز قاراپ تۇرماقتىن باشقا يول يوق ئىدى!

لىنكولن سەكرات ئۈستىدە ياتاتتى.

ئۇ بىھوش ياتقان چېغىدا گويا مېھىر - مۇھەببىتى چىڭ باغلانغان سپرىڭفىلدقا يەنە بىر قېتىم بارغاندەك بولدى. ئۇ لىنكولن سىياسىي مۇنبەرگە قەدەم قويغان جاي ئىدى. بۇ بازار كىچىك بولغىنى بىلەن بۇ يەردىكى يەرلىك كىشىلەر تولىمۇ ئاق كۆڭۈل ھەم سەمىمىي ئىدى، لىنكولن سپرىڭفىلدقا كېلىشتىن ئاۋۋال بوز يەر ئاچتى، دۇكاندا نىمكار بولدى، پىدائىيلار ئارمىيىسىدا كىچىك ئەترەت باشلىقى بولدى، كېيىن سپرىڭفىلدتا ئادۋوكات بولۇپ ئىللىنوئىس شتاتىنىڭ پارلامېنت ئەزاسى بولۇپ سايلانغانىدى.

«خىرە - شىرە» چۈش ئىچىدە لىنكولن سپرىڭفىلد بازىرىدىكى ئۆزىگە تونۇش بولغان قەلئە خارابىسىنى، قاتار كەتكەن ئۆيلەرنى، ياپيېشىل دەل - دەرەخلەرنى ۋە شىرىلداپ ئېقىپ تۇرغان كىچىك ئېقىننى كۆردى.

«ئاھ. سپرىڭفىلد، مەن سېنى ھەر ۋاقىت ئۇنتۇپ كېتەلمەيمەن! سېنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋېلىشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلىمەن - ھە!...» 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى سۇبھى ۋاقتى لىنكولننىڭ تەپەككۇر پائالىيىتى توختىمىغانىدى. ئۇ خىيالىدا قاتمۇ قات تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ، رىشتى باغلانغان سپرىڭفىلدقا قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى. لىنكولن 1861 - يىل 2 - ئايدىكى باش باھارنىڭ ھېلىقى ئۇنتۇلغۇسىز سەھىرىنى غۇۋا ئەسلىدى، ئۇ بىر يىل ئالدىدىكى چوڭ سايلامدا غەلىبە قازانغان-

لىقتىن ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش ئۈچۈن ۋاشىنگتونغا قاراپ يولغا چىقىش ئالدىدا تۇراتتى.

لىنكولىنىڭ ھېلىمۇ يادىدا، ئۇ سپرىڭفىلد بازىرىدىن ئايرىلىدىغان چاغدا، ئۇنى پۈتكۈل بازارنىڭ ئادەملىرى ئۇزىتىپ چىققانىدى. كوچىلار لىنكولىنى ئۇزىتىپ چىققان كىشىلەر بىلەن تولغانىدى. لىنكولن چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت بىلەن ئۆزىنى ئامېرىكىنىڭ سىياسىي سەھنىسىگە چىقارغان پۇقرالارغا قاراپ كۆڭلى تولىمۇ بۇزۇلغان ھالدا، خوشلىشىش ئالدىدىكى يۈرەك سۆزىنى ئىزھار قىلدى: «يۇرتداشلار، مەن زوڭتۇڭ بولغانلىقىمدىن خۇشال بولسامۇ، لېكىن سىلەردىن ئايرىلىدىغانلىقىم ئۈچۈن كۆڭلۈم يېرىم بولۇۋاتىدۇ. ئايرىلىش ئالدىدىكى ئازابىمنى ھېچكىم ھېس قىلالمايدۇ. مېنىڭ بارلىقىم مۇشۇ يەرگە ۋە كۆپچىلىكنىڭ كۆيۈنۈشىگە تەۋە. مەن بۇ يەردە يىگىرمە بەش يىل ياشىدىم. ياش بىر يىگىتتىن قېرى بوۋايغا ئايلاندىم! مەن ئەمدى كېتىمەن، زىممەمگە چۈشكەن مەسئۇلىيەت ئەينى يىللاردە ۋاشىنگتوننىڭ زىممىسىگە چۈشكەن مەسئۇلىيەتتىنمۇ ئېغىر! قاچان كېلىدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن، كېلەلەمدىم - كېلەلمەمدىم پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزىگە ئامانەت، لېكىن سىلەرگە شۇنداق ۋەدە بېرىمەنكى، مەن ھەرقانداق ۋاقىتتا سپرىڭفىلدنى ئۇنتۇپ قالمايمەن! ...»

مانا ئەمدى گۈزەل، قەدىمىي ۋە كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان سپرىڭفىلد ھوشسىز ياتقان لىنكولندىن بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى...

لىنكولىنىڭ كاللىسى يوغىناپ كېتىۋاتقان قارا تۇمان بىلەن تولغانىدى، بۇ قارا تۇمان ئۇنىڭ پۈتكۈل خاتىرىسىنى ۋە تەپەككۇرىنى بېسىپ كەتتى...

1865 - يىل 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى دېرىزىدىن كىرگەن تاڭ نۇرلىرى بۇ چېركاۋ دوختۇرخانىسىنىڭ قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە

چۈشتى. سائەت يەتتىدە لىنكولن تىنىقتىن قېلىپ بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشتى!

لىنكولننىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى ۋاشىنگتونغا تارقالغان چاغدا، شەھەرنى باشتا ئېغىر سۈكۈنات باستى. كۆپ ئۆتمەي پايتەختنىڭ كوچىلىرىنى دەممۇدەم كۆتۈرۈلگەن يىغا ئاۋازلىرى قاپلىدى. جەنۇب - شىمال ئۇرۇشىنى يېڭىلا باشتىن كەچۈرگەن ئامېرىكىلىقلار غەلىبە تەنتەنىسىنى قىلا - قىلمايلا تۇيۇقسىز كەلگەن بالايىئاپەتكە دۇچار بولدى! شۇڭا قايغۇغا چۆمگەن پۇقرا-لار كېچە - كۈندۈز دېگۈدەك لىنكولن ۋاپات بولغان ھېلىقى دوختۇرخانىغا بېرىپ جىم ئولتۇرۇپ ياكى ئېسەدەپ يىغلاپ مەر-ھۇمغا بولغان مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشاتتى!

پۈتۈن مەملىكەت لىنكولننىڭ ۋاپاتىغا ماتەم تۇتقان كۈنى ۋاشىنگتوندا تەشكىل قىلىنغان پەۋقۇلئاددە سوت لىنكولنغا قەست قىلغان قاتىلنى سوراق قىلدى.

قاتىل سۇرلۇك سودىيە ئالدىدا بېشىنى ئەگدى.

جون ۋېلس پوس ئىسىملىك بۇ ئارتىس لىنكولننى قەستلى-گەن كۈنى ئاخشىمى، لىنكولننىڭ ۋاپاتىغا قاتتىق ئېچىنىپ، «فورد» تىياتىرخانىسى ئالدىدا ئۆزىگە غەزەپ بىلەن نەپرەتلىنىپ تۇرۇپ كەتكەن كۆرمىڭلىغان ئاممىنى كۆرۈپ ئاغزىنى ئېچىپ قالغانىدى. پوس سوراق ئورنىدا ئولتۇرۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۆزى-نىڭ ئەخمىقانە ئىش قىلىپ قويغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئۇرۇشتا جەنۇبنىڭ يېڭىلگەنلىكى ئۈچۈن لىنكولنغا ئۆچمەنلىكى قوزغىلىپ، جەنۇبلۇق بىر قۇلدارغا نۇرغۇن پۇلغا سېتىلغان جاسۇس ئىدى.

ۋېلس پوس جەنۇبلۇق قۇلدار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈش جەر-يانىدىكى پۈتكۈل سۈيىقەستنى ئىقرار قىلىپ بولۇپ يىقىلىپ چۈشتى، شۇ يىقىلغان پېتى ئورنىدىن تۇرالمىدى. چۈنكى ئۇ ئۆز ئىسمىنىڭ تارىخنىڭ لەنەت تۈۋرۈكىگە مەڭگۈلۈك مىخلىنىدىغان-لىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى.

لىنكولننىڭ دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

مەرھۇمنىڭ خانىمى ئېرىنىڭ ھايات ۋاقتىدا قىلغان ئاغزاكى ۋەسىيىتىنى ئېيتتى: لىنكولن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزى چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان سپرىڭفىلدقا قويۇشنى ۋەسىيەت قىلغانىدى.

لىنكولننىڭ مېيىتى ۋاشىنگتوندىن سپرىڭفىلدقا ئېلىپ مېڭىلدى، ھەممە يەر ماتەم تۇتقان كىشىلەر بىلەن تولدى. گۈلچەمبىرەكلەر تۆمۈريول بويىغا قاتار تىزىلىپتىلگەن، كىشىلەرنىڭ يىغا ئاۋازلىرى زېمىننى لەرزىگە كەلتۈرگەنىدى!

لىنكولن ۋاپات بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ماركسنىڭ مۇنداق باھاسىغا ئېرىشتى: «ئۇ قىيىنچىلىقتىن قورقمايدىغان، مۇۋەپپەقىيەتتىن ئېسەنكىرەپ قالمايدىغان زات ئىدى…، — ماركس يەنە، — ئۇ ئامېرىكا تارىخى ۋە ئىنسانىيەت تارىخىدا ۋاشىنگتون بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدۇ!» دېدى.

# ئون يەتتىنچى باب

# پارلامېنتتا ئازار يېگەن

## —— ئون يەتتىنچى زۇڭتۇڭ ئاندورېۋ جونسون



ئاندورېۋ جونسون 1808 - يىل 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى شىمالىي كارولىنا شتاتىغا قاراشلىق رالېيگدا تۇغۇلغان. دادىسىدىن كىچىك قېلىپ ئۆسمۈرلۈك ۋە بالىلىق چاغلىرىنى ئاپىسىنىڭ مەدىكارچىلىق قىلىپ تاپقان ئازغىنە پۇلىغا تايىنىپ نامراتلىق ئىچىدە ئۆتكۈزگەن؛

1825 - يىلى ئاكىسى بىلەن جەنۇبىي كارولىنا شتاتىغا كېلىپ تىككۈچى بولغان؛

1827 - يىل 5 - ئايدا تېننېسسى شتاتىغا قاراشلىق گرىنۋىلدا چىرايلىق قىز ماك كارتلەي بىلەن توي قىلغان؛

1828 - يىلى مەزكۇر گرىنۋىل شەھىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەلدارى بولغان؛

1830 - يىلى گرىنۋىل شەھىرىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن؛

1835 - يىلى تېننېسسى شتاتىنىڭ پارلامېنت ئەزالىقىغا سايلانغان؛

1839 - يىلى مەزكۇر شتاتنىڭ كېڭەش پالاتا ئەزالىقىغا سايلانغان؛

1853 ـ يىلى تېننېسسى شتاتىنىڭ باشلىقى بولغان؛
1857 ـ يىلى ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ كېڭەش پالاتا ئەزالىقىغا سايلان-
غان؛
1862 ـ يىلى تېننېسسى شتاتىنىڭ ھەربىي ئىشلارغا مەسئۇل ۋالىي-
سى بولغان؛
1864 ـ يىل 6 ـ ئاي فېدېراتسىيە پارتىيىسىنىڭ بالتىموردا ئېچىل-
غان مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىدا زۇڭتۇڭ لىنكولىنىڭ سايلام رىقابىتىدىكى
ھەمراھلىقىغا كۆرسىتىلگەن؛
1865 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلۇققا سايلان-
غان؛
1865 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى لىنكولىنىڭ ئورنىغا چىقىپ
ئامېرىكىنىڭ ئون يەتتىنچى زۇڭتۇڭى بولغان؛
1868 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى قارار
لايىھىسى ماقۇللاپ جونسوننى ئەيىبلىگەن، لېكىن كېڭەش پالاتاسى ئاۋازغا
قويغاندا بىر بېلەت كەم بولۇپ قېلىپ تەختتىن چۈشۈپ كەتمىگەن، ئۇ
ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەيىبلەشكە ئۇچرىغان تۇنجى زۇڭتۇڭ؛
1869 ـ يىل تەختتىن چۈشۈپ گرىنئۇلغا قايتقان؛
1875 ـ يىل كېڭەش پالاتانىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان؛
1895 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات
بولغان.

## جەنۇبنىڭ ئاسىيسى

پويىز جونسونغا تونۇش بولغان چوڭ تۆمۈر كۆۋرۈكتىن
گۈلدۈرلەپ ئۆتۈپ، يۇرتى گرىنئۇلنىڭ شەھەر ئەتراپى ئېنىق
كۆرۈنۈشكە باشلىغان چاغدا، پويىزنىڭ خاس ھۇجرىسىدا ئولتۇر-
غان جونسوننىڭ خوتۇنى ماك كارتلەي ھاياجانلىنىپ:
— ئاندورېۋ، ئاخىر جەنۇبتىكى يۇرتىمىزغا قايتىپ كەل-
دۇق! — دەپ توۋلاپ كەتتى.
لېكىن جونسوننىڭ بېشى ساڭگىلاپ، چىرايى تۇتۇلۇپ،

قاپقى تۇرۇلدى. ماك كارتلەي ئېرىنىڭ كۆڭلىنىڭ پاراكەندە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇراتتى.

— ئاندورېۋ، سىز گرىنۋىلنى ئالىبۇرۇن سېغىنغانىدىڭىز-غۇ؟ مانا قايتىپ كەلدۇق، نېمىشقا بۇنداق دېمىگىز ئىچىڭىزگە چۈشۈپ كېتىدۇ.؟

— سەل قورقۇۋاتىمەن!...

— قورقۇۋاتىمەن، نېمىدىن قورقىسىز؟

— ئاشۇ قۇلدارلار مېنى بوش قويۇۋەتمەسمىكىن، لىنكولىن هاكىمىيەت يۇرگۈزگەن مەزگىلدىكى ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلگەن جەنۇبلۇقلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى مەندىن ھېساب ئالارمىكىن دەيمەن!

— نېمىدەپ ھېساب ئالىدۇ؟ قىزىق گەپ، ئۇرۇشنى يا سىز قوزغىمىسىڭىز؟

— ئۇرۇشنى ئەلۋەتتە مەن قوزغىمىدىم، لېكىن ئىلگىرى نېمىشقىدۇر شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ لىنكولىننىڭ ئوغرى كېمىسىگە چىقىپ قالدىم؟

بۇ 1869 - يىل 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئىدى.

ۋاشېنگتوندىن يولغا چىقىپ فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى ھۆكۈمرانلىقىدىكى جەنۇب زېمىنىدا كېتىۋاتقان پويىزدا ئۇرۇش ۋاقتىدا لىنكولنغا مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ بولغان ئاندورېۋ جونسون كۆز ئالدىدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان جەنۇبنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى تاغ - دەريالىرىغا قاراپ خاموش ئولتۇراتتى. ئۇنى قايغۇ - ھەسرەت بىلەن ۋەھىمە چۇلغىۋالغانىدى. جونسون شۇندىلا ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بولۇشنىڭ مەمنۇنىيەتلىك ھەم شەرەپلىك ئىش ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ ھوقۇق تۇتقان ئاز كەم تۆت يىل ئىچىدە ماك كارتلەي خانىم بىلەن ھەشەمەتلىك پالادىئو ئۇسلۇبىدا سېلىنغان بىنادا راھەت - پاراغەتتە ياشىدى. ئەپسۇسكى، ھوقۇقتا مەستانە بولۇپ ئۆتكەن بۇنداق تۇرمۇش ناھايىتى

قىسقا بولۇپ قالدى، لىنكولننىڭ ۋارىسى بولغان جونسون زۇڭ-تۇڭلۇقنىڭ ھوقۇقى - ھالاۋەتنى تۈزۈك تېتىماي تۇرۇپلا ۋەزى-پىسىدىن ئايرىلدى. بىر ئاي ئىلگىرى ئاقسارايىنىڭ جەنۇبىدىكى چىملىقتا جونسونغا تونۇش بولغان «يۇلتۇز سىزىقلىق بايراق» گىمنىنىڭ تەسىرلىك مىلودىيىسى يەنە بىر قېتىم ياڭرىغان چاغدا، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىدىن بولغان گرانت ئىسىملىك كىشى ھۆرمەت توپلىرىنىڭ ساداسى ئىچىدە كۆك كۆز، سېرىق چاچ ئايال بىلەن بىللە كۆرەڭلىگەن ھالدا قەسەم بېرىش مۇنبىرى-گە قەدەم قويدى.

جونسون ئۆزىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭ لىنكولنغا ئوخشاش پۇق-رالارنىڭ ئىشەنچىسگە ئېرىشەلمىگەنلىكىدىن ھەسرەتلەندى؛ يېڭى تەختكە چىققان رەقىبى گرانتقا ئۆچلۈك قىلىپ، 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن يېڭى زۇڭتۇڭنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشمىدى.

جونسون مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈشتىن بىر كۈن بۇرۇن ئىك-كىنچى زۇڭتۇڭ ئادامسقا ئوخشاش خانىمى ماك كارتلەي ۋە بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ مېھرى چۈشۈپ قالغان ئاقسارايدىن ئالدىراپ، داۋراڭسىز جىممىدە ئايرىلىپ، ۋاشىنگ-تون شەھەر ئەتراپىدىكى ۋاقىتلىق ئىجارىگە ئالغان بىر پۇقرانىڭ ئۆيىگە كەلدى. جونسون خىلۋەت بۇ ماكاندا بىر مەزگىل دەم ئېلىپ، ئاندىن ۋەزىپىسىدىن بوشانغاندىن كېيىنكى كۈنلىرىنى قانداق ئۆتكۈزۈش توغرۇلۇق ئويلانماقچى بولدى.

— ئاندورېۋ، ھەقىقەتەن بارىدىغان يەر بولمىسا، يەنىلا گرىنۋىلغا كەتكىنىمىز تۈزۈكمىكىن! ئۇ ھەرھالدا يۇرتىمىز! — ماك كارتلەي زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ كۈن بويى قايغۇ - ھەسرەت بىلەن گاڭگىراپ يۈرۈۋاتقان ئېرىنى كۆ-رۈپ ئۇنىڭغا ئارامخۇدا ياشايدىغان بىر جاينى تەۋسىيە قىلدى.

— بولمايدۇ، بولمايدۇ! — جونسون گرىنۋىلنى ئاڭلاپ پۈ-تۈن بەدىنى شۈركۈنۈپ كەتتى.

— نېمىشقا بولمايدۇ! سىز ئەينى يىللاردا شۇ يەردە كۆزگە كۆرۈنگەنىدىڭىزغۇ! شۇ يەردە پارلامېنت ئەزالىقىغا سايلانمىغان بولسىڭىز، ۋاشىنگتونغا كېلەلەرمىدىڭىز؟ — دېدى ماك كارتىلەي.

جونسون تاقىر بېشىنى چايقاپ:

— بۇنى بىلىمەن، لېكىن مېنىڭ بارغۇم يوق! — دېدى.

— بارغۇڭىز بولمىسىمۇ بارىسىز. ئويلاپ بېقىڭ، ئىلگىرى ئاقسارايدا زۇڭتۇڭ بولغانلارنىڭ ھەممىسى، جۇمىلىدىن ۋاشىنگتونمۇ، تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن يۇرتىغا كەتكەنغۇ؟ ئەجەبا سىز شۇلارنىڭ سىرتىدىمۇ؟ — دېدى ماك كارتىلەي.

راست! بۇ قىسمەتتىن جونسونمۇ ئۆزىنى چەتكە ئالالمايتتى. چۈنكى ئۇ جونسوننىڭ نامى سېسىغان چاغلار ئىدى، ئۇ گرىنۋىلغا قايتمىسا، ئامېرىكىدا ئۇنىڭغا ھېچقانداق يەردىن باش تىققۇدەك ماكان چىقمايتتى. بولۇپمۇ شىمالدىكى «ئۇنى ۋاپاسىز، لىنكولن باشلىغان يولدىن يۈز ئۆرۈدى» دەپ ئەيىبلىگەن كەڭ رايونلاردا جونسونغا ئالىقانچە يەر تېخىمۇ چىقمايتتى! تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغان جونسون نائىلاج ۋاشىنگتون شەھەر ئەتراپىدىكى ئاددىي پۇقرانىڭ ئۆيىدە بىر ئايدىن ئارتۇق تۇرۇپ، خوتۇنى ماك كارتىلەي بىلەن ئامالىنىڭ يوقىدا جەنۇبتىكى يۇرتى گرىنۋىلغا قاراپ يولغا چىقتى.

پويىز جونسوننىڭ يۇرتىغا يېقىنلاشقانسېرى ئۇنىڭ كۆڭلى شۇنچە پاراكەندە بولاتتى. ئايرىلغىنىغا ئۇزۇن يىل بولغان گرىنۋىلغا يېتىپ باراي دېگەندە، يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ كەتتى.

پويىز دېرىزىسىنىڭ سىرتىدىكى غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ياپيېشىل ئېتىزلار، سۇكۇتكە چۆمگەن ئېقىنلار ۋە يىراقتا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۆيلەر كۆز ئالدىدا شۇئان لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئۇلۇغ يانغىنغا ئايلاندى. بۇ نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى ھېلىقى قورقۇنچلۇق ئۇرۇش ئىدى!

جونسون دەل مۇشۇنىڭدىن قورقاتتى! 1861 - يىل 4 - ئايدا جەنۇب - شىمال ئۇرۇشى باشلانغاندا، ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدا تۇغۇلغان جونسون شىمالدىكى ۋاشىنگتوندا ئىدى. ئۇ مالىمانچە-لىق يۈز بېرىشنىڭ سەل ئالدىدا پارلامېنت خىزمىتى بىلەن مەشغۇل بولۇش ئۈچۈن بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ شىمالدىكى پايتەختكە كەلگەنىدى. ئاشۇ قورقۇنچلۇق ئۇرۇش باشلىنىپ كۆپ ئۆتمەي جەنۇبلۇق ئاۋام ۋە كېڭەش پالاتا ئەزالىرى شىمال فېدېرات-سىيە ئارمىيىسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يۇرتىغا ھۇجۇم قىلغانلىقىدىن نارازى بولۇپ، شۇنداقلا جەنۇبتىكى ھەرقايسى شتاتلارنىڭ فېدې-راتسىيە تەركىبىدىن ئارقا - ئارقىدىن چېكىنىپ چىقىپ كېتى-ۋاتقانلىقىغا ئاۋاز قوشۇش يۈزىسىدىن پارلامېنتتىن كەينى - كەينىدىن چېكىنىپ چىققانلىقى ھېلىھەم ئۇنىڭ يادىدا ئىدى. بەزى پارلامېنت ئەزالىرى پارلامېنتتىن ئايرىلغان چاغدا ھاياجانغا تولغان ھالدا نۇتۇق ئېلان قىلىپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان زۇڭتۇڭ لىنكولن يولغا قويغان قۇلدارلىق تۈزۈمىگە قارشى سىياسەتكە ھۇجۇم قىلىشتى.

يەنە بىر قىسىم كىشىلەر جونسوننى جەنۇبلۇقلارنىڭ مەنپە-ئىتى ئۈچۈن، پارلامېنت ئەزاسىلىق مەرتىۋىسىنى قۇربان قىلغان كىشىلەرگە ئوخشاش پارلامېنتتىن قەتئىي چېكىنىپ چىقىپ جە-نۇبتىكى يۇرتى گرىنۋىلغا قايتىپ كېتىشكە تەۋسىيە قىلدى. چۈنكى شۇ يەردىكى پۇقرالار قاتتىق ئازاب - ئوقۇبەتتە قالغانى-دى، ناۋادا ئۇلار بولمىسا، جونسونمۇ جەنۇبتىكى شتاتلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان پارلامېنت ئەزاسى بولالمايتتى!

جونسون ئەمەلدارلار سورۇنىدىكى ئىشلارنىڭ ئېپىنى بىلى-دىغان قېرى قاقۋاش ئىدى! ۋەزىيەتسىدىن ئىستېپا بېرىشكە ئۈن-دىگەنلەرنىڭ مەسلىھەتىنى ئۇ سىلىق سۆزلەر بىلەن چىرايلىق رەت قىلدى ۋە ۋاشىنگتوندا قېپقېلىشتا چىڭ تۇردى. ئۇنى «پار-لامېنت ئەزالىقىدىن مېھرىنى ئۈزەلمىدى دېگەندىن كۆرە، سەز-

گۇر سىياسەتچىلەرگە خاس كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئاساسەن شىمال ئارمىيىسىنىڭ غەلىبە قىلىش ئېھتىمالىنى ئالدىن كۆرەلىدى، ئۆسۈش مۇمكىنچىلىكى بار ئەمەلدارلىق مۇساپىسىدە چەكسىز نوپۇز ئىگىسى بولغان زۇڭتۇڭ لىنكولىننىڭ ئەڭ ئوبدان ھىماتچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى» دېگەن تۇزۇك ئىدى.

«مەن بۆلۈنۈشكە قارشى تۇرىمەن، جەنۇبتىكى ھەرقايسى شتاتلارنىڭ فېدېراتسىيىدىن چېكىنىپ چىقىش تەشەببۇسىغا قارشى تۇرىمەن. مەن زۇڭتۇڭ لىنكولىننىڭ جەنۇبتىكى توپىلاڭچى ئارمىيە ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلىش ھەرىكىتىنى قوللايمەن! پارلامېنت ئەزاسىلىق ۋەزىپەمدىن قەتئىي ئىستېپا بەرمەيمەن!» دېدى. پۇتكۈل مەملىكەت داۋالغۇش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ئالاھىدە كۈنلەردە جەنۇبلۇق جونسون شىمالدا ساداقەتلىك بىلەن ئۆز پوزىتسىيىسىنى ئاشكارا بايان قىلدى! ئادەتتىكى بىر پارلامېنت ئەزاسى بولغان جونسون ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنى ئىپادىلىگەنلىكتىن، شۇئان زۇڭتۇڭ لىنكولىننىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ياخشى كۆرۈشىگە نائىل بولدى!

— بارىكاللا، پارلامېنت ئەزاسى جونسون، سىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىڭىز كىشىنى قاتتىق تەسىرلەندۈرىدۇ. سىز گەرچە جەنۇبلۇق بولسىڭىزمۇ، ھەرقايسى شتاتلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇپ، ئۆلۈشكە رازى بولدىڭىزكى، جەنۇبقا قايتمىدىڭىز، بۇ كىشىنى ئاجايىپ تەسىرلەندۈرىدۇ! — دېدى ئۇ جەنۇب - شىمال ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن ئىنتايىن ئالدىراش بولسىمۇ ۋاقىت چىقىرىپ جونسون بىلەن ئاقسارايدىكى ئىشخانىسىدا سەمىمىي پاراڭلىشىۋېتىپ. زۇڭتۇڭنىڭ مۇشۇ كۈنلەردە ئاددىي پارلامېنت ئەزاسىنى قوبۇل قىلىشى بىر ھېسابتا جونسوننىڭ ئىناۋىتىنى بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى. جونسون بىردىنلا كاتتا ئەربابقا ئايلىنىپ قالدى.

لىنكولن جونسوننى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشنى قارار قىلدى.

لىنكولنىنىڭ شۇنداق نىيەتكە كېلىشى ھەرگىزمۇ جونسونـ
نىڭ ئۇرۇش پارتلاش ئالدىدىكى مەردانە سۆزى ئۈچۈن ئەمەس،
مۇھىمى ئۇ فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىدە، ئارمىيىدە جەنۇبلۇق بىر
ئەمەلدارنىڭ بولۇشى ئادەتتىن تاشقىرى سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىـ
گە بولغانلىقى ئۈچۈن ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن لىنكولن ئاقسارايدا مۇلكىي ئەمەلدار جونسونـ
غا گېنېرال لېيتېنانتلىق ئۇنۋانىنى بەردى.

جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشى تازا كەسكىنلەشكەن چاغدا جونـ
سون باشتىن ـ ئاياغ لىنكولنىنىڭ ئىشەنچلىك ھەربىي مەسلىھەتـ
چىسى ھەم ئەقىل كۆرسەتكۈچىسى بولدى. جونسون لىنكولنغا
سادىق بولۇش ئۈچۈن ئامېرىكا گېزىتلىرىدە كۆپ قېتىم ئاشكارا
ئىمزالىق ماقالە ئېلان قىلىپ، جەنۇبتىكى قۇلدارلارنىڭ ۋەتەننى
پارچىلاش قىلمىشلىرىنى غەزەپ بىلەن سۆكتى!

ئۇرۇش باشلىنىپ ئىككىنچى يىلى باھاردا شىمال ئارمىيىـ
سى جەنۇبتىكى مۇھىم بازار گرىنۋىلنى ئىشغال قىلغان چاغدا،
لىنكولن ئىشغال قىلىنغان جاينى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك مۇستەھكەمـ
لەش ئۈچۈن جونسوننى تېننېسسى شتاتىنىڭ ھەربىي ئىشلار باش
ۋالىيلىقىغا تەيىنلەش توغرۇلۇق پەرمان چۈشەندى.

شۇ چاغدا جونسون شۇ قەدەر شان ـ شەرەپ ھەم ئىپتىخار
ھېس قىلغانىدى! ئۇ مۇلكىي ئەمەلدار ھەم قوشۇمچە ھەربىي
ئەمەلدار ئىدى، شانۇ شەۋكىتى ھەرياققا تارقالغانىدى؛ ئۇ جەنۇبـ
لۇق بولسىمۇ، لېكىن شىمالدىكى پۇقرالارنىڭ ھەم ھۆكۈمەتنىڭ
ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەنىدى؛ شۇ چاغدا جونسونغا ئوخشاش ئىرادىـ
لىك ھەم ئىستىقبالى پارلاق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار
ساناقلىق ئىدى!

جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشى تىركىشىشتىن شىمال ئارمىيىسى
قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكەن باسقۇچقا كىرگەندە — 1864 ـ يىل
باھاردا — لىنكولننىڭ شىمال ئارمىيىسى كەينى ـ كەينىدىن

غەلىبە قازىنىۋاتقان شارائىت ئاستىدا، شۇ يىلى 11 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلىدىغان زۇڭتۇڭ سايلام رىقابىتىگە قايتا قاتنىشىش پۇر-ستىگە ئېرىشىشنى قارار قىلدى. لىنكولن شۇ چاغدا جونسوننى ئاقسارايدا شەخسەن ئۆزى قوبۇل قىلدى.

— جونسون ئەپەندى، مەن يەنە بىر نۆۋەت ئامېرىكا زۇڭتۇ-ڭى بولسام، سىزنى مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ قىلىۋالاي دېگەن خىيالىم بار، خالامسىز؟ — دېدى لىنكولن.

— رەھمەت! زۇڭتۇڭ جانابلىرىنىڭ ماڭا بولغان ئىشەنچىسى-گە رەھمەت! — ھەربىي فورمىنى قاتۇرۇپ كىيگەن سالاپەتلىك جونسون لىنكولننىڭ ئاغزىدىن ئۇنىڭ ھازىرقى مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ خانىبال خاملىن بىلەن ئەمدى ھەمكارلاشمايدىغانلىقىنى، ئۆزد-نىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلۇققا ئۆستۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرغانلىق خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغىنىدا، دەرھال لىنكولنغا توقسان گرادۇس ئېگد-لىپ تەزىم قىلدى، ئاندىن چىن يۈرىكىدىن قەسەم قىلىپ:

— ناۋادا مەن كۆنلەرنىڭ بىر كۈنى راستىنلا جانابلىرىنىڭ ياردەمچىسى بولۇپ قالسام، ئۇلۇغ مەقسەتلىرىڭىزنى ئەمەلگە ئا-شۇرۇش يولىدا ئۆزۈمنى قۇربان قىلىمەن! مەردانىلىك بىلەن جېنىمنى تىكىمەن! — دېدى.

— سىزدىن «ئازادلىق خىتابنامە» سىنى قوللىشىڭىزنى تە-لەپ قىلىمەن! بۇنىڭدىن باشقا مېنىڭ قۇللارنى تەلتۆكۈس ئازاد قىلىش توغرىسىدىكى تەشەببۇسۇمنى قوللىسىڭىز ماڭا شۇ كۇپا-يە! — دېدى لىنكولن.

جونسون لىنكولنغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ:

— جانابلىرى، خاتىرجەم بولسىلا، تېنىمدە ئىسسىق قېنىم-لا بولىدىكەن، قۇللۇق تۈزۈمنى بىكار قىلىشقا قارشى چىققان ئاشۇ كىشىلەر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىمەن، جانابلىرىنىڭ سىياسىي تەشەببۇسلىرىغا ئۆمۈر بويى ئاسىيلىق قىلمايمەن! — دېدى.

كېيىنكى ئەمەلىيەت لىنكولن ئۈمىد قىلغىنىدىكىدەك بول-
دى، لىنكولن بىلەن جونسون 1864 - يىلى يىل ئاخىرىدىكى
سايلام رىقابىتىدە ئاخىر مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئىككىنچى يىلى
باھاردا جونسون مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ بولۇپ مۇرادىغا يەتتى. ئارد-
دىن بىر مەزگىل ۋاقىت ئۆتۈپ لىنكولن ۋاشىنگتوندىكى
«فورد» تىياتىرخانىسىدا قەستكە ئۇچراپ قازا قىلدى، ئۇ قائىدە
بويىچە ئاقسارايىنىڭ خوجايىنى بولۇپ قالدى!

مانا ئەمدى ئۇ زۇڭتۇڭلۇق تاجىسىدىن ئايرىلىپ ئاددىي
پۇقرا سۈپىتىدە ئۇرۇش يىللىرىدا ئۆزى ھەربىي ئىشلار باش
ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن گرىنۋىلغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنى قاند-
داق بىر كۆڭۈلسىز مەنزىرە كۈتۈپ تۇرغانىكەن؟

پويىز گرىنۋىل ۋوگزالىغا كىرىپ كەلگەندە جونسونىنىڭ
يۈرىكى ئېغىپ كەتتى.

## گرىنۋىلدا «قەھرىمان» دەپ سانالدى

گرىنۋىل ۋوگزالىنىڭ مەيدانى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى،
بايراقلار لەپىلدەپ، مۇزىكا ئاۋازى ۋوگزالنى بىر ئالغانىدى.
ساناقسىز كىشىلەردىن تەشكىللەنگەن قارشى ئېلىش قوشۇنى توخ-
تىماستىن ئالقىش سادالىرىنى ياڭرىتاتتى.

«جەنۇبلۇق مەشھۇر سىياسەتچىنى قارشى ئالىمىز!»

«جونسون بىز جەنۇبلۇقلارنىڭ ئىپتىخارى!»

«ياشىسۇن ۋەتەنپەرۋەر جونسون!...»

بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسەيگەن ئالقىش سادالىرى تەكشى-
سىز بولسىمۇ، لېكىن يەر - جاھاننى لەرزىگە سالاتتى.

ۋوگزال مەيدانىنىڭ ئۇدۇلىدىكى قىزغىن كۈتۈۋېلىش مەن-
زىرىسى پويىزدا قورقۇپ ئولتۇرغان جونسون بىلەن ئۇنىڭ خوتۇ-
نى ماك كارتلەينى ھەيران قالدۇردى. بولۇپمۇ جەنۇب - شىمال

ئۇرۇشىدا يۇرتداشلىرىدىن يۈز ئۆرۈگەن جونسون ئۆزى ئويلاپمۇ باقمىغان بۇنداق مەنزىرىنى كۆرۈپ گاڭگىراپ قالدى.

«بۇ زادى قانداق گەپ؟ بۇ چۈشۈممۇ ـ ئوڭۈممۇ؟» جونسون شۇنداق دەپ يوتىسىنى كۈچەپ چىمدىدى، ئۇ ئاغرىقنى ھېس قىلغاندىن كېيىن ۋوگزالدىكى قارشى ئېلىش مەنزىرىسىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئاندىن جەزم قىلدى. چۈنكى ئۇ «سىزنى قارشى ئالىمىز، ئاندورېۋ جونسون، خۇش كېلىپسىز!» دېگەن خەتلەر يېزىلغان رەڭلىك پلاكاتتىن ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ناھايىتى ئوچۇق كۆردى.

شۇنداقتىمۇ جونسون يەنىلا تېڭىرقاپ قالدى. ئۇ ئۇرۇش ۋاقتىدا جەنۇبلۇق قۇلدارلارغا ئاسىيلىق قىلغان، جەنۇبلۇقلارنىڭ رەقىبى لىنكولننىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى بولغان تۇرسا، ۋەزىپىدىن بوشىنىپ تېنىېسسى شتاتىنىڭ مەركىزى گرىنۋىل شەھىرىگە كەلگەن چاغدا مۇشۇنچىۋالا كۆپ پۇقرا نېمىشقا نەغمە ـ ناۋا قىلىشىپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىدۇ؟ بۇ غەلىتە ئىش ئەمەسمۇ؟

— جونسون ئەپەندى، خۇش كېلىپسىز! — مەزكۇر شەھەرنىڭ باشلىقى بىر توپ قۇلدارلارنى باشلاپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇلار قىزلارنى ئەر ـ خوتۇن جونسونلارغا گۈل تەقدىم قىلىشقا بۇيرۇدى. شەھەر باشلىقى:

— سىز لىنكولن ھوقۇق تۇتقان مەزگىلدە جەنۇبلۇقلارنىڭ مەنپەئىتىگە زىيانلىق ئاز ـ تولا ئىشلارنى قىلدىڭىز، لېكىن سىزنىڭ شۇ چاغدا ئاشۇنداق قىلمىسىڭىز بولمايدىغانلىقىنى بىلىمىز. سىز ژۇڭتۇڭ بولغاندىن كېيىن جەنۇبلۇقلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدىڭىز، بىز بۇنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇمايمىز!…، — دېدى.

ئۇ ئەينى چاغدا ۋىجدانىغا خىلاپ ھالدا لىنكولننىڭ ھەرىكەتلىرىگە سادىق بولغانىدى، ئەمما جەنۇبلۇق يۇرتداشلىرىغا ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمىگەنىدى. ئەينى يىللاردىكى ئۇ-

رۇش مەزگىلىدە نېمىشقا ئوچۇق ـ ئاشكارا لىنكولننى قولللىغان-لىقىنى بىر ئۆزىلا بىلەتتى. ئۇ زۇڭتۇڭلۇق ئەمەلىي هوقۇقىنى ھەقىقىي تۇردە قولىغا ئالغاندىن كېيىن قۇلدارلارغا پايدىلىق نۇرغۇن سىياسەتلەرنى يولغا قويدى، بۇنىڭ سەۋەبىمۇ ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئايدىڭ ئىدى. چۇنكى ئۇرۇشتىن ئاۋۋال جونسوننىڭ ئىلكىدىمۇ زور بىر تۇركۇم قۇللار بار ئىدى، ئۇ ئامېرىكا زۇڭ-تۇڭلىرى ئىچىدىكى قۇللارغا ئىگە بىردىنبىر زۇڭتۇڭ ئىدى!

جونسون 1856 ـ يىلى ئاقسارايغا كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي پۈتۈن مەملىكەتكە «ئومۇمىي كەچۈرۈم قىلىش خىتابنامىسى» نى ئېلان قىلدى. ئۇ بۇ «خىتابنامە» دە لىنكولن هايات ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويغان تەشەببۇسلارغا ئوچۇق ئاسىيلىق قىلدى، جون-سون ئۇرۇشتىن ئىلگىرى جىنايەت ئۆتكۈزگەن، ئۇرۇش مەزگى-لىدە قان قەرزگە بوغۇلغان قۇلدارلار ئۇنىڭ هۆكۈمىتىگە توۋا قىلسىلا، شۇئان ئەركىنلىككە ئېرىشىپلا قالماي، ئۇرۇش ۋاقتى-دا مۇسادىرە قىلىنغان يەر ـ زېمىن ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى!

جونسون تەختكە چىقىپ جەنۇبلۇق قۇلدارلارنى ئومۇمىي كەچۈرۈم قىلىۋەتكەندىن كېيىن گرىنۋىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەنۇبىي رايونلاردىكى قۇلدارلار خۇشاللىقىدىن تاڭ ئاتقۇچە پائا-لىيەت قىلغان، بىر تۇركۇم قۇلدارلار تەتۈر هېساب ئېلىپ بىر مەزگىل ئازادلىققا ئېرىشكەن قۇللارنى تۇتۇپ كەلگەنىدى.

— جونسون ئەپەندى، يۇرتىڭىزغا قايتىپ كەلگەنلىكىڭىزنى قارشى ئالىمىز، چۇنكى سىز زۇڭتۇڭ بولغاندىن كېيىن شىمال-لىقلارنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلمىدىڭىز! — توپىلاڭغا قات-ناشقان بىر توپ قۇلدارلار خۇشاللىقىدا قىن ـ قىنىغا پاتمىغان هالدا شۇنداق دېيىشىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىشتى. ئۇلار ۋەزىپى-سىدىن بوشىنىپ قايتىپ كەلگەن زۇڭتۇڭدىن ئاغرىنىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە مىننەتدار بولغان هالدا ئۇنىڭغا هۆرمەت بىل-

دۇرۇشتى، مەدھىيە ئوقۇشتى. قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە قۇلدارلار قورقۇپ كەتكەن جونسونغا ئاپىرىن ئوقۇپ، بارىكاللا ئېيتىشتى.

— سىز تەختكە چىققاندىن كېيىن بىز جەنۇبلۇقلار «نېگىر قۇللار قانۇنى» نى يولغا قويۇشقا پېتىنىپ، قۇللىرىمىزنى يىغىپ كەلدۇق!

— قۇللار ئۇلارنىڭ ئۇستىدىن قايتا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىمىزغا قارشىلىق بىلدۇردى، بىز كۇكلۇكس كلان پارتىيىسى ئارقىلىق ئۇلارنى باستۇردۇق! ئەينى يىللاردىكى كۇكلۇكس كلان پارتىيىسى سىزنىڭ يۇرتىڭىز تېنىنېسى شتاتىدا مەيدانغا كەلگەن!

— قىسقىسى، سىز بىزگە ياخشى ئىش قىلدىڭىز. ئاشۇ يىرگىنچلىك نېگىر قۇللارنى قاتتىق باستۇرۇش كېرەك!

قۇلدارلارنىڭ مۇشۇنداق مەدھىيە سۆزلىرىنى ئاڭلىغان جونسون پويىزدىن چۈشۈپ ئۆزىنىڭ ئەيىبلەش ۋە سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىماي، بەلكى شۇنچە كۆپ كىشىلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بىلدى. ئۇنىڭغا مۇشۇ چاغدىلا لىنكولن ۋاپات بولغاندىن كېيىن لىنكولننىڭ ۋەزىپىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ يولغا قويغان لىنكولننىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ بىر يۇرۇش سىياسەتلەرگە پۈتكۈل مەملىكەتتىكى كۆپ سانلىق پۇقرالار قارشى چىققان بولسىمۇ، لېكىن قۇلدارلار بىرقەدەر مەركەزلەشكەن تېنىنېسى شتاتىدا نۇرغۇنلىغان قۇلدارلارنىڭ جانىجان مەنپەئىتى ئاشۇ سىياسەتلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقاندى. شۇڭا ئۇ ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇپ يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن يۇرتىدا قىزغىن قارشى ئېلىشقا سازاۋەر بولدى.

جونسون بىلەن ئۇنىڭ خانىمى ماك كارتلەي تېنىنېسى شتاتىدا تۇرۇپ قالدى. بۇ يەردە ئۇلار قۇلدارلار بىلەن قويۇق باردى ـ كەلدى قىلىشالايتتى. جونسون ئۆزى بۇرۇن تۇرغان

گىرىنۋىلدا كۆپ پۇل خەجلەپ كۆركەم داچا سالدۇردى. داچىنىڭ ئورنىنى مەنزىرىلىك كوچا باغچىسىنىڭ ئەتراپىدىن تاللىدى. بۇ يەردە ئەتراپىنى ياپىيېشىل دەل ـ دەرەخلەر ئوراپ تۇرغان سۇنئىي كۆل بار ئىدى. جونسوننىڭ ئاق بىناسى تاغقا ياندىشىپ تۇراتتى، ھازىر ئۇنىڭ قولىدا قۇللار يوق ئىدى. ئۇ ئۆيگە ئايال خىزمەتـ كار توختاتتى. جونسون بۇ يەردە ھوقۇق تۇتمىغان بولسىمۇ، تېنىېسسى شتاتىدىكى ھۆكۈمەت ۋە پارلامېنت بۇ سابىق زۇڭتۇڭـ نى باشتىن ـ ئاخىر ئىشەنچلىك مەنىۋى تۈۋرۈك قاتارىدا كۆرۈپ كېلىۋاتاتتى. ھەرقانداق چوڭ ئىش يۈز بەرسە، شتات ئەمەلدارـ لىرى كوچا باغچىسىنىڭ ئەتراپىدىكى ئاق بىناغا بېرىپ، جونسونـ غا ئەھۋالنى دوكلات قىلاتتى. جونسون ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويسا، يەرلىك ئەمەلدارلار قوبۇل قىلماي قالمايتتى.

ئاق بىنا مېھمانلار بىلەن لىق تولاتتى. جونسون خوتۇنىنى ئېلىپ تېنىېسسى شتاتىغا يېنىپ كەلگەندىن بۇيان ئۇنىڭ ئۆيى يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن قۇلدارلارنىڭ يىغىلىدىغان سورۇنىغا ئايلانغانىدى. جونسونمۇ ئۇلارنىڭ توپىغا سىڭىشىپ كەتتى. ئۇ ئەمدى ۋاشىنگتون شەھەر ئەتراپىدا تۇرغان چېغىدىكىدەك غىرىبـ سىنىش، زېرىكىش ھېس قىلمايتتى. ئۇ گىرىنۋىلدا ئاخىر ھۇزۇر ـ ھالاۋەت سۈرىدىغان جاي تاپتى، كۆزقارىشىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا سۆزلەپ يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئىشلىرىغا كۆرسەتمە بېرەلەيتتى. كېيىنكى بىرنەچچە يىل ئىچىدە زۇڭتۇڭلۇق ئورنىدا ئەيىبلەشكە ئۇچرىغان جونسوننىڭ گىرىنۋىلدا ئىناۋىتى بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئەينى يىللاردىكى پارلاـ مېنت ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئۆزى ئۈستىدىكى ئەيىبلەشلىرىنى تاماـ مەن خاتا ھەرىكەت دەپ ھېسابلىدى!

# ئاتمىش بەش يېشىدا قايتا پارلامېنت ئەزاسى بولدى

— مەن ۋاشىنگتونغا قايتماقچىمەن! — دېدى جونسون، بۇ 1874 ـ يىلى گرىنۋىلغا باھار پەسلى يېتىپ كەلگەن چاغ ئىدى. ھاسا تايىنىۋالغان، ئاتمىش تۆت ياشقا كىرگەن جونسون ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى سەھەردە ئاق بىنانىڭ كەينىدىكى تاغقا تۇتاشقان چىغىر يولدا كېتىۋېتىپ.

— سىز راستتىنلا قايتىدىن ئىش باشلىماقچىمۇ؟ — دېدى بارغانسېرى سەمرىپ كېتىۋاتقان ئېرىنى بىر قولىدا يۆلەپ كېتىۋاتقان خانىمى ماك كارتلەي. ئۇلارنىڭ ۋاشىنگتوندىن تېنىپىسى شتاتىغا يېنىپ كەلگىنىگە بەش يىل بولۇپ قالغانىدى، كۆڭلى خاتىرجەم، سىياسىي ئىشلارنىڭ ئاۋارىچىلىكلىرى بىلەن تۇر-مۇشنىڭ پاراكەندىچىلىكلىرىدىن قۇتۇلغان جونسون قېرىلىق دەۋ-رىگە قەدەم قويغاندا سەمرىپ كېتىۋاتاتتى.

— توغرا، مەن سىياسىي ھاياتىمنى بۇنداق ئاخىرلاشتۇرۇ-ۋەتمەيمەن، ئەينى يىللاردىكى ھاقارەتنى ئۇزۇمنىڭ ئەمەلىي ھە-رىكىتىم ئارقىلىق يۇيىمەن. مەن ۋاپات بولۇپ كېتىشتىن ئىلگە-رى لىنكولن مېنى يۆلەپ سايلام رىقابىتىگە قاتناشتۇرغان چاغدى-كى نوپۇزۇمنى ئەسلىگە ئەكېلىمەن! — جونسون تاغ باغرىدىكى كۆك تاشتا ئولتۇرۇپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى چاغلىرىدىكى غايە ـ ئىستەكلىرىنى يۇقىرىدىكى سۆزلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىدى.

— سالامەتلىكىڭىز يار بېرەرمۇ؟

— سالامەتلىكىم ياخشىغۇ!

— ياق، ئاندورېۋ، سىز ئاغرىقچان، قورقۇنچلۇق كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئادەمسىز، ئۆزىڭىزنى بۇنداق ئالدىماڭ!

— مەندە كېسەل يوق، مەن ناھايىتى ئوبدان. ئازراق سەم-رىپ كەتتىم، تاغقا چىققاندا ھاسىراپ كېتىمەن. بۇ مېنىڭ

سىياسىي جەھەتتە باشقىدىن باش كۆتۈرۈشۈمگە تەسىر كۆرسەت-
مەيدۇ!

ياشانغان بۇ ئەر - خوتۇن ھەمىشە گىرىنۋىلدىكى كوچا باغچى-
سىنىڭ ياكى كۆلىنىڭ ئەتراپىدىكى دۆڭلۈكتە سەيلە - ساياھەت
قىلىۋېتىپ بىر - بىرىگە يول قويماي مۇنازىرىلىشەتتى.

ھەر قېتىم جاھىل، ئۆز گېپىنى يورغىلىتىدىغان جونسون
غەلىبە قىلاتتى. كۆڭۈلچەك خانىم ماك كارتلەي كۇنسايىن سەم-
رىپ كېتىۋاتقان ئېرىنىڭ سالامەتلىكىدىن ئەنسىرەيتتى. ماك
كارتلەي خانىم جونسوننىڭ سالامەتلىكى سىياسىي جەھەتتە يەنە
بىر قېتىم نام - ئاتاق قازىنىشتىن مۇھىم دەپ قارايتتى. ماك
كارتلەي خانىم ئېرىنىڭ سالامەتلىكىنىڭ بۇرۇنقىدەك ئەمەسلىكى-
نى ئىككى يىلنىڭ ئالدىدىلا ھېس قىلغانىدى. ئۇنىڭ كەيپىياتى
ئاقسارايدا ھوقۇق تۇتقان چاغدىكىدىن كۆپ ياخشى ئىدى، تامىقى
ۋە ئۇيقۇسىدىمۇ مەسىلە يوق ئىدى. بىراق جونسوندا دېمى سىقى-
لىدىغان، تۇرۇپلا يۈرىكى نورمالسىز سوقىدىغان، تاغقا چىقسا
توختىماي ھاسىرايدىغان ئالامەتلەر پات - پاتلا كۆرۈلۈپ قالاتتى.
ماك كارتلەي خانىم جونسوننى دوختۇرغا كۆرۈنۈپ بېقىشقا كۆپ
قېتىم دەۋەت قىلدى، ئەمما جونسون خوتۇنىنىڭ گېپىگە زادىلا
قۇلاق سالمىدى. جونسون بىر كۈنى ئەتىگەندە تاغقا چىقىپ كېتى-
ۋاتقاندا يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ، چىپىلداپ تەرلەپ شوك بولۇپ
قالدى، بۇ ھال يەرلىك دوختۇرخانىدىكىلەرنى چۆچۈتۈۋەتتى.

جونسون دوختۇرخانىدا ئۈچ كۈن ياتتى. دوختۇرلار جون-
سوننىڭ دەسلەپكى باسقۇچلۇق يۈرەك قان تومۇرى كېسەللىكىگە
گىرىپتار بولغانلىقى توغرىسىدا ناھايىتى تېزلا ھۆكۈم چىقاردى!
جونسون شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ گالىغا، ئۇيقۇغا ۋە گۆش
ھەم تاتلىق - تۈرۈملارغا تولىمۇ ئامراق بولغانلىقتىن مۇشۇنداق
كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدى. ئۇ شۇ قېتىم
دوختۇرخانىدا قىسقا مەزگىل يېتىپ، مۇشۇ تۇرمۇش ئادىتى

بويىچە كېيىنۋەرسە يورەك كېسەللىكى تېخىمو ئېغىرلاپ كېتىدى. غانلىقىغا كۆزى يەتتى. خوتۇنى ماك كارتلەي ئېرىنىڭ ھاياتىغا ھەرۋاقىت خەۋپ يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغان يورەك كېسەللىكىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن ھەر كۈنى ئەتىگىنى تاغقا چىقىپ سەيلە - ساياھەت قىلاتتى.

جونسوننىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىدا ياخشىلىنىش بولمىدى، بۇ ئەھۋال ماك كارتلەينى ئەندىشىگە سېلىپ قويىدى. ئاستا خاراكتېرلىك يورەك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان جونسوننىڭ ھاياتىغا كېلىۋاتقان تەھدىتنى ھېس قىلىش تۇگۇل، ئەكسىچە سىياسىي سەھنىگە قايتىدىن چىقىش ئارزۇسىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ماك كارتلەي خانىمنى قاتتىق تەشۋىشلەندۈرۈۋەتتى.

— ئاندورېۋ، يەنىلا كۆڭلىڭىزنى توختىتىپ گىرىنۋىلدا قېلىڭ، ۋاشىنگتونغا بېرىپ ئۆزىڭىزگە ئاۋارىچىلىك تېپىشىڭىزنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — جونسوندا روشەن كۆرەش قىلىش خىيالى پەيدا بولغان شۇ كۈنى سەھەردىن تارتىپ ماك كارتلەي خانىم ئۇنى بۇ يولدىن ئېرىنمەي توسۇدى، نەسىھەت قىلدى، ئۇنىڭ يېشىنى ۋە سالامەتلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ ، ياۋاشلىق بىلەن گىرىنۋىلدەك مۇشۇنداق تىنچ جايدا ئاخىرقى ئۆمرىنى غەم - قايغۇسىز ئۆتكۈزۈشىنى ئۈمىد قىلدى.

جونسون جاھىللىق بىلەن ئۆزى بېكىتكەن مەنزىل بويىچە ئۆز بىلگىنىنى قىلىشقا باشلىدى. شۇ يىلى باھاردىن تارتىپ كۈزگىچە ئۇلارنىڭ گىرىنۋىلدىكى كوچا باغچىسىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان ئاق بىناسىدا تەسىرى بار بىر قىسىم سىياسەتچىلەرنىڭ قارىسى كۆزگە چېلىقىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تېننېسى شتاتىنىڭ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، بەزىلىرى جونسون بىلەن مەخپىي پاراڭلىشىش ئۈچۈن ۋاشىنگتوندىن كەلگەن سابىق ئىچكى كابىنېت ئەزالىرى ئىدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى جونسوننىڭ ھوقۇق تۇتقان چاغلاردىكى ئەگەشكۈچىلىرى ھەم بىللە ئىش-

لىگەن ھەقەمسايىلىرى ئىدى. جونسون ئۇلارنى قوبۇل قىلغاچ، ئۆزىنىڭ سىياسىي سەھنىگە قايتىدىن قانداق چىقىش توغرىسىدىكى يېڭى پىلانلىرىنى ئۇلارغا دەپ بېرەتتى. جونسون ئۆزىنىڭ سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىپ كېلەر نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ بولالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى، ئۇمىدىنى سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىپ كېڭەش ياكى ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەزاسى بولۇشقا باغلىدى. جونسونىڭ يۈرەكلىك ھالدا مۇشۇنداق تەمەددە بولۇشى قارامىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى، چۈنكى سابىق زۇڭتۇڭنىڭ يۇرتىغا قايتىپ كېتىپ پارلامېنت ئەزاسىلىق ئورنىغا قايتىدىن چىققانلىقىغا ئائىت مىسال يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جونسون ئاقساراي‐دا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋېتىپ پارلامېنتنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىغان بىردىنبىر زۇڭتۇڭ ئىدى!

— ياق، قورقماڭلار، مەن مۆجىزە يارىتالايمەن دەپ ئويلايمەن، مەن كېڭەش پالاتا ئەزاسى بولمىسام قەتئىي بولمايدۇ! — جونسون قوللىغۇچىلىرىغا مەردانە سۆزلەر بىلەن تېرىكمەي مەدەت بەردى.

ئۇنىڭ تېننېسسى شتاتىدىكى ئەگەشكۈچىلىرى ياشانغان ھەم يۈرەك كېسىلى بار جونسونىنىڭ يېڭىۋاشىتىن ۋاشىنگتونغا قايتىشىنىڭ بىر بىمەنە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. لېكىن شۇ يىلى يىل ئاخىرىدىكى چوڭ سايلامدا بېلەت تاشلاش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەلدارلارنىڭ ھېچقايسىسى جونسونىنىڭ چىشىغا تېگىشكە پېتىنالمايتتى. ئەينى يىللاردا جونسون تەختكە چىقىپ تېننېسسى شتاتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقى ھەممىسىگە ئاپئايان ئىدى، ناۋادا جونسون راستتىنلا يەنە پارلامېنت كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ جەنۇبتىكى رايونلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇڭا 1874 ـ يىل قىشتا تېننېسسى شتاتىدىكىلەر قايتا ـ قايتا ئالاقە باغلاپ ۋە يۇقىرى ـ تۆۋەن باش قوشۇش ئارقىلىق ئاخىر ئاتمىش بەش ياشقا

كىرگەن ئاندورىۋ جونسوننى كېلەر نۆۋەتلىك پارلامېنت كېڭەش پالاتا ئەزاسىلىقىغا كۆرسىتىشكە قوشۇلدى.

جونسون ياندۇرقى يىلى دەرۋەقە سايلاندى!

«غەلىبە قىلدىم، مەن يەنە غەلىبىلىك هالدا ئەڭ يۇقىرى سىياسىي سەهنىگە ئاخىر قايتىپ كەلدىم!» كېڭەش پالاتا ئەزاسى بولۇپ سايلانغان كۈنى كەچتە ياشانغان جونسون ئاق بىنادا بىرىنچى قېتىم تەنتەنىلىك هاراق زىياپىتى بېرىپ بۇ قۇتلۇق ئىشنى تەبرىكلىدى. ئۇ قارا سىيۇرتۇك كىيىپ، چىرايلىق ياسانغان خوتۇنى كارتلەينى قولتۇقلاپ، بىنانىڭ ئالدىدا كۈلۈمسىرىگىنىچە مېهمان كۈتەتتى؛ تۇرۇپ رومكىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار بىلەن ئېسىلزادە خانىملارنىڭ ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. هاراق ئىچىپ قىزىغان چاغدا چېكە چاچلىرى ئاقارغان بولسىمۇ، ئەمما تىمەن كۆرۈنىدىغان جونسون مۆتىۋەرلەرگە خاس سالاپەت بىلەن چىرايلىق خېنىم - قىزلارنى تانسىغا تارتىپ كېپىنەكتەك پىرقىراپ تانسا ئوينايتتى.

جونسون ئالاهىدە بىر بايرامنى تەبرىكلەۋاتاتتى. ئامېرىكا سىياسىي مۇنبىرىدە ئۇنىڭغا ئوخشاش سابىق زۇڭتۇڭنىڭ يۇرتىغا قايتىپ كېتىپ، بىرنەچچە يىلدىن كېيىن يەنە بىر قېتىم جامائەتچىلىكنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، پارلامېنت سىياسىي مۇنبىرىگە ئىرغىپ چىققانلار ئاساسەن يوق ئىدى. جونسون ئويلىمىغان يەردىن مۇۋەپپەقىيەت قازاندى! بۇ مەيلى كىم ئۈچۈنلا بولسۇن، بىر مىسلى كۆرۈلمىگەن مۆجىزە ئىدى، شۇڭا 1 - ئايدىن تارتىپ 1 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بولغان مەزگىل ئىچىدە جونسون هەر كۈنى كەچتە ئاق بىناسىدا تۈرلۈك هاراق زىياپىتى ۋە تانسا ئۇيۇشتۇرۇپ قېرىلىققا قەدەم قويغان چېغىدىكى يەنە بىر قېتىملىق شانۇشەۋكىتىنى تەبرىكلىدى!

# يۈرەك موسكۇلى تىقىلمىسى بىلەن ۋاپات بولدى

1875 ـ يىلى 2 ـ ئاي، باهار پەسلىگە كىرگەن ۋاشىنگتون رەڭمۇرەڭ گۇللەرگە پۈركەنگەنىدى.

جونسون ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى ماك كارتلەي بۇ باغچىسىمان شەھەرگە ئاخىر يەنە قايتىپ كەلدى. تېننېسسى شتاتىدىكى گرىنىۋىلدا شۇنچە كۆپ قوللىغۇچىلىرى ۋە ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنىڭ شەرىپىگە ئۈزۈلدۈرمەي هاراق زىياپىتى ۋە تانسا ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن جونسوننىڭ يۈرىكى يەنىلا پايتەختكە تارتىشىپ تۇراتتى. بىر سىياسەتچى ۋە سابىق زۇڭتۇڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەڭ يۇقىرى سىياسىي سەھنىگە يەنە بىر قېتىم قەدەم قويۇشتىنمۇ مۇھىم ئىش يوق ئىدى.

جونسون شەھەر سىرتىدىن بىر ياغاچ بىنا سېتىۋالدى. بۇ بىنا گرىنىۋىلدىكى ئاق بىنادەك كۆركەم ھەم جىمجىت ئەمەس ئىدى ۋە گرىنىۋىلدىكىگە ئوخشاش مېھمانلار بىلەن توشۇپ كەتمەيتتى. جونسون نېمىلا دېگەنبىلەن تەختتىن چۈشكەن سابىق زۇڭتۇڭ ئىدى، شۇڭا ئۇ پايتەختكە كەلگەندىن بۇيان ئۇنىڭ ئالدىغا ھېچكىم سالامغا كەلمىدى. ۋاشىنگتوندىكى سوغۇق مۇئامىلە ۋە تېننېسسى شتاتىدىكى قىزغىن قارشى ئېلىشلار روشەن سېلىشتۇرما ئىدى.

جونسون يەنە ئۈمىدسىزلىككە پاتتى. قېرىلىققا قەدەم قويغان چاغدا كېڭەش پالاتا ئەزاسى بولۇپ تاپقان خۇشاللىقى سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراش بىلەن تۇماندەك تارقىلىپ كەتتى. سوغۇق مۇئامىلە ۋە غېرىبچىلىق جونسوننىڭ يۈرەك كېسىلىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى، چەكسىز پەرىشانلىققا چۆمگەن جونسون دوختۇرلارنىڭ ياخشى نىيەتتە قىلغان تاپىلاشلىرىغا خىلاپلىق قىلىپ ئىچكۈلۈككە بېرىلىپ كەتتى.

ماك كارتلەينىڭ نەسىھەتلىرىنىڭ ھېچقانداق رولى بولمى-

دى. گرىنۋىلدىكى تاماقلىنىش ئادەتلىرى ۋە سىرتلارغا چىقىپ سەيلە - ساياھەت قىلىشلار جونسونىنىڭ كۆڭلىنىڭ ئارامى بولمىغانلىقتىن ئۆزگىرىپ كېتەتتى ياكى بىكار قىلىناتتى.

جونسون ھەتتا ۋاشىنگتونغا كەلگىنىگە پۇشايمان قىلدى.

— ھەي، سىزگە جىق نەسىھەت قىلدىم، ئەپسۇسكى سىز قۇلاق سالمىدىڭىز! گرىنۋىلدا تۇرۇۋەرگەن بولساق، بۇنداق ئاۋارىچىلىككە قالغان بولاتتىڭىزمۇ؟ — ماك كارتلەي خانىم شۇنداق دەپ دوق قىلاتتى. ئۇ ئېرىنىڭ قەتئىي ھالدا سىياسىي تەمەدىن ۋە شۆھرەتپەرەسلىكتىن ۋاز كېچىپ ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ماس كېلىدىغان يۇرتى گرىنۋىلغا قايتىپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

ۋاشىنگتون سالقىن ھەم جىمجىت ئىدى، بۇ شەھەردە جونسونىنىڭ تارتىشقۇدەك ھېچنېمىسى يوق ئىدى.

جونسون مەڭگۈ جاھىللىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ خوتۇنىغا ئاچچىقلاپ:

— مەن كەتمەيمەن! ۋاشىنگتوندا ماڭا ھېچكىم ئېتىبار قىلمىسا مەيلى، گرىنۋىلغا كەتمەيمەن! مەن نېمىلا دېگەنبىلەن سىياسىي جەھەتتە غەلىبە قىلغان ئادەممەن! ...، — دېدى.

گۈزەل، سەلتەنەتلىك پارلامېنت تېغى كىشىلەر مەڭگۈ تەلپۈنىدىغان جاي ئىدى. جونسونىنىڭ گرىنۋىلدىكى خاتىرجەم، ئاددىي پۇقراچە تۇرمۇشىنى تاشلاپ، ۋاشىنگتونغا قايتىپ كېلىپ كۆڭلىرىنى كۆڭۈلسىز ئۆتكۈزۈشكە رازى بولغانلىقىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ قېرىلىققا قەدەم قويغان چېغىدا بۇ مۇقەددەس سارايغا كىرىپ دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا قاتنىشىشى ئۈچۈن ئىدى، ئۇنىڭ يۈكسەك ئارزۇ - ئىستىكىمۇ مۇشۇ ئىدى.

ۋەزىپە ئۆتىگىلى گرىنۋىلدىن خۇشال كەلگەن جونسون پەقەت بۇ يەردە ئۆزىنىڭ كەمسىتىلىشكە ۋە سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىشىنى پەقەت ئويلىمىغانىدى.

جونسون باشتا پارلامېنت تېغىنىڭ ئۆزگە ئىللىق تۇيغۇ ئاتا

قىلغانلىقىنى ھېس قىلغان بولسا، كېيىن يۇمۇلاق ئۇستەلنى چۆرىدەپ چوڭ سۆپەت ئولتۇرۇشقان كېڭەش پالاتا ئەزالىرىنىڭ پەس كۆرگەندەك ئۇنىڭغا ھۆمىيىپ قارىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

«ھىم، ئەيىبلىنىپ تەختتىن چۈشۈپ كېتىشكە قىل قالغان بىر ئەبلەخ يەنە ئارىمىزدا ئولتۇرۇپتۇ!»

«بۇ ھەقىقەتەن بىز كېڭەش پالاتا ئەزالىرىنىڭ يۈزىنى تۆككەنلىك!»

«تېنىېسى شتاتىدىكىلەر تەختتىن چۈشكەن مۇشۇنداق ئادەمنى نېمىشقا يەنە ۋاشىنگتونغا سايە قىلغان بولغىيتتى؟!»

جونسون يامان نىيەتتە دېيىلىۋاتقان كۇس - كۇس گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ كۆزلىرىگە قان قۇيۇلغاندەك بولۇپ كەتتى.

تارىختا ھەيران قالارلىق ئوخشاشلىقلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. كېڭەش پالاتا ئەزالىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان جونسوننىڭ خاتىرىسىدە ئۇنى ئەنسىرىتىۋاتقان ئۆتمۈشتىكى ئىشلار خۇددى تونۇگۇن بولغاندەك ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولۇشقا باشلىدى: 1868 - يىل باھار مەزگىلى ئىدى، مۇشۇ ھەيۋەتلىك زالدا بارلىق كېڭەش پالاتا ئەزالىرى ھازىرقىغا ئوخشاش چوڭ سۆپەت ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار ئامېرىكا تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان سورلۇق تەرتىپ بويىچە قانۇن شەكلى ئارقىلىق ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان زۇڭتۇڭ ئاندورېۇ جونسوننى ئەيىبلەش ئالدىدا تۇراتتى!

مەرھۇم زۇڭتۇڭ لىنكولن ھايات ۋاقتىدا ئېلان قىلغان «ئازادلىق خىتابنامىسى»غا ئاسىيلىق قىلىپ، جەنۇبلۇقلارنى داۋاملىق قانلىق ۋەقە تۇغدۇرۇشقا كۇشكۇرتكەنلىكى جونسوننىڭ جىنايىتى دەپ قارالدى. ئۇ پارلامېنت ئېلان قىلغان «ئون تۆت تۈرلۈك ئۆزگەرتىش لايىھىسى»گە ئوچۇقتىن - ئوچۇق خىلاپلىق قىلىپ، دۆلەتنىڭ «ۋەزىپە ئۆتەش نىزامنامىسى»نى كۆزگە ئىلماي، ئىچكى كابېنت ئەزالىرىنى خالىغىنىچە ۋەزىپىسىدىن قال-

دۇرغانىدى، شۇڭا ئاۋام پالاتاسى بىلەن كېڭەش پالاتاسى جونسون سادىر قىلغان ئون بىر تۈرلۈك جىنايەتنى قاراپ چىقىپ ئاۋازغا قويۇشتىن ئاۋۋال، ئۇ بىر قېتىم ئەيىبلەش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەنىدى. 1868 ـ يىل 3 ـ ئايدا كېڭەش پالاتاسى جونسون ئۈستىدىن قىلىنغان ئەيىبلەشنىڭ ئىناۋەتلىك بولۇش ـ بولماسلىقى توغرىسىدا قارار چىقىرىدىغان چاغدا، پەقەت بىر ئاۋاز كەم بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلدى، بىر ئاۋاز قوشۇلۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ كۆپ ئاۋاز بىلەن تەختتىن چوقۇم چۈشۈپ كېتەتتى.

جونسون تەختتىن چۈشۈپ كەتمىدى، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ھەر ھالدا ئامېرىكا تارىخىدىكى ۋەزىپە ئۆتەۋېتىپ ئەيىبلەشكە يولۇققان بىردىنبىر زۇڭتۇڭ ئىكەنلىكىنى بىلەتتى!

ئۇنىڭ ئىسمى لەنەت تۈۋرۈكىگە مىخلىنىپ قالدى.

ئۇ نېمىشقا ئۆزىگە ئون بىر تۈرلۈك جىنايەت ئارتىلغان، تەختتىن چۈشۈش ـ چۈشمەسلىكى ئاۋازغا قويۇلغان بۇ ھەيۋەتلىك زالغا شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ كېلىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە قېرىشقاندەك كېڭەش پالاتا ئەزاسى بولۇپ قالغىنى قىزىق، مانا بۇ ئىشلار جونسوننى تولىمۇ پەرىشان قىلاتتى!

1875 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، ئامېرىكىنىڭ شىمالىي رايونلىرىدا قۇرغاقچىلىق يۈز بەردى، ھاۋا قاتتىق ئىسسىپ كەتتى. جونسون پارلامېنت تېغىدا ئۆتكۈزۈلگەن كېڭەش پالاتاسىنىڭ قەرەللىك يىغىنلىرىغا ئۇدا نەچچە قېتىم قاتناشمىدى.

كەيپىياتى ياخشى بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە تومۇز ئىسسىق بولغاچقا، جونسوننىڭ يۈرەك كېسىلى پات ـ پات قوزغىلىپ قالاتتى. 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، ھاۋا ئادەتتىكىدەك ئىسسىق ئىدى، كارىۋاتتىن چۈشمەي يېتىۋاتقان جونسون كەيپىياتىنىڭ سەل ياخشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، شۇ كۈنى چۈشتىن

كېيىن پارلامېنت تېغىدا ئېچىلىدىغان قەرەللىك يىغىنغا قاتناش-
ماقچى بولدى. ماك كارتلەي خانىم ئۇنى ھەرقانچە توسۇغان
بولسىمۇ، جاھىل جونسون يەنىلا يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن يۈ-
رۈپ كەتتى.

بەختسىزلىك يۈز بەردى. كېڭەش پالاتاسىنىڭ قەرەللىك
يىغىنىدا تالاش - تارتىش خاراكتېرلىك بەس - مۇنازىرە بولدى.
ئەزەلدىن بەس - مۇنازىرىگە ماھىر كېڭەش پالاتا ئەزاسى جونسون-
مۇ بۇ كەسكىن تالاش - تارتىشقا ئارىلاشتى.

ئۇ تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن ھۇجۇمغا ئۇچرىدى.

پارلامېنت ئەزالىرى تەرىپىدىن ئەيىبلەنگەن ھەم ھاقارەتلەن-
گەن جونسون پارلامېنت تېغىدىن ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە يۈرەك
كېسىلى يەنە قوزغالدى. ئۇ، تاڭ ئاتقۇچە ئارام ئالدى. تاڭ ئاتقان
چاغدا كېسىلى يەنە ئېغىرلىشىپ كەتتى. دوختۇرلارنىڭ جىددىي
قۇتقۇزۇشى بىلەن ئەسلىگە كەلدى.

ئارىدىن ئون كۈن ئۆتۈپ، 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى كەچتە
جونسون يۈرەك مۇسكۇلى تىقىلمىسى بىلەن ۋاپات بولدى!

جونسوننىڭ مېيىتى ئۇنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن تېننېسسى
شتاتىنىڭ گرىنۋىل شەھىرىگە قايتۇرۇپ كېلىنىپ يەرلىك-
كە قويۇلدى!

## ئون سەككىزىنچى باب

# نامراتلىقتا ئۇلۇغ ئەسەر يازغان

## —— ئون سەككىزىنچى زۇڭتۇڭ ئولىسېس سىمپسون گرانت



ئولىسېس سىمپسون گرانت 1822 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئوخىئو شتاتىنىڭ بىلېئاسانت بازىرىدا تۇغۇلغان. ئۇزۇن ئۆتمەي گېئورگېتوۋن بازىرىغا كۆچۈپ كەلگەن. كىچىكىدىن تارتىپ ئۆگىنىش بىلەن خۇشى يوق، چەۋەندازلىققا ھېرىسمەن بولغان؛

1839 ـ يىلى ۋېست پوئېنت ھەربىي مەكتەپكە كىرگەن، چەۋەندازلىق ماھارىتى بىلەن ھەممىنى ھەيران قالدۇرۇپ مەكتەپنىڭ ئاتاقلىق ئوقۇغۇچىسى بولغان؛

1843 ـ يىلى ۋېست پوئېنت ھەربىي مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ تۆتىنچى پىيادە ئەسكەرلەر پولكىدا كەنجى لېيتېنانت بولغان؛

1846 ـ يىلى ئامېرىكا ـ مېكسىكا ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەي باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇش قىلغانلىقى ئۈچۈن لېيتېنانتلىققا ئۆستۈرۈلگەن؛ 1848 ـ يىلى ئۇرۇش ئاياغلىشىپ، يۇرتى ساينت لۇۋىسقا

قايتىپ جۇلىيە خېنىم بىلەن توي قىلغان ۋە خوتۇنى بىلەن بىللە ھەربىي-لىك ھاياتىنى داۋام قىلغان؛

1853 - يىلى ھاراق ئىچىپ چاتاق چىقىرىپ قويغانلىقتىن ئارمىيە ئىچىدە چارە كۆرۈلگەن، 1854 - يىلى ھەربىيلىكتىن چېكىنىپ سايىنت لۇۋىسقا بېرىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان؛ ئىككى يىلدىن كېيىن يەنە قوشۇمچە تىجارەت بىلەنمۇ مەشغۇل بولغان، لېكىن ئۆي - مۈلۈك ۋە كۆن - خۇرۇم تىجارىتى مەغلۇپ بولغان؛

1861 - يىلى ئىچكى ئۇرۇش ۋەزىيىتى ئاستىدا يېڭىۋاشتىن ھەربىي سەپكە كىرگەن، ئىللىنوئىس شتاتىنىڭ يىگىرمە بىرىنچى پىدائىيلار پول-كىدا پولك كوماندىرى بولغان، ئۇزۇن ئۆتمەي بىرگادا گېنېراللىقىغا ئۆستۈ-رۈلگەن؛ ئىككىنچى يىلى دونالدسون جېڭىدە توپلاڭچى ئارمىيىنى تەلتۆ-كۈس بىتچىت قىلىپ، ھەربىي ساھەدىكىلەرنىڭ سەرخىللىغا ئايلىنىپ كى-شىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان؛

1863 - يىلى قىشتىكى چاتتانوگا غەلىبىسىدىن كېيىن لىنكولن ئالتۇن ئوردېن تارتۇق قىلغان؛ ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي فېدېراتسىيە ئارمى-يىسىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەن، گېنېرال لېيېتنانتلىق ئۇنۋانى-غا ئېرىشكەن؛

1866 - يىلى گېنېرال پولكوۋنىكلىقىغا ئۆستۈرۈلۈپ قۇرۇقلۇق ئار-مىيە مىنىستىرى بولغان، كېيىن ئۆزى ئىستېپا بەرگەن؛

1868 - يىلى زۇڭتۇڭ سايلىمىدا رەقىبى سېيموۋرنى (دېموكراتلار پارتىيىسىدىن) يېڭىپ ئون سەككىزىنچى زۇڭتۇڭ بولغان؛

1869 - يىلى ئاقسارايغا كىرىپ ئۇدا سەككىز يىل زۇڭتۇڭ بولغان، ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە جەنۇبلۇق قۇلدارلارغا مادارا قىلىدىغان خاتا سىياسەتنى يولغا قويۇپ، قۇلدارلارنىڭ تىرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بولۇپمۇ ئۇ 1872 - يىلى ئېلان قىلغان «ئومۇمىي كەچۈرۈم قىلىش پەرمانى» بىلەن بۇرۇن ئۇنىڭ تەختكە چىقىشىنى قوللىغان شىماللىق سايلىغۇچىلارنى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن 1876 - يىلدىكى زۇڭتۇڭ سايلىمىدا مەغلۇپ بولغان؛

1877 - يىلى ۋەزىپىسىدىن بوشىنىپ يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن، دۆلەت ئىچىدىكى تۇرمۇشتىن بىزار بولۇپ بالا - چاقىلىرى بىلەن ياۋروپا، ئافرىقا ۋە ئاسىيادا ساياھەتتە بولغان. ئۇ ئامېرىكا زۇڭتۇڭلىرى ئارىسىدا-

كى جۇڭگوغا ئەلگ ئاۋۋال كەلگەن بىردىنبىر سابىق زۇڭتۇڭ؛
1880 - يىلى يەنە بىر قېتىم زۇڭتۇڭ سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىپ مەغلۇپ بولغان؛
1881 - يىلى سودا بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىرىشىپ ئۇدا مەغلۇپ بولغان؛
1883 - يىلى ئەسلىمە يېزىپ قەلەم ھەققىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن؛ 1885 - يىلى ئاتمىش ئۈچ يېشىدا ۋاپات بولغان.

## تەختكە چىقىش ئىستىكى يەنە بىر قېتىم مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى

1880 - يىل 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، ئامېرىكىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى چوڭ شەھەرلەردە چىقىدىغان گېزىتلەرنىڭ باش ستونىغا مۇنداق بىر خەۋەر بېرىلدى:
«سابىق زۇڭتۇڭ گرانت ئافرىقا ۋە ئامېرىكا قىتئەسىگە قىلغان ساياھىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بالا - چاقىلىرى بىلەن قايتىپ كەلدى. ئۇ كېلەر نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىش كويىدا!»
بۇ بىر پارچە خەۋەر 1877 - يىل 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تەختتىن چۈشۈپ ئۈچ يىلدىن بېرى ئۇن - تىنسىز يوقىلىپ كەتكەن گرانتنى يەنە بىر قېتىم جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان مەشھۇر ئەربابقا ئايلاندۇرۇپ قويدى!
گرانت شۇ چاغدا ھەقىقەتەن مېكسىكىدىن نيۇيوركقا يېنىپ كەلگەنىدى.
ئەر - خوتۇن ئىككىسى قاتتىق چارچاپ كەتكەچكە، مانخاتتون رايونىدىكى كۆپ قەۋەتلىك بىر مېھمانسارايغا ۋاقىتلىق ئورۇنلاشقانىدى. گرانت گەرچە مېھمان، بولۇپمۇ مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ساياھەتتىن قايتىپ كەلگەنلىك خەۋىرىنىڭ «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» دە

ئېلان قىلىنىشى گرانتنى ھەيران قالدۇردى.
— مەن ئەسلىدە ھېچكىمگە تۇيدۇرماي كېلىپ چوڭ سايلامغا جىمىمدە تەييارلىق قىلىمەن دېگەنىدىم، ھەي، ئۇلار بۇ خەۋەرنى يەنىلا ئاشكارىلىۋەتتى! — ئىككى يىلغا سوزۇلغان ئۇزاق سەپەر-دىن كېيىن، جەنۇب - شىمال ئۇرۇشىدا تۆمەنلىگەن قوشۇنغا قوماندانلىق قىلغان قەددى - قامەتلىك قۇرۇقلۇق ئارمىيە گېنې-رالى ئۆزىنىڭ ھارغىنلىقىنى يېنىدا تۇرغان جۇلىيىدىن يوشۇرال-ماي، — ھەقىقەتەن ئامال يوق ئىكەن! — دېدى.
جۇلىيە ئەزەلدىنلا گرانتنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى ئىدى. گرانتنىڭ نامى چىقمىغان چاغلاردا تەرەپتە جەڭ قىلىدى-غان ئېرىگە ئەگىشىپ يۈردى، جەنۇب - شىمال ئۇرۇشىدا ئۇ ئارمىيە سېپىدە بولدى، گرانت جەنۇب ئارمىيىسىنىڭ جازا يۈرۈ-شى ئالدىدا روھىي جەھەتتىن قىيىن ئەھۋالدا قالغان چاغدا، زىلۋا بۇ ئايال كەينىدە تۇرۇپ ئۇنى ئىلھاملاندۇردى ۋە قوللىدى.
جۇلىيە ئىككى يىل ئىلگىرى گرانت بىلەن ئاقسارايدىن ئايرىلغان ۋاقىتتا گرانتقا:
— مەن شۇنچە يىلدىن بېرى ئىقتىساد قىلغان پۇل بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ساياھەت قىلىشقا رازىمەنكى، ئۆي ئالمايمەن! — دەپ مەسلىھەت بەردى.
گرانت بۇ گەپنى چۈشەنمەي:
— ساياھەت قىلىش ئۆي ئالغاندىنمۇ مۇھىممۇ؟ — دېدى.
— ئەلۋەتتە مۇھىم، ھازىر سىز ھەل قىلىدىغان جىددىي مەسىلە — روھىي جەھەتتىكى پەرىشانلىقتىن قۇتۇلۇش. گرانت، ئۆزىڭىز دەڭسەپ بېقىڭ، بىز قولىمىزدىكى چەكلىك پۇلغا ئۆي ئالساق، ھازىرقى تۇرمۇشىمىزنىلا ھەل قىلالايمىز، ئەمما سىز-نىڭ كەلگۈسىدە سىياسىي جەھەتتىن قايتا باش كۆتۈرۈشىڭىزنى كاپالەتكە ئىگە قىلالمايمىز. شۇ پۇلنى ساياھەتكە سەرپ قىلساق، سىز روھىي جەھەتتىن خۇشال بولۇپلا قالماي، نەزەر دائىرىڭىز

كېتىۋېدۇ، نامىڭىز جاھانغا تارقىلىدۇ، چوڭ سايلام بولغان ھامان تەلىيىڭىز ئوڭدىن كەلسە ئەجەب ئەمەس! — دېدى جولىيە.

گرانت خوتۇنىنىڭ مەسلىھىتىنى ماقۇل كۆردى.

ئۇ تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن مەنۋى كرىزىسقا پېتىپ قالدى. بۇرۇن ئۇ ھەممە كىشىنى بىر ئېغىز گېپى بىلەنلا تىك تۇرغۇزۇۋېتەتتى. ئەمدىلىكتە ئۇ ھېچكىم پىسەنت قىلمايدىغان ئاددىي پۇقراغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇ بۇنداق غايەت چوڭ پەرقنى قانداق قوبۇل قىلالىسۇن؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇ 1877 - يىلى ئاقسارايدا ئۆتكەن ئىككى يىللىق ھاياتىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ ياۋروپاغا ساياھەتكە ماڭدى.

بىر ئۆمۈر جەڭ مەيدانلىرىدا ئات چاپتۇرۇپ ئۆتكەن ئامېرىكىنىڭ بۇ سابىق زۇڭتۇڭى فرانسىيىنىڭ پارىژ، ئەنگلىيىنىڭ لوندون، ئىتالىيىنىڭ رىم، مىلان ۋە ۋېنىتسىيىلەردە روھى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ياۋروپا گەرچە ئامېرىكىدىن يىراق بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى كىشىنى مەپتۇن قىلاتتى. گرانت ئاقسارايدا سەككىز يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ ئەڭ يۇقىرى سىياسىي سەھنىدە كۆرەشنىڭ مۇشكۈل بولىدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئاخىرقى ئىككى يىلدا ئىشچىلار ھەرىكىتىنى توغرا بىرتەرەپ قىلمىغانلىق ۋە جەنۇبتىكى قۇلدارلارغا بىر يۇمشاق مادارا قىلىش سىياسىتى يۈرگۈزگەنلىكى سەۋەبلىك ئۆز ئابرۇيىنىڭ بىراقلا چۈشكەنلىكىنى ھېس قىلدى. گرانت مانا مۇشۇ چاغدىلا سىياسىي كۆرەشنىڭ شەپقەتسىز ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىدى. ناۋادا گرانت جەنۇبلۇقلارغا يان بېسىپ شىماللىقلارنى رەنجىتكەن بولسا، بۇنى چۈشىنەتتى ھەم قوبۇل قىلاتتى: بىراق جەنۇبلۇقلارنىڭ ھەدەپ ئەيىبلىشى ئۇنى مەيۈسلەندۈرۈپ قويدى. شۇڭا 1876 - يىلى سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىپ ئۇدا ئۈچ نۆۋەت زۇڭتۇڭ بولۇش ئارزۇسىدا يۈرگەن گرانت ئامال يوق ئۆزىنىڭ خام ئىكەنلىكىنى كۆڭلىدە ئېتىراپ قىلىپ:

«مەن ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىشتا نۇقسانسىز سەركەردە، لېكىن زۇڭتۇڭ بولۇشقا مادارىم يوق ئىكەن!» دېدى.

ياۋروپاغا قىلىنغان ساياھەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن جۇلىيە ئېرىنىڭ كەيپىياتىنىڭ ھېلىھەم ساز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ساياھەتنى ئافرىقا ۋە يىراق ئاسىياغا قەدەر داۋاملاشتۇرۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

گرانتمۇ چەت ئەللەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى سەيلە ـ ساياھەت قىلىشنىڭ مەستانىسى بولۇپ قالغانىدى. ناتونۇش نېگىرلار ئافرىقىسىنى كۆرگەن گرانت دۇنيانىڭ چوڭلۇقىنى تۇنجى رەت ھەقىقىي رەۋىشتە ھېس قىلدى. بۇلۇپمۇ نامرات نېگىرلار ئۇنىڭغا دۇنيادا ئۇنىڭدىنمۇ بىتەلەي ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدۇردى. مىسىردىكى قەدىمىي پىرامىدا، سۇيسۇزۇك دوناي دەرياسى، ئافرىقىغا دەسلەپ كەلگەن ئامېرىكىنىڭ بۇ سابىق زۇڭتۇڭىنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سېلىپ، ئۇنى ئار ـ نومۇسقا پىسەنت قىلمايدىغان قىلىپ قويدى.

سۇدان، تۇنىس، لىۋىيە ۋە ماراكەشلەردە ئاز كۈن توختىغاندىن كېيىن، گرانتنىڭ كاللىسىدا يەرشارىنى ئايلىنىپ چىقىشتەك يۇرەكلىك بىر پىلان پەيدا بولدى، ئۇ بولسىمۇ قەدىمىي ھەم سىرلىق جۇڭگوغا بېرىش ئىدى!

گرانتنىڭ بۇ قارارى ھەتتا ئېرىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىدىغان جۇلىيەنىمۇ ھەيران قالدۇرۇۋەتتى. ئۇلار نېمىشقا ئاۋۋال جۇڭگوغا بارىدۇ؟ ئاسىيا شۇنداق چوڭ ھەم شۇنداق يىراق ئەمەسمۇ؟ گرانتنىڭ ئۆز ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بار ئىدى! ئۇ زۇڭتۇڭ بولۇپ تۇرغان سەككىز يىل ئىچىدە دۆلەت كېڭەشى كاتىپىدىن قەدىمىي جۇڭگو توغرۇلۇق رىۋايەتلەرنى تالاي قېتىم ئاڭلىغانىدى. گرانت بىر تەرەپتىن جۇڭگولۇقلارغا ئۆچ ئىدى، يەنە بىر تەرەپتىن شەرقتىكى ئاشۇ قەدىمىي دۆلەتكە نىسبەتەن ئۇنىڭدا بىر خىل سىرلىق تەلپۈنۈش بار ئىدى. 1869 ـ يىل 7 ـ ئايدا

شەرقىي دېڭىز ساھىلىغا جايلاشقان كالىفورنىيىدە يۈز بەرگەن جۇڭگولۇقلارنى چەتكە قېقىش ۋەقەسىدە گرانت جۇڭگولۇقلارنى چەتكە قېقىش مەيدانىدا تۇرغانىدى: ئىككى يىلدىن كېيىن سان فرانسىسكودا جۇڭگولۇقلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئۆلتۈرۈشتەك قانلىق ۋەقە سادىر بولدى. ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان زۇڭتۇڭ گرانت جۇڭگولۇقلارنى ئۆلتۈرۈش ۋەقەسىنى بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسكە سالدى.

گرانت 1879 ـ يىل يازدا بالا ـ چاقىلىرى بىلەن پاراخوتقا چۈشۈپ تيەنجىنگە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا سىرلىق زېمىن ئايان بولدى. گرانت پۇقرالار بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن بۇ مىللەتنىڭ ناھايىتى ئۇلۇغ مىللەت ئىكەنلىكىنى، ئەقىل ـ پاراسەتتە ئامېرىكىلىقلاردىن قېلىشمايدىغانلىقىنى چۈشەندى، لېكىن بۇ مىللەت تولىمۇ نامرات ئىدى؛ گرانت چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى ۋەزىرى لى خۇڭجاڭ بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، بۇ مىللەتنىڭ قالاق ۋە نامرات بولۇپ قېلىشى ئەسلىدە چىرىكلەشكەن بۇيۇك چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى.

بىرىنچى قېتىملىق ساياھەت ئاياغلاشقاندىن كېيىن گرانت بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ كېلەر نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ سايلام رىقابىتى ئۈچۈن ئاز ـ تولا تەييارلىق قىلماقچى بولدى. ئەمما خوتۇنى جۇلىيە ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىگە تولىمۇ بالدۇر قاتنىشىشىنىڭ يۈرىكى جاراھەتلەنگەن ئېرىگە پايدىسىز ھەم پات ئارىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان زۇڭتۇڭ سايلام رىقابىتىگىمۇ دەخلىسى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن گرانت نيۇيوركتا ئازراق دەم ئېلىپ يېڭى بىر ساياھەتنى باشلىدى.

1880 ـ يىل 1 ـ ئايدا باشلانغان بۇ ساياھەتنىڭ نىشانى باشقا بىر ناتونۇش زېمىن — لاتىن ئامېرىكىسى ئىدى! بۇ زېمىندا پاناما قانىلى، لاتىن ئامېرىكىسىنى ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئۆتىدى-

غان كولدىلىپر تاغ تىزمىسى بار ئىدى. كارايىپ دېڭىزى بىلەن مىكسىكا ئېگىزلىكى ئۆزىگە خاس سىرلىق مەنزىرە لىنىيىسى هاسىل قىلغانىدى، مېكسىكا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى چوڭ ـ كىچىك ئاراللار بىكارچىلىقتا يۇرگەن گرانتقا يېڭى بىر ئۇمىد بەخش ئەتتى.

بىراق، مەيلى ياۋروپا، ياكى ئافرىقا بولسۇن، مەيلى ئاسىـيا، ياكى لاتىن ئامېرىكىسى بولسۇن، مەنزىرىلىك يەرلەر هەرـقانچە كۆپ بولسىمۇ، تەختتىن چۈشكەن زۇڭتۇڭنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشىغا ئايلىنالمايتتى. ئۇلار پۈتكۈل دۇنيانىڭ تاغ ـ دەريالىـرىنى دېگۈدەك كۆرۈپ بولغاندا، يانچۇقلىرىمۇ بارغانسېرى قۇـرۇقدىلىشقا باشلىدى. دەل مۇشۇ چاغدا دۆلەت ئىچىدىن جۇمهۇـرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ پات ئارىدا كېلەر نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ نامزاتىنى كۆرسىتىدىغانلىقى توغرىسىدا خۇش خەۋەر كەلدى. گرانت بىلەن جۇلىيە بۇنىڭ دۆلەتكە قايتىشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرستى ئىكەنلىكىنى هېس قىلىشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇـلار يەنە نيۇيوركقا — گرانت ۋەزىپىسىدىن بوشىنىپ تاللىغان ماـكانغا قايتتى. بۇ ئۇنىڭ تەختتىن چۈشكەن باشقا زۇڭتۇڭلارغا ئوخشاشمايدىغان يېرى ئىدى. گرانت كۆنلىرىنى ئارامخۇدا ئۆتـكۈزۈش ئۈچۈن تۇغۇلغان يۇرتى ئوخىئو شتاتىدىكى پىلېئاسانتقا ياكى خوتۇنى بىلەن توي قىلغان هەم ئۇزۇن يىل بىللە ياشىغان مىسسۇرى شتاتىدىكى ساينت لۇۋىس بازىرىغا كەتمەي، ئاۋات شەهەر نيۇيوركنى تاللىدى.

گرانت نيۇيوركتا بىرئاي دەم ئالغاندىن كېيىن پارتىيە ئىـچىدىكى سايلام رىقابىتى تەييارلىقىغا جىددىي كىرىشىپ كەتتى. باشتا جۇلىيە ئىككىسى جۇمهۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى ئىچىدە زۇڭـتۇڭ نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلىش هېچقانچە گەپ ئەمەس دەپ قاـراشتى. چۈنكى گرانت پارتىيە ئىچىدىكى بۇرۇنقى ئابرۇيىنى تولىمۇ يۇقىرى چاغلىۋەتكەنىدى، ئۇ ئۇزۇن يىللىق ئۇرۇش داۋاـ

مىدا يوكسەك ئابرۇي تىكلىگەنىدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇدا ئىككى نۆۋەت زۇڭتۇڭ بولغانىدى. مەيلى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى ئىچىدە، ياكى خەلق ئارىسىدا بول-سۇن، گرانت تەسىرى ئۆچمەيدىغان ئەرباب ئىدى. جۇلىيە ئىك-كىسى بۇ ئەۋزەللىكلەر باشقا رىقابەتچىلەردە يوق دەپ ھېسابلاشتى.

تومۇز يېتىپ كەلدى.

گرانتنىڭ ھاياتىدىكى يەنە بىر قېتىملىق ھەل قىلغۇچ خا-راكتېرگە ئىگە ئېلىشىش مىنۇتسېرى يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىدا نام-زاتلىققا كۆرسىتىلىش ئۈچۈن، گرانت خوتۇنى جۇلىيە بى-لەن 6 ـ ئاينىڭ بېشىدا چىكاگوغا يېتىپ كەلدى، چۈنكى ئۇنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى مۇشۇ يەردە بىر تەرەپ بولاتتى.

جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى ئىچىدە زۇڭتۇڭ نامزاتىنى كۆرسىتىش كۈرىشى ناھايىتى كەسكىن بولدى. پارتىيىنىڭ مەم-لىكەتلىك قۇرۇلتىيى چىكاگودا يېڭىلا باشلىنىشى بىلەن، گرانت پارتىيە ئىچىدىكى بارلىق كۈچلەردىن پايدىلىنىپ، ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىشقا يەنە بىر قېتىم چۈشتى. ئەمما گرانت ناھايىتى تېزلا ئۈمىدسىزلەندى، ئەسلىدە ئۇنىڭ بۇرۇنقى يۈكسەك ئىناۋى-تى شۇ تاپتا پۇقرالارنىڭ نەزىرىدە بىر پۇلغا ئالغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى. بولۇپمۇ رەقىبى گارفيېلد ئىلگىرى ئانچە نام ـ ئاتىقى چىقمىغان بولسىمۇ، لېكىن ياش ھەم قابىلىيەتلىك بو-لۇپ، پارتىيە ئىچىدىكى كۈچلۈك گۇرۇھلارنى ئۆزىگە ئارقا تى-رەك قىلغانلىقتىن ئۇدا نەچچە قېتىم ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق كۈچ ئېلىشىپ، دەسلەپ ئۈچ يۈز تۆت ئاۋازغا ئېرىشكەن گرانتنى ناھايىتى تېزلا ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. رىقابەتنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا گرانتقا بېرىلگەن ئاۋاز بىراقلا ئازلاپ كەتتى. گارفيېلد پۇختا قەدەم بىلەن يۇقىرى ئۆرلىدى، شۇنداق قىلىپ

ئۇ باشقىدىن ئىش باشلاش قەستىدە بولغان گرانتنى مەغلۇپ قىلدى!

گرانت مەغلۇپ بولدى!

## سودىدا زىيان تارتىپ قەلەندەر بولۇپ كەتتى

1883 ـ يىل قىش كۈنلىرىنىڭ بىرى، يېرىم كېچە مەھەل ئىدى. نيۇيورك شەھىرى سوغۇق ئېقىمنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندىن قاتتىق قار يېغىپ كەتتى. گرانت لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قارغا قارىماي مانخاتتون رايونىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى بىر كوچىدا ئالدىراش كېتىۋاتاتتى.

گرانت ئەمدى باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا چىكاگودىكى زۇڭتۇڭ سايلام رىقابىتىدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ۋېست پوئېنت ھەربىي مەكتىپىدىن چىققان بۇ سابىق زۇڭتۇڭنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈش ئۈمىدى تەلتۆكۈس كۆپۈككە ئايلانغانىدى. ئىككىنچى قېتىملىق پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتتىن كېيىن سىياسىي ساھەدە ئىستىقبال تېپىش خام خىيالى پۈتۈنلەي بەربات بولدى. ھوقۇقنىڭ ئۇنىڭدىن يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى، ئەمدى سىياسىي ئىشلارنىڭ ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. سىياسىي جەھەتتىن كۈرەش نىشانىسىدىن مەھرۇم بولغانىكەن، ئۇنداقتا يېڭى بىر ھاياتلىق يولى تېپىش زۆرۈر ئىدى. بولمىسا گرانت جەمئىيەتتە پۇت دەسسەپ تۇرالمايتتى، ھەتتا تىرىكچىلىك قىلىش شەرتلىرىمۇ ھازىرلانمايتتى.

شۇنداق قىلىپ گرانت سودا بىلەن شۇغۇللىنىش قارارىغا كەلدى.

— جۇلىيە، مەن نېمىشقا سودا قىلىش يولىنى تاللىدىم، بىلەمسىز؟ چۈنكى مەن ئامېرىكا ـ مېكسىكا ئۇرۇشى ئاياغلاشقان چاغدا بىر مەزگىل سودا بىلەن مەشغۇل بولغان!

1880 ـ يىل كۈزدە، گرانت بىرىنچى قېتىم جۇلىيە بىلەن مېھمانسارايدا ئولتۇرۇپ، كەلگۈسى تۇرمۇشى توغرۇلۇق مۇزاكىرىلەشتى. شۇ چاغدا ئۇلار دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنى ساياھەت قىلىپ خېلى كۆپ پۇل بىلەن قايتىپ كەلگەنىدى. بۇ پۇلنى قانداق ئىشلىتىش مەسىلىسىگە كەلگەندە جۇلىيە يەنە بىر ئەجەللىك خاتالىق ئۆتكۈزدى. گرانت مۇشۇ پۇلغا نيۇيورك شەھەر سىرتىدىن باش تىققۇدەك بىر ئۆي سېتىۋالماقچى بولغاندا، جۇلىيە بۇ پۇلنى تىجارەت ئىشلىرىغا دەسمايە قىلاي دېگەن پىكىردە چىڭ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن گرانت بانكىنىڭ پاي چېكىگە مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق بېيىماقچى بولۇپ قولىدىكى پۇلنى دوغا تىكمەكچى بولدى.

بۇ ئىشقا جۇلىيە دەرھال قوشۇلدى. لېكىن ھەربىيلىكتىن كېلىپ چىققان ئېرىنى ئەسكەرتىپ:

— ناھايىتى ياخشى! ئەمما قاتتىق ئېھتىيات قىلىڭ. سىزنىڭ ئىلگىرىكى تەجرىبىلىرىڭىزنىڭ تولىسى زىيان تارتىش بەدىلىگە كەلگەن! بۇ قېتىم يەنە مەغلۇپ بولسىڭىز بولمايدۇ! — دېدى.

گرانت 1858 ـ يىلى ساينت لۇۋىستا سودا ئىشلىرىغا كىرىشىپ تارتقان ئازابلىق كۈلپەتلىرىنى بىلەتتى. ئۇ چاغدا گرانت ئارمىيىدىن چېكىنىپ ئائىلىسىگە قايتىپ كەلگەنىدى. ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ناتونۇش ئىدى. ئۇ دېھقانچىلىقنى بىلمىگەنلىكتىن ناھايىتى تېزلا ھالىدىن كېتىپ قالدى، ئۇ ئۆزىنىڭ دېھقانچىلىقنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى، شۇڭا مەبلەغ سېلىپ سودا ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇش ئارقىلىق ئائىلىسىنىڭ كۈنسايىن ئېغىرلاپ كېتىۋاتقان چىقىم مەسىلىسىنى ھەل قىلماقچى بولدى، ئەمما سودا قىلىش ئۈچۈن دەسمايە يوق ئىدى، ئۇ قەرز ئېلىپ پۇلنىڭ ئېپىنى قىلدى. گرانت ئەسلىدە ئۆي ـ مۈلۈك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللى-

نىپ بىراقلا بېيىپ كاتتا بايلار قاتارىدىن ئورۇن ئالماقچى بولغا-
نىدى. كىم بىلسۇن، ئۇ ساينت لۇۋىستا بېيىش بۇ ياقتا تۇر-
سۇن، ئەكسىچە دەسمايىسىدىنمۇ ئايرىلدى. ئۇ ئاخىر ئۆزىدە
سودىگەرچىلىك قىلىدىغان قابىلىيەتنىڭ يوقلۇقىنى نائىلاج ئېتى-
راپ قىلىپ، سودا ساھەسىدە ئورنىنى تولدۇرغۇسىز زىيان تار-
تىپ سالپايغان ھالدا ئارمىيە ساھەسىگە قايتتى!

گرانتنىڭ ھازىر سىياسىي مۇنبەرگە چىقىدىغان خىيالى كۆ-
پۈككە ئايلانغاندىن كېيىن خوتۇنى جۇلىيە بىلەن نيۇيوركقا قاي-
تىپ كېلىپ ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن سودىغا ئاتلاندى.

گرانتنىڭ شۇ چاغدا خېلىلا كۆپ پۇلى بار ئىدى. ئۇ بۇ
پۇللىرى بىلەن بىر مەبلەغ سېلىش شىركىتىگە پايچىك بولۇشنى
نىيەت قىلدى. گرانتنىڭ سالاھىيىتى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى
ئۆزىگە تارتىدىغان بولغاچقا، بىر مەبلەغ سېلىش شىركىتىنىڭ
لىدىرى بىر مەيخانىنىڭ ئايرىم خانىسىدا گرانتقا:

— گرانت ئەپەندى، مەن ۋەدە بېرىمەن، سىز مەبلەغ سېلىپ
بىزگە پايچىك بولسىڭىزلا، كېيىپ ئېيتىمەنكى، سىز پات ئارىدا
چوقۇم بېيىپ كېتىسىز! — دېدى

گرانت خۇشاللىقىنى باسالماي:

— جانابلىرى، راست دەۋاتامسىز؟ مەن راستىنلا دۆلەتمەن
بولۇپ كېتىمەنمۇ؟ مەن بۇنىڭدىن كېيىن سىياسىي مۇنبەرگە
چىقماي دۆلەتمەن بولۇپ كەتسەممۇ مەيلى! — دېدى.

لىدىر شېر مەيدىسىگە ئۇرۇپ گرانتنىڭ ئۇلۇغۋار ئارزۇسى-
نى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ۋەدە بەردى. گرانت «پات ئارىدا
دۆلەتمەن بولۇپ كېتىمەنغۇ» دېگەن شېرىن خىيالنىڭ قىزىقتۇ-
رۇشى بىلەن نيۇيورك شەھىرىنىڭ سىرتىدىن ئۈچىنچى دەرىجى-
لىك ئۆي سېتىۋالغىلى بولىدىغان پۇلنى كاللىسى قىزىپ كېتىپ
شېرنىڭ مەبلەغ سېلىش شىركىتىگە بېرىۋەتتى.

— بىراق سىز ئۆزىڭىزنىڭ پايچىك ئىكەنلىكىڭىزنى تالا -

تۆزدە ئاشكارىلاپ يۈرمەڭ! — گرانتنىڭ مەبلىغىنى قوبۇل قىلغان شىر شۇنداق دەپ گرانتقا قاراپ مۇغەمبەرلەرچە كۈلۈپ قويدى.

— ئېيتىڭا نېمىشقا؟ مەن نېمىشقا نامسىز پايچىك بولىمەن؟ — دېدى گرانت.

— چۈنكى سىزنىڭ سالاھىيىتىڭىز ئالاھىدە، سىز بۇرۇن زۇڭتۇڭ بولغان ئەمەسمۇ؟ — لىدىر شىر ئورۇنلۇق سۆزلەۋاتاتتى، — سىز بىزنىڭ پايچىك ئىكەنلىكىڭىزنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلسىڭىز. شىركىتىمىزنىڭ سودىسىغىلا ئەمەس، بەلكى سىزنىڭ نامىڭىزغىمۇ تەسىر يېتىدۇ! تەختتىن چۈشكەن بىر زۇڭتۇڭنىڭ مەبلەغ سېلىش شىركىتىگە مەبلەغ سېلىشى ھەر ھالدا شەرەپلىك ئىش ئەمەس!

— بوپتۇ! مەن ۋاقتى - ۋاقتىدا پايدىسىنى ئېلىپ تۇرسام بولدى! — دېدى گرانت، ئاق كۆڭۈل بۇ زات شۇ چاغدا كۆپ نەرسىلەرنى ئويلاپ كەتمەي لىدىر شىر ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرنىڭ ھەممىسىگە قوشۇلدى. كاللىسى قىزىپ كەتكەن گرانت ئۆزىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ پىلانلىغان تۇزاققا دەسسەپ سالغانلىقىنى ئويلىمىدى. ئۇ نېمىلا دېگەنبىلەن بىر سىياسەتچى بولغاچقا، نيۇيوركتىكى ئادەتتىكى بىر مەبلەغ سېلىش شىركىتىنىڭ ئۇنى يۈرەكلىك ھالدا ئالداپ كېتىشىدىن غەم قىلىپ ئولتۇرمىدى.

گرانت مەبلەغ سېلىپ بولۇپ خوتۇنى جۇلىيە بىلەن كۆڭلىدىكى رومانتىك تۇيغۇ ئىلكىدە ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ گەرچە چەت ئەلگە ساياھەتكە چىقىشقا ئەمدى پۇلى قالمىغان بولسىمۇ، ئەمما نيۇيورك ئەتراپىدىكى بىرقانچە شتاتلارنى ئايلىنىشقا كېتىدىغان خىراجەتنى يەنىلا ھەل قىلالايتتى.

گرانت خوتۇنى جۇلىيە بىلەن نيۇيوركتىن يولغا چىقىپ 1883 - يىل كۈزدىن تارتىپ 1884 - يىل يازغىچە سان فرانسىسكو، چىكاگو، فىلادېلفىيە ۋە سېنتاتل قاتارلىق جايلارنى ئايلاندى. ئۇلارنىڭ ساياھىتى ناھايىتى كۆڭۈللۈك بولدى. ئامې-

-رىكا بىلەن كانادا چېگرىلىنىدىغان جايدىكى نىكاراگۇئا شارقىراتـ-
-مىسىنىڭ سەلتەنەتلىك مەنزىرىسىدىن گرانت بىلەن جۇلىيە
ئەس - ھوشىنى يوقاتتى. دۆلەت ئىچىدىكى ساياھەت داۋامىدا
ئۇلار ھەتتا چەت ئەللەردە ساياھەت قىلغاندىكىگە ئوخشاش كۆڭۈل-
-سىزلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى، جۈملىدىن چىكاگودىكى سايلام رد-
-قابىتىدە ئىككىنچى قېتىم مەغلۇپ بولغان ئار - نومۇسىنىمۇ
ئۇنتۇپ قالدى. ئاشۇ خۇشاللىق مىنۇتلاردا گرانت جۇلىيە بىلەن
ئۇمىدىنى پات ئارىدا قوللىرىغا تېگىدىغان پايدىغا باغلىغانىدى.
ناۋادا ئىش شېرنىڭ باشتا ۋەدە قىلغىنىدىكىدەك بولسا، گرانت
شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سىياسىي ئىشلارغا ئارىلاشماي خوتۇنى بىـ-
-لەن كۈنلىرىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزەتتى!
ئەپسۇسكى ئىشلار ئۇنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە بولدى.
گرانت جۇلىيەنى ئېلىپ يىراق سەپەردىن نيۇيوركقا يەنە قايتىپ
كەلدى، ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغىنى قانداقتۇر ناھايىتى كۆپ بايلىق
بولماستىن، بەلكى كېتچېن نامىدىكى ۋەيران بولغان مەبلەغ
سېلىش شىركىتى ئىدى!
بۇ ئىشتىن ئاق كۆڭۈل گرانت ھەيران قالدى. ئۇ شۇ
چاغدىلا شېر ئىسىملىك شىركەت لىدىرىنىڭ ئەسلىدە پۇل مۇئا-
-مىلە ساھەسىدىكى ھىيلە - مىكىرلىك ئالدامچى ئىكەنلىكىنى
بىلدى. شېرنىڭ مەبلەغ سېلىش شىركىتى ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق
مەبلىغى يوق قۇرۇق نامى بار شىركەت ئىدى. شېر قەرزنى
قايتۇرۇشقا يەتكۈدەك پۇلنىڭ ئېپىنى تاپالماي يۈرگەن چاغدا،
تەختتىن چۈشكەن سابىق زۇڭتۇڭ بىر كۈنى مانخاتتوندىكى بىر
فرانسىيە ئاشخانىسىدا ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى. شېر سۇدا تۇن-
-جۇقۇپ ئۆلۈش ئالدىدا توساتتىن قۇتقۇزۇش بالونىغا ئېرىشكەن
كىشىدەك سىياسىيدىن ئىخلاسى قايتقان گرانتنى ئۇستىلىكگە تەك-
-لىپ قىلدى. شېر ھېچقانداق ئىشتىن خەۋىرى يوق گرانتنىڭ
قولىدىكى پۇللىرىنى ئىشلىتىدىغان ئورۇن تاپالماي قايغۇرۇپ

يۇرگەنلىكىنى بىلىپ، ئىشنىڭ ئوڭدىن كېلىدىغان پەيتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئويلاپ ئىچىدە خۇشال بولدى. شۇنىڭ بىلەن شېر ھەركۈنى گرانتنى مۇشۇ مەيخانىدا مېھمان قىلدى. گرانت ئەيش - ئىشرەت سورۇنىدا شېرنىڭ ئاتقان پوللىرىغا بارا - بارا مەپتۇن بولۇپ كەتتى. ئۇنى خەجلەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان بايلىق كۈتۈپ تۇراتتى! ئويلىمىغان يەردىن، شېرنىڭ قېچىپ كېتىشى بىلەن ئۇ شېرىن چۈشتىن چۆچۈپ ئويغاندى! گرانت شۇندىلا ئامېرىكا دوللىرىنى شېرغا تاپشۇرغان ۋاقتىدا، قارشى تەرەپنىڭ نېمىشقا ئۆزىنىڭ مەزكۇر شىركەتنىڭ ئاشكارا پايچىكى بولۇشىغا ئۇنىمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندى!

قاباھەتلىك چۈشتىن كېيىن گرانت ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى شۇئان باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى.

ئۇلارنىڭ يىغقان دۇنياسى بىر كېچىدىلا قوللىرىدىن چىقىپ كەتتى. شۇنچە يىللاردىن بېرى گرانت بىلەن جۇلىيە بىرەر يەردىن مۇقىم ماكان تۇتمىغانىدى، ئۇلار مەيلى نيۇيوركتا، ياكى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بارغاندا بولسۇن، سابىق زۇڭتۇڭ سالاھىيىتى بىلەن ھەشەمەتلىك مېھمانسارايلارغا چۈشكەنىدى. ئەمدى ئۇنداق قىلىشقا بولمايتتى، قارا قىشنىڭ جۇدۇنى نيۇيوركنى قاپلىغاندىن كېيىن گرانت بىلەن جۇلىيە ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم ماكان توغرۇلۇق قايغۇرۇشقا باشلىدى.

گرانت تېزلىك بىلەن كۆركەم مانخاتتون رايونىدىن چىقىپ كېتىشى زۆرۈر ئىدى. مانخاتتون رايونىدىكى مېھمانسارايلاردا ئۆزى ۋە بالا - چاقىلىرىنىڭ يېتىپ - قوپۇشى ئۈچۈن ھەربىر ياتاقتا ھەركۈنى ئاز دېگەندە ئون ئامېرىكا دوللىرى كېتەتتى، ياتاق ھەققى قىممەت ئىدى. ئۇ زۇڭتۇڭ بولۇپ تۇرغان چاغدا يىغقان پۇللىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى نەچچە يىلدىن بۇيان ياۋروپا، ئافرىقا ۋە ئاسىيا قىتئەلىرىگە قىلغان ساياھىتىدە خەجلەپ تۈگەتتى، تۇرمۇش خىراجىتى ئۈچۈن ئېلىپ قويغان قىسمىنى قۇرۇق

نامى بار ھېلىقى شىركەت ئالداپ ئېلىۋالدى. بىر تىيىن پۇلى قالمىغان گرانت نيۇيورك شەھەر ئەتراپىدىن بىر ئېغىز كونا ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ بالا - چاقىلىرىنى دەرھال ئورۇنلاشتۇرمىسا بولمايتتى.

ئۇرۇش ۋاقتىدا گېنېرال ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن سەككىز يىل زۇڭتۇڭ بولغان يۇقىرى دەرىجىلىك سىياسەتۋازدا يىراقنى ئويلايدىغان كاللا بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما ئۇ قىلدىن قېيىق كېتىپ ھاياتىنىڭ تۈيۈق يولىغا كىرىپ قالدى.

— بىر ئۆينى باشقۇرالمايدىغان ئادەم بىر مەملىكەتنى قانداقمۇ باشقۇرالىسۇن؟ — ئادەتتە ئېرىگە ئىللىق مۇئامىلە قىلىدىغان مېھرىبان جۇلىيە شەھەر ئەتراپىدىكى كەمبەغەللەر رايونىدىكى كىچىك ياغاچ ئۆيگە كۆچۈپ كىرگەندە چىرايىنى قايغۇ بۇلۇتلىرى قاپلىغان گرانتنىڭ يارامسىزلىقىدىن ئاغرىندى، — سىز تۇنجى قېتىم زۇڭتۇڭ بولغاندا بىرى سىزنى ھامان بىر كۈنى مەغلۇپ بولىدۇ دېگەنىدى. چۈنكى سىز ئەسكەر باشلاپ ئۇرۇش قىلىشنى بىلىدىغان ھەربىي ئىكەنسىز، باشقۇرۇش سەنئىتىنى زادىلا بىلمەيدىكەنسىز! شۇلار سىزگە توغرا باھا بېرىپتىكەن! — دېدى جۇلىيە، ئۇنىڭ بەزى گەپلىرى تولىمۇ ئاچچىق ئىدى.

گرانت ئامالسىز قالغانىدى. ئۇنىڭ ھەرقايسى ئەللەرگە ساياھەتكە چىققان چېغىدىكى سالاپىتىدىن، ئەينى يىللاردا ئاقسارايدىكى مەغرۇر قىياپىتىدىن قىلچە ئەسەر قالمىغانىدى.

— پۇل بولمىسا قانداق تىرىكچىلىك قىلىمىز؟ بىزگە ئوخشاش ئادەملەر مۇشۇنداق جايدا تۇرۇۋەرسە قانداق بولىدۇ؟ — جۇلىيە بىر سودىيەنىڭ ئەركە قىزى ئىدى، ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ ساينىت لۇۋىستىكى ناھايىتى باياشات بىر ئائىلىدە ياغ ئىچىدىكى بۆرەكتەك چوڭ بولغانىدى. گرانتقا تېگىپ ئۇرۇش مالىمانچىلىقىنىڭ دەردىنى تارتقان بولسىمۇ، لېكىن گرانت ھەر ھالدا يۇقىرى دەرىجىلىك گېنېرال ئىدى. ئۇ ھەربىيلەر ئائىلە

تاۋابىئاتلىرى سوۋېتتە كۆڭلىرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈپ كەلگەن-دى. كېيىن گرانت ئاقسارايدىن چىقىپ ئاددىي پۇقرا بولغان چاغدىمۇ، جۇلىيە تاماق ئالدىغا كەلسە يەيدىغان، كىيىملىرىنى ئەكېلىپ بەرسە كىيىدىغان ئېسىلزادە خېنىملاردەك تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەندى، مانا ئەمدى بىراقلا ئىنتايىن تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى، جۇلىيە ئۆزگىرىشلەرگە روھىي جەھەتتىن بەرداشلىق بېرەلمىدى.

— لېكىن ماڭا نېمە ئامال؟ — گرانت خانىمىنىڭ تاپا-تەنىسىگە جاۋاب قايتۇرالمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بالا-چاقىلىرىنى ياخشى تۇرمۇشقا ئىگە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلەتتى. ئەمما سودىغا قايتىدىن كىرىشىپ بۇرنىغا يەپ ئازغىنە ئائىلە بىساتىدىن ئايرىلىپلا قالماي، ھەتتا نيۇيورك شەھەر ئەتراپىدىكى ئادەتتىكى ئۆيىنىمۇ بۇرۇن قول ئاستىدا ئىشلىگەنلەردىن قەرز ئالغان پۇلىغا ئىجارىگە ئالغانىدى.

— گرانت، يەنە ئامال قىلىپ بېقىڭ. بىزنى بۇنداق نامراتچىلىق ئازابىغا قويىسىڭىز بولمايدۇ، نيۇيوركتا قول ئاستىڭىزدا ئىشلىگەن نۇرغۇن ئادەملىرىڭىز بار ئەمەسمىدى؟ — خوتۇنى ئېغىر موھتاجلىق ئاستىدا نائىلاج ئېرىنى قەرز ئېلىشقا دەۋەت قىلدى.

گرانت 1884 - يىلىدىن 1885 - يىلىنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئېغىر كۈنلەردە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تىرىكچىلىكى ئۈچۈن سابىق زۇڭتۇڭلۇق كىبىرىنى نائىلاج تاشلاپ، ھەركۈنى نيۇيورك كوچىلىرىدا ھەريان قاتراپ يۈردى. بۇرۇن ئارمىيىدىكى ۋاقتىدا قول ئاستىدا ئىشلىگەن، ئامېرىكا - مېكسىكا ئۇرۇشىدا دوستلۇق ئورناتقان سەپداشلىرى بار - يوقىدىن ئايرىلغان گرانتقا ھەمىشە خەيرخاھلىق قىلىپ ۋە ئۇنى قوللاپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بېرىدىغان پۇللىرى بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ھەرھالدا ئەدەب بىلەن مۇئامىلە

قىلاتتى؛ ئەمما گرانت ئاقسارايدا زوُڭتوُك بولوُپ توُرغان چاغلاردا تونوُشقان سىياسىي ساھەدىكى ئەربابلار ئوُنىڭغا سوغوُق ھەم شەپ-قەتسىز موُئامىلە قىلدى. بوُ ئادەملەر ئىلگىرى ئەمەل تەلەپ قىلىپ ئوُنىڭغا خوُشامەت قىلىشاتتى، ھەتتا ئالدىدا تىزلىنىپ سەجدە قىلىشقا تەييار توُراتتى. ھالا بوُگوُنكى كوُنگە كەلگەندە بوُ بىر توپ ئەمەلدارلار روھى سولغوُن سابىق زوُڭتوُكنى كوُرگەندە ئوُزلىرىنى ئوُنىڭدىن قاچوُروُشاتتى. ھەربىيلىكتىن كېلىپ چىق-قان گرانت بوُ ئىشلارنى كوُروُپ تىترەپ كېتەتتى. پوُل بار چاغدا ئەسسالام، پوُل يوق چاغدا ۋەسسالام دېگەن شوُ - دە!

1884 - يىل قىش كوُنلىرىنىڭ قار ياغقان بىر كېچىسى، گرانت بىر دوستىنىڭ ئوُيىگە پوُل قەرز ئالغىلى بېرىپ، قايتا-شىدا ئاچلىق دەستىدىن يول بويىدا يىقىلىپ قالدى. ھېلىموُ ياخشى بىر چارلىغوُچى ساقچى ئوُنى ئويغىتىپ، بىر توغرام قېزا ۋە بىر پارچە بولكا بېرىۋىدى، ئوُ ئاندىن ئوُزىگە كەلدى.

## قىلىچ بىلەن ئوردېنلىرىنى سېتىپ تىرىكچىلىك قىلدى

باش ئەتىيازنىڭ سوغوُق كوُنلىرى.

1885 - يىل باش ئەتىياز تولىموُ سوغوُق ئىدى. نيوُيورك ئىمپېرىيە بىناسىنىڭ كەينى تەرىپىدە بىر كىچىك كوچا بار ئىدى. ئوُ ئامېرىكىدىكى ئىچكى ئوُروُش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن پەيدا بولغان ئاسارئەتىقە بازىرى ئىدى. ئەينى يىللاردا ھەممە ئادەمـنىڭ ھـوُرمىتىگە ئېرىشـكەن مەشھوُر زوُڭتوُك گرانتنىڭ ئەر - ئايال ئاسارئەتىقە سودىگەرلىرىنىڭ ئارىسىدا ھەر كوُنى ماللىرىنى ھەممىسىدىن بەكرەك ۋارقىراپ ساتىدىغان ئاسارئەتىقە سېتىقچىسىغا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئويلىمىغانىدى.

ئاتمىش ئوُچ ياشقا كىرگەن گرانت ئوُچىسىغا سەل كونىرد-

غان شىنېل كىيگەن، قوللىرىنى يېڭگە تىقىۋالغان ھالدا ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، جېنىنىڭ بارىچە بوغۇلۇپ توۋلاپ نەرسە - كېرەك سېتىۋاتاتتى.

گرانتنىڭ ئاسارئەتىقىلىرىنى ھېچكىم سوراپ قويمايتتى. چۈنكى ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن ئادەملەرنىڭ ھېچقايسىسى توڭلاپ تىترەپ ئولتۇرغان بۇ بوۋاينى ئەينى يىللاردىكى سالاپەتلىك كاتتا زۇڭتۇڭ دەپ ئويلىمايتتى. لېكىن، بىرەرى ئۇنىڭ ئالدىدا توختاپ، تىزىپ قويۇلغان نەرسە - كېرەكلىرىنى بىر قۇر ئەستايىدىل كۆرسە، پارقىراپ تۇرغان ئوردېنلاردىن چىرايىدا قان دىدارى يوق، چاچلىرى ئاقارغان بۇ بوۋاينىڭ ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرىنى بىلىپ ھەيران قالغان بولاتتى. بولۇپمۇ گرانتنىڭ قولىدىكى نەپىس قىلىچتىن ھەرقانداق بىر ئادەم كۆزىنى ئۈزەلمەيتتى. ئۇ ئامېرىكا - مېكسىكا ئۇرۇشىدا گرانت مېكسىكىلىق بىر گېنېرالدىن ئولجا ئالغان قىلىچ ئىدى، ئوفىتسېرلىقتىن برىگادا گېنېرالى، گېنېرال لېيتېنانت، ئاندىن گېنېرال پولكوۋنىكلىققا ئۆستۈرۈلگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇ بۇ قىلىچنى يېنىدىن ئايرىماي كەلگەن، بۇ قىلىچمۇ چوڭ - كىچىك تالاي ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ئۇرۇشقا ماھىر گرانتقا ھەمراھ بولغانىدى.

مانا بۈگۈن قېرىلىققا قەدەم قويغان گرانت تۇرمۇشنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن جېنىدىن ئەزىز كۆرۈپ كېلىۋاتقان قىلىچى بىلەن پارقىراپ تۇرغان ئوردېنلارنى كۆزىنى يۇمۇپ سېتىۋېتىپ تىرىكچىلىك قىلماقچى بولۇۋاتاتتى.

«ھەي، كىشىلىك ھايات قىزىقارلىق ئويۇنغا ئوخشايدىكەن!» كۈنلىرىنى ھاياتنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچراپ ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتقان گرانت بەزىدە ئالدىدىن ئۇيان - بۇيان ئۆتۈشۈۋاتقان كىشىلەرگە قاراپ سوغۇق كۈلۈپ مۇشۇنداق دەيتتى. گرانت ئاخىرقى ئۆمرىدە كىشىلىك ھاياتنىڭ ئاجايىپ سىرلىق چوڭ سەھنە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى. دۇنيادىكى ئادەملەر گويا

سەھنىدىكى ئارتىسلارغا ئوخشايتتى، تەلىيىڭىز ئوڭدىن كەلسە پادىشاھنىڭ رولىنى ئوينايسىز، سەھنىگە چىقىپ تاماشىبىنلار-نىڭ ئالقىشىغا ۋە ھۆرمىتىگە نائىل بولىسىز؛ تەلىيىڭىز ئوڭدىن كەلمىسە، ھەزىلكەشكە ئايلىنىپ قالىسىز، پەرۋەردىگار سىزنى كىشىلەرنىڭ دىققىتى چۈشمەيدىغان سەھنىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا جاي-لاشتۇرۇپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سوغۇق مۇئامىلە بىلەن مەس-خىرىگە ئۇچرايسىز! ئۆمرىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا بايلىق ۋە شانۇ شەۋكەتكە سازاۋەر بولغان گرانت بىردىنلا ئۆتمۈشىنىڭ يادنامىسى بولغان قىلىچى بىلەن ئوردېنلىرىنى ساتىدىغان سېتىقچىغا ئايلى-نىپ قالدى.

گرانت 1884 ـ يىلى قىشتا توساتتىن سالامەتلىكىنىڭ سەل چاتاق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدى.

نيۇيورك شەھىرىدىكى ئاسارئەتىقە بازىرىدا ئاسارئەتىقە سې-تىپ يۈرگەن چاغدا گرانت ئاۋازىنىڭ خىرقىراپ چىقىۋاتقانلىقى-نى بايقىغانىدى. لېكىن ئۇ دىققەت قىلىپ كەتمىدى، ئۇ ھازىر بۇرۇنقى گرانت ئەمەس ئىدى، ئەينى يىللاردا ئازراق ساقىسىز بولۇپ قالسا، ئاقسارايدىكى دوختۇرلار دەرھال پاتىپاراق بولۇ-شۇپ داۋالايتتى. بىر ئۆينى قامدىيالماي قېلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە گرانت ئوردېنلىرىنى سېتىۋېتىپ ئاۋازى خىرقىراپ قالسا كىممۇ دىققەت قىلىدۇ دەيسىز؟ شۇڭا ئۇ گېلىنىڭ ئاغرىقىغا ئىمكان بار چىدىدى، لېكىن كۆپ ئۆتمەي خىرقىراش بارغانسېرى ئېغىرلاشقىلى تۇردى، توختىماي قاتتىق يۆتىلىدىغان ئەھ-ۋال شەكىللەندى.

ئۇنىڭ يۆتىلى زۇكام بولۇپ قالغان چاغدىكى يۆتەلگە پەقەت ئوخشىمايتتى. گرانت تۇرۇپلا بىر پەس قاتتىق يۆتىلىپ كېتەت-تى، بەزىدە خەپرۇك كېلەتتى، ئەمما ئاز كېلەتتى. قىشنىڭ قار ياغقان بىر كۈنى گرانت تۇكۇردى، تۈكۈرۈكىدە قورقۇنچلۇق قان بار ئىدى. ناھايىتى ئەپسۇسكى، كېكىردەك راكىنىڭ بۇنداق

روشەن ئالامىتى گرانت ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى جۇلىيەنىڭ دىققىتىنى قوزغىمىدى.
ئىككى ئايدىن كېيىن گرانتنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشتى. جۇ-لىيە ئېرىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھەم تاڭ ئاتقۇچە ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلۈپ ئىڭراپ ئۇخلىيالمايدى-غانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتى. جۇلىيە شۇ چاغدا نۆۋەتتە ئېرىنىڭ ھايات قېلىشىنىڭ ھەممە ئىشتىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەن بولسا كېرەك. چۈنكى ئۇلار مال - دۇنيادىن ۋە شانۇ شەۋكەتتىن ئايرىلغان، ئۇلارنىڭ ئەمدى ياش چاغلىرىدىكىگە ئوخشاش مېھماندەك ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن ئۇ باللىرىم بىلەن يەنە ياشايمەن دەيدىكەن، گرانتنىڭ ھايات تۇرۇپ بەرگىنى ھەرھالدا ياخشى ئىدى.
ئېرى ئۇنى دەپ بۇرۇنقى خاتىرە بۇيۇملىرىنى سېتىپ ئائى-لىسىنى بېقىپلا قالماي، بەزىدە يەنە ئاز - تولا ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇشقا ئېرىشەتتى. ناۋادا گرانت كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى راستىنلا بۇ ئالەمدىن كېتىپ قالسا، ئۇ ۋە باللىرى قانداق تىرىكچىلىك قىلىدۇ؟ شۇنىڭ بىلەن جۇلىيە ئورۇقلاپ جەينەك-تەك بولۇپ قالغان ئېرىنى دوختۇرغا كۆرۈنۈشكە دەۋەت قىلدى.
گرانت ئېرەن قىلمىدى، قاتتىق قىش كۈنلىرى ئۇ نيۇيوركتىكى ھېلىقى ئاسارئەتىقە ساتىدىغان بازارغا بار-ماي، نيۇيورك شەھەر سىرتىدىكى كىچىك ياغاچ ئۆيدە مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئىككى يىل ئىلگىرى قەلەم تەۋرەتكەن «گرانت ئەسلى-مىلىرى» دېگەن كىتابىنى يېزىشقا باشلىدى. ئۆزىگە ئوخشاش سابىق زۇڭتۇڭنىڭ يازغان «ئەسلىمىسى» ھامان بىر كۈنى قول-دىن چىققان تەقدىردىمۇ، بىرەر نەشرىيات سودىگىرىنىڭ كىتاب ئورىگىنالىنى سېتىۋالمايدىغانلىقى گرانتقا مەلۇم ئىدى. چۈنكى ئۆزىگە ئوخشاش كىشىلەر يازغان نەرسىلەر نەشرىيات سودىگەرلى-رىنى بېيىتىدىغان بازارلىق كىتاب بولالمايتتى، شۇنداقتىمۇ مەن-

سەپكە ئۇلتۇرۇپ ۋە مەنسەپتىن چۈشۈش بىلەن ئۆتكەن ھاياتى توغرۇلۇق ئەسلىمە يېزىپ قالدۇرۇشنى گرانت توغرا تاپتى. نەشر قىلىنمىغان ھالەتتىمۇ خوتۇن ۋە بالا - چاقىلىرىنىڭ مەنىۋى خاتىرە بۇيۇمى سۈپىتىدە ساقلاپ قويۇشىغا بولىسىمۇ ئەرزىيتتى. شۇڭا گرانت شەھەر ئەتراپىدىكى كىچىك ياغاچ ئۆيىدە توختىماي يېزىقچىلىق بىلەن مەشغۇل بولدى.

— گرانت، سىز قەلەمنى قويۇپ قويۇڭ، ئۇنداق تېتىقسىز نەرسىلەرنى يازغىنىڭىزنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ — ئويلىمىغان يەردىن خوتۇنى ئۇنى قوللىماي، دىققىتىنى ئېرىنىڭ كېسىلىگە يۆتكىدى، — سىز دوختۇرغا بېرىڭ، ئۇقتىڭىزمۇ؟ ئاۋازىڭىز نېمىشقا خىرقىراپ چىقىدىغان بولۇپ قالدى، ئۇقۇپ كەلسىڭىز بولمامدۇ؟

— ئاۋازىم خىرقىراپ چىقسا نېمە بوپتۇ؟

— بۇ بەلكىم مەلۇم قورقۇنچلۇق كېسەلنىڭ بېشارىتى!

— ئۇنداق ئەمەس، مەندە قورقۇنچلۇق كېسەل يوق، مېنىڭ ھەربىيلىكتىن كېلىپ چىققانلىقىمنى ئۇنتۇپ قالماڭ!

گرانت ئەسلىمىسىنى يېزىۋەردى، ئۇ جۇلىيەنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمايتتى. چۈنكى ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئالاھىدە ئىدى. ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئالدىنقى قىسمى جەڭ مەيدانلىرىدا ئۆتكەنىدى؛ كېيىنكى قىسمى گېنېراللىققا كۆتۈرۈلۈش ۋە زۇڭتۇڭلۇققا سايلىنىش ئارقىلىق شانۇ شەۋكەت تېپىش بىلەن ئۆتتى. ئىككى يىل دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ساياھەت قىلىپ ھاياتىنىڭ پەيزىنى سۈردى. شۇڭا تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرگە ئوخشاش مۇئامىلىگە ئۇچراش جاھاننىڭ ئىسسىق - سوغۇقىنى كۆرگەن گرانت ئۈچۈن ئادەتتىكى بىر ئىش ئىدى.

جۇلىيە قورقۇپ كېتىۋاتاتتى. راھەت كۆرۈپ جاپا تارتماي ئۆگىنىپ قالغان بۇ ئايال ئاخىر ئېرىنىڭ كېسەل ئەھۋالىنىڭ ئەمەلىيەتتە بىردىنلا ئېغىرلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقاپ چۆچۈپ

كەتتى. يۆتەل ۋە ئاۋازىنىڭ خىرقىراپ چىقىشى ئۇنى ئانچە قور-
قۇتالمىدى، كېكىردىكى ئاغرىپ كەتكەن چاغلاردا گرانت كارىۋات-
تا دومىلاپ كېتەتتى، نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىپ، گېلىدىن
تاماق ئۆتمەي، ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي جېنىنى قويىدىغان يەر
تاپالماي قالاتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا جۇلىيە قورقۇنچلۇق تەھ-
دىتنىڭ ئۆزىگە قاراپ شىپىقاپ كېلىۋاتقانلىقىنى غۇۋا
ھېس قىلاتتى.

بىر كۈنى جۇلىيە ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ
قالغان گرانتنى نيۇيوركتىكى بىر چېركاۋ دوختۇرخانىسىغا
ئاپاردى.

دوختۇر دىئاگنوزنى ناھايىتى تېزلا جۇلىيەنىڭ ئالدىغا قو-
يۇپ قويدى: ئېرى گرانت قورقۇنچلۇق كېكىردەك راكىغا گى-
رىپتار بولغانىدى. كېسەللىك ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ
قالغانىدى!

بۇ ئەھۋال جۇلىيەگە ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك بولۇپ
تۇيۇلدى، كۇتۇلمىگەن بۇ ئېغىر زەربىنى ئۇ ھەقىقەتەن كۆتۈرەل-
مەيتتى!

— بۇ كېسەلنى ئۇنۇملۇك داۋالىغىلى بولامدۇ؟ — جۇلىيە
ئېرىنىڭ قورقۇنچلۇق كېسەللىككە گىرىپتار بولغانلىقىنى ئۇقۇپ
بىردىنلا گرانتنىڭ ئۆزىگە قىلغان مېھرىبانلىقلىرىنى، ئۇنىڭغا
تەگكەندىن كېيىن ئۇنى ئادەتتىكى نۇرغۇن ئاياللار بەھرىمەن
بولالمايدىغان ھۇزۇر ـ ھالاۋەتكە ئىگە قىلغانلىقىنى ئەسلىدى.
گرانتنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن جۇلىيە دوختۇرغا
يىغلاپ تۇرۇپ يېلىنىپ:

— ناۋادا قۇتقۇزۇپ قېلىش ئامالى بولسا، داۋالاشقا كېتىدى-
غان چىقىمنى قەرز ئېلىپ بولسىمۇ تۆلەشكە رازىمەن! — دېدى.

— پۇل بولغان بىلەنمۇ بولمايدۇ، بەك كېچىكىپ
قاپسىلەر! — دېدى دوختۇر ئامالىنىڭ يوقلۇقىدىن بېشىنى

چايقاپ، — ئۇ نەچچە ئايلا، كۆپ بولغاندا يېرىم يىل ئۆمۈر كۆرە-
لىشى مۇمكىن.

جۇلىيە يىغلاپ كەتتى! بۇ ئۇنىڭ گرانت ئۈچۈن تۇنجى
قېتىم ھەسرەت چېكىپ يىغلىشى ئىدى.

## «ئەسلىمىلىرى»نى ۋاپات بولۇشتىن تۆت كۈن بۇرۇن يېزىپ بولدى

گرانت كىشىلىك ھاياتىنىڭ ئاخىرقى چاغلىرىنى قەيسەرلىك
بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى.

ئۇ پۈتۈن قىزغىنلىقىنى يېزىپ بولالمىغان «ئەسلىمە» سىگە
ئاتىۋەتكەنىدى.

1885 - يىل 1 - ئاينىڭ بىر كۈنى، ئوتتۇرا ياشلىق بىر
مۆتىۋەر ئۇنىڭ ئىشىكىنى چەكتى.

— سابىق زۇڭتۇڭ مۇشۇ يەردە تۇرامدۇ؟ — بۇ مېھمان نۇر-
غۇن يەرلەرنى سۈرۈشتۈرۈپ ئەڭ ئاخىر ئېگىز - پەس ياغاچ
ئۆيلەردىن تەركىب تاپقان نامراتلار رايونىغا كېلىپ ياغاچ ئۆينىڭ
ئىشىكىنى چەككەنىدى.

— سىز كىم بولىسىز؟ — جۇلىيە قارشى تەرەپكە گۇمانىي
نەزىرىنى تىكتى. ئۇلارنىڭكىگە بۇنداق ئېسىل مېھماننىڭ يولاپ
باقمىغىنىغا ئۇزۇن زامانلار بولغانىدى. شۇڭا ئۇ مۆتىۋەرنى خاتا
كىرىپ قالدى دەپ ئويلىدى.

ھېلىقى ئادەم بايىقى گېپىنى قايتا تەكرارلاپ:

— سابىق زۇڭتۇڭ گرانت راستىتىنلا مۇشۇ يەردە تۇرام-
دۇ؟ — دېدى.

— شۇنداق، لېكىن، ئەپەندى، سىز ماڭا ئۆزىڭىزنىڭ كىم-
لىكىنى دېمىدىڭىز؟ گرانتتا نېمە ئىشىڭىز بار؟ — جۇلىيە ئاقسا-
رايدا تۇرغان چېغىدىكىگە ئوخشاش كاتىپلىق رولىنى ئويناشقا

خۇشتار ئىدى. گرانت پۇقرا بولۇپ قالغان بولسىمۇ، جۇلىيە ئاغرىپ قالغان گرانتنى كىشىلەرنىڭ ئىزدەپ كېلىپ ئاۋارە قىلىشىنى خالىمايتتى. مۆتىۋەر ئىسىم كارتوچكىسىنى بەردى. ئىسىم كارتوچكىسىغا «خيۇستون كىتاب ئىدارىسىنىڭ باش دىرېكتورى نىۋنويې» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى، ئۇ قوشۇمچە قىلىپ:

— مەن ئالايىتەن خيۇستوندىن گرانت ئەپەندى بىلەن ئەسەر ھوقۇقىنى سېتىۋېلىش توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشكىلى كەلدىم! — دېدى.

— ئەسەر ھوقۇقىنى سېتىۋېلىش؟ — جۇلىيە بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى. چۈنكى نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئېرى سودا ئىشىغا كىرىشكەندىن بۇيان گرانت داۋاملىق سودىگەرلەر بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشقانىدى، لېكىن ئەسەر ھوقۇقىنى سېتىۋېلىش توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشكىلى بىرەرى ئۆزلۈكىدىن كەلگەن ئەمەس ئىدى. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا:

— سىز «ئەسلىمە» نىڭ نەشر ھوقۇقىنى سېتىۋالماقچى ئىدىڭىزمۇ؟ — دېدى.

— شۇنداق، شۇنداق!

— قالتىس بولىدۇ!

جۇلىيە نىۋنويې ئىسىملىك نەشرىيات سودىگىرىنى خۇشاللىق بىلەن ئۆيگە باشلىدى. ئېغىر كېسەل گرانت مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنى يېزىۋاتاتتى.

نەشرىيات سودىگىرى يېزىۋاتقان كىتابىدىن بېشىنى كۆتۈرگەن گرانتنىڭ پاخپىيىپ كەتكەن چاچلىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئۇ گرانت ئاقسارايدا ھوقۇق تۇتقان مەزگىللەردە ئۇنىڭ سۈرىتىنى گېزىتلەردىنلا كۆرگەنىدى. ئەمما شۇ تاپتا نەشرىيات سودىگىرىنىڭ ئالدىدا تۇرغان گرانت ئۇنىڭ خىيالىدىكى زوڭتۇڭغا پەقەت ئوخشاشمايتتى. پاخپايغان چاچلىرى ئارىسىدا يۈزى

قوشۇقتەك كۆرۈنەتتى، چىرايىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ نەشرىيات سودىگىرى گرانتنىڭ «ئەسلىمە» سى نەشر قىلىنغان ھامان نۇرغۇن سىرلارنى كىشىلەرگە ئاشكارىلىغىلى بولىدۇ دەپ قارايتتى. بولۇپمۇ جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يۈزبەرگەن ئاقسارايدىكى يۇقىرى قاتلامدىكىلەر-نىڭ سىرلىق كۆرەشلىرى تەسۋىرلەنگەن قوليازمىنىڭ يۇقىرى ئاخبارات قىممىتىگە ئىگە ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. شۇڭا ئەقىللىق نەشرىيات سودىگىرى ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن ئاياغ-ماي قىممىتى بار قولياز مىنى قولغا كىرگۈزۈش قارارىغا كەلگە-نىدى!

— مەن «ئەسلىمە» نىڭ نەشر ھوقۇقىنى ساتىمەن، سىز مەن دېگەن باھاغا كۆنەرسىزمۇ؟ — دېدى ساناقلىق كۈنلىرى قالغان گرانت خىيۇستوندىن كەلگەن نەشرىيات سودىگىرىنى قىزغىن قار-شى ئېلىپ. ئۇ ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى خوتۇن ۋە بالىلىرىغا يېتەرلىك تۇرمۇش راسخوتى تەييارلىشى كېرەك ئىدى.

— سىز ئوتتۇرىغا قويغان ئاپتورلۇق ھەققى مۇۋاپىق بولسا، مەن دېگىنىڭىزگە كۆنىمەن! — دېدى نەشرىيات سودىگىرى.

— ماڭا تۆت يۈز مىڭ بېرىڭ!

— ماقۇل، مەن سىزگە تۆت يۈز ئەللىك مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بېرىمەن، قانداق؟ — نەشرىيات سودىگىرى كېسىپ ئېيتتى.

«گرانت ئەسلىمە» سىنى ئورتاق نەشر قىلىش توغرۇلۇق توختام ئىمزالىدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ ساناقلىق كۈنلىرى قالغانلىقىنى بىلگەن گرانت «ئەسلىمە» سىنىڭ ئاخىرقى قىسمىنى كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ يېزىشقا كىرىشىپ كەتتى.

كىشىلىك ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە تۇرغان گرانتنى كېكىردەك راكى ئازابلاشقا باشلىدى. قولى قىسقا بولغانلىقتىن

دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىشقا يېتەرلىك پۇل يوق ئىدى. ئۇ پەقەت دورىغا تايىنىپ ئۆمرىنى ئۇزارتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە گرانت پۇلى بولسىمۇ، دوختۇرخانىدا ياتمايتتى، ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن «ئەسلىمە» سىنى يېزىپ پۈتتۈرۈشى زۆرۈر ئىدى.

ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى چاغلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان گرانت ئىلگىرى ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلغان ھەم ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتقان سىياسىي ساھەدىكىلەرنى ئەسلەشكە باشلىدى، گرانت ئاشكارا سورۇنلاردىن نام ـ نىشانسىز يوقالغانىدى. بولۇپمۇ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى ئىچىدىكى گرانت بىلەن جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولغانلار ئۇرۇش دەۋرىدە، جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشىدا ئاجايىپ تۆھپىلەرنى ياراتقان گېنېرالغا مۇشۇنداق سوغۇق مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئادالەتسىزلىك ھەم ۋىجدانغا خىلاپ ئىش ئىكەنلىكىنى توساتتىن ھېس قىلىشتى. جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىدىكى پارلامېنت ئەزالىرى بىرلىشىپ پارلامېنتقا مەكتۇپ يوللاپ، ئۇرۇش مەزگىللىرىدە ئۇرۇشتا ئاجايىپ تۆھپە ياراتقان گېنېرالنىڭ تۇرمۇش ۋە داۋالىنىش خىراجىتىنى ھەل قىلىش، ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى ساناقلىق كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىشتى.

1885 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، ئامېرىكا پارلامېنتى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىدىكى پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ تەكلىپىنى قاراپ چىقىپ «گرانتنىڭ گېنېرال پولكوۋنىكلىق ھەربىي ئۇنۋانىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەم تەمىناتتىن ئۆمۈرلۈك بەھرىمەن بولۇش» توغرىسىدا ئالاھىدە قانۇن لايىھىسىنى ماقۇللىدى!

بۇ ئالاھىدە قانۇن لايىھىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن نيۇيوركتىكى نامراتلار رايونىدىكى كىچىك ياغاچ ئۆيدە باش چۆكۈرۈپ «ئەسلىمە» يېزىۋاتقان گرانت ھەر ئايدا نۇرغۇن سوغۇرتا پۇلىغا ئېرىشتى. گرانتنىڭ سابىق زۇڭتۇڭ سۈپىتىدە شۇنچە

يىل بىكار يۈرۈپمۇ يەنىلا نۇرغۇن سوغۇرتا پۇلىغا ئېرىشىشى ئۆرنەك بولارلىق ئىش ئىدى. چۈنكى بۇنىڭدىن بۇرۇنقى سابىق زۇڭتۇڭلار بۇنداق مۇئامىلىگە ئېرىشىپ باققان ئەمەس ئىدى.

گرانتنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلاندى. ئۇ ئەمدى نيۇيوركنىڭ مانخاتتونىدىكى ئالىي دەرىجىلىك تۇرالغۇ رايونىغا كۆچۈپ كەتسە بولاتتى، خوتۇنى جۇلىيە ئېرىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە كېكىردەك راكىنىڭ ئازابلىشىغا ئۇچرىماي «ئەسلىمە» سىنى يې-زىپ پۈتتۈرۈۋېلىشى ئۈچۈن، كۈندە ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان بىر ئائىلە دوختۇرىنى ياللىۋالدى.

گرانت يېڭىۋاشتىن ئۇرۇش يىللىرىغا قايتتى. ئۇ-نىڭ پىكىر - خىياللىرى قاناتلاندى. ئۇ 1864 - يىل ياز پەسلىدىكى كورد پورتىدا بولغان جەڭدە كۆرسەتكەن ئاجايىپ تۆھپىسىنى ئەسلەپ غالىبلارچە تۈيغۇغا چۆمۈلۈپ ئېپتىخارلاندى. گرانت كەسكىن تاكتىكا قوللىنىپ شۇ قېتىمقى ھەل قىلغۇچ جەڭدە روبېرت لىي قوماندانلىقىدىكى جەنۇب ئارمىيىسىنى بىراقلا بىتچىت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن زۇڭتۇڭ لىنكولن ئۆزى قوماندان-لىق قىلغان تۆت يىللىق ئۇرۇش ئىستراتېگىيىلىك مۇداپىئەدىن ئىستراتېگىيىلىك ھۇجۇمغا ئايلاندى. دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە شۇ جەڭ بىلەن گرانت مەملىكەت مىقياسىدا بىراقلا نام قازاندى! ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مۇساپىسىگە قەدەم قويغان گرانت مانخاتتون رايونىدىكى ئېگىز ئىمارەتنىڭ بىر ئېغىزلىق ئۆيىدە مۇشۇ ئۇنتۇلغۇسىز ئىشلارنى ئەسلىگەن چېغىدا كىشىنىڭ قەلبىد-نى لەرزىگە سالىدىغان جەڭگاھ كۆرۈنۈشلىرى ئۇنىڭ قەلىمىدىن قەغەز يۈزىگە كۆچەتتى.

1885 - يىل كۈز پەسلى يېتىپ كەلدى.

نيۇيوركنىڭ مانخاتتون رايونىنى كۈز شاملى قاپلىدى، گرانتنىڭ كېكىردەك راكى كېسىلى ئېغىرلاشتى. ئۇ بارغانسېرى ياداپ كېتىۋاتاتتى، راك كېسىلىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا توختىد-

ماي قان تۆكۈرىدىغان بولۇپ قالدى. بەزىدە يېزىق ئۈستىلىگە يۆلەنگەن پېتى ھوشىدىن كېتەتتى. پۇتلىرى تىنىمسىز ھالدا قاتتىق تىترەيتتى.

«مەن يەنە يازىمەن، ئاخىرقى بىرنەچچە ئابزاس گەپ قالدى، يېزىۋەتسەملا تۈگەيدۇ!...»

ئېرى ھوشىدىن كەتكەندە، جۇلىيە نائىلاج ئائىلە دوختۇرىنىڭ ئېرىغا بىھوش قىلىدىغان دورا بېرىشىنى ئىلتىماس قىلاتتى. چۈنكى بۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق دورا گرانتنىڭ ئازابىنى يېنىكلىتەلمەيتتى!

«گرانت ئەسلىمىلىرى» ئاخىر يېزىلىپ بولۇندى!

گرانت بۇ ئەسىرىنى يېزىپ بولۇپ ئاخىرى يەنە بىر قېتىم ھوشىدىن كەتتى. ئۇ بۇ «ئەسلىمە» سىنى پۈتۈن كۈچ - ماغدۇرىنى سەرپ قىلىپ تۈگەتكەندى، كىمكىردەك راكى ئاخىرقى مەزگىلىدە قورقۇنچلۇق ئالۋاستىغا ئوخشاش گرانتنىڭ ئاجىز تېنىنى تەپ تارتماستىن نابۇت قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ «ئەسلىمە» سىنى نەشرىيات سودىگىرى ئەكەتتى، خوتۇنى تۆت يۈز ئەللىك مىڭ ئامېرىكا دوللىرى قەلەم ھەققىگە ئېرىشتى. بۇ ئەسەرنى نەشرىيات سودىگىرى ئەكېتىپ تۆتىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە گرانت ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېكىنى بېسىپ بولدى! ئۇ شۇ يىلى ئاتمىش ئۈچ ياشتا ئىدى!

گرانتنىڭ مېيىتى نيۇيورك شەھىرىدىكى دەريا ساھىلى باغچىسىغا قويۇلدى. ئۇنىڭ قەبرە تېشىغا: «كۆپچىلىك تىنچلىقنىڭ ھۇزۇرىنى خاتىرجەم سۈرگەي — ئولىسېس سىمپسون گرانتنىڭ ئاخىرقى ۋەسىيىتى!» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى.

**图书在版编目(CIP)数据**

36位美国总统的最后岁月/窦应泰著，雅森·赛依提译.—乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2003.1
ISBN 7-5371-4320-X

Ⅰ.3… Ⅱ.①雅… Ⅲ.总统-生平事迹-美国-维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.K837.127

中国版本图书馆CIP数据核字(2002)第079039号

责任编辑：麦苏提·哈力提
伊力哈尔江·沙迪克
责任校对：阿布列孜·阿巴斯
迪里亚尔·吐尔逊
封面设计：阿里甫·夏

# 36 位美国总统的最后岁月（2）

（维吾尔文）

窦应泰　著

雅森·赛依提　译

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路 100 号 邮编：830001）
新疆新华书店发行　乌鲁木齐八家户彩印厂印刷
850×1168 毫米　32 开本　7.375 印张
2003 年 1 月第 1 版　2003 年 1 月第 1 次印刷
印数：1－2000

ISBN7－5371－4320－X/I·2009　定价：9.50 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غالىب شاھ

# 36 نەپەر ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى




ISBN 7-5371-4320-X

ISBN7-5371-4320-X
(民文)　定价：9.50 元
(1—4 总价：38.00 元)